

روبېرت جامېس ۋاللېر (ئامېرىكا)

# كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش

—«كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» نىڭ داۋامى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

« كۆۋرۈكتە قالغان چۈش » 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن، ئۇلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالغان، بۇ ئەسەر ئاساسىدا ئىشلەنگەن فىلىممۇ پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا قاتتىق تەسىر قوزغىغان.

« كۆۋرۈكتە قالغان چۈش » يورۇقلۇققا چىقىپ ئون يىلدىن كېيىن، ۋاللېر سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ئەسەرنىڭ داۋامى بولغان « كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش » نى يېزىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر نەچچە يىلدىن بېرى كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تەقدىرىنى ئادەم رازى بولغۇدەك خۇلاسىگە ئىگە قىلدى.

« كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش » تىكى ۋەقەلىكلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمايدۇ، بىر ـ بىرىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلگەن ئۇ ئاشىق ـ مەشۇق ئەسەردە باشتىن ئاخىر يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسەرنى ئاجايىپ جەلىپكارلىققا ئىگە قىلغان. ئەسەردىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلار كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ھېسسىيات تولقۇنلىرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇلار « كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش » نى دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامىغا بولغان قىزغىنلىق سۇسلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور شۆھرەتكە ئىگە قىلغان.

كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش

نەشرىياتى

15
12.45
3

ISBN 7-228-09162-0
9 787228 091621

ISBN 7-228-09162-0
(民文)定价:11.50元

15
1712. 45
3

روبېرت جامېس ۋاللېر (ئامېرىكا)

# كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش

—— «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» نىڭ داۋامى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇردى ساۋۇت
ئارزۇگۈل ياسىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

梦系廊桥/(美)沃勒著;吐尔地·沙吾提译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.12
ISBN 7—228—09162—0

Ⅰ.梦… Ⅱ.沃… ②吐 …Ⅲ.长篇小说—美国
—现代—维吾尔文(中国少数民族语言)
Ⅳ.1712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 127741 号

责任编辑: 热合曼·马木提
责任校对: 帕丽达·艾力
封面设计: 艾克拜尔·沙力

**梦系廊桥**(维吾尔文)
(美)罗佰特·詹姆斯·沃勒著
吐尔地·沙吾提
阿孜古丽·牙生 译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 7.5 印张
2005 年 3 月第 1 版 2005 年 3 月第 1 次印刷
印数:1 — 3060

---

ISBN 7—228—09162—0 定价:11.50 元

بۇ كىتاب يىلىن نەشرىياتىنىڭ 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据译林出版社 2002 年 11 月第一版,2002 年 11 月第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : راخمان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى : پەرىدە ئەلى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش

ئاپتورى: روبېرت جامېس ۋاللېر (ئامېرىكا)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇردى ساۋۇت
ئارزۇگۈل ياسىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1/32 850×1168 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 7.5
2005 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3060
ISBN 7—228—09162—0
باھاسى: 11.50 يۈەن

# «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» : كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەسەر داۋامى

—— مۇھەررىردىن سۆز

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى دۇنيا ئەدەبىياتى ساھەسى-
دە دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش قىز-
غىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بەزى نەشرىيات سودىگەرلىرى ئوقۇرمەن-
لەرنىڭ بەزى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ
تەقدىرىگە بولغان قىزىقىش پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، نامى
چىقمىغان، ھەتتا تۇزۇك سەۋىيىسى يوق بىر قىسىم يازغۇچىلار-
نى ياللىۋېلىپ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يازغۇز-
دى. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نىڭ
داۋامى «سكارلېت» دۇنياغا كەلگەندە پۈتۈن يەر شارىدىكى ئو-
قۇرمەنلەر قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن
مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا
كېلىشكە باشلىدى، بەزى ئەسەرلەرنىڭ داۋامى يېزىلىپلا قال-
ماي، ئالدىنقى قىسمىمۇ يېزىلدى، ھەتتا بەزى ئەسەرلەرنىڭ
ئىككى ـ ئۈچ خىل داۋامى يېزىلدى، داۋامىنىڭ داۋامىمۇ يېزىل-
دى. لېكىن، بىر مەزگىللىك يېڭىلىق قىزغىنلىقى پەسەيگەن-
دىن كېيىن، كىشىلەر ئەسلىي ئەسەر بىلەن داۋامىنى سېلىشتۇ-
رۇپ كۆرۈپ، داۋامىدا يېڭى ۋەقەلىكنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى،
بەدىئىيلىكىنىڭ تۆۋەن، تەسىرچانلىقىنىڭ ئاجىز، ئۇسلۇب جە-
ھەتتە ئەسلىي ئەسەرگە يېقىنلىشىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ،

پەرقىنىڭ يەنىلا ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئەمەسلا بىر نېمە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمىدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامى ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالدى.

2002 - يىلى ئاپرېل، دۇنياغا مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ داۋامىنى يېزىش قىزغىنلىقى پەسىيىپ بولغان بىر مەزگىلدە، دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يەنە بىر داڭلىق ئەسەر — «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» («دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 5 - سانىدا بۇ ئەسەر «ۋىسال تاپمىغان مۇھەببەت» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنغان) نىڭ داۋامى «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» يورۇقلۇققا چىقتى ھەمدە ئۇزۇنغا قالمايلا ئامېرىكا ۋە خەلقئارادىكى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى باھاغا ئېرىشتى، ئارقىدىنلا پەۋقۇلئاددە بازارلىق كىتاب بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەر قانداق بولۇپ «ناچار شارائىت» ئىچىدە مۇنداق زور شۆھرەتكە ئېرىشىپ قالدى؟

«كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» ناملىق ئەسەر ئامېرىكا يازغۇچىسى ھەم فوتوگراف J • R • ۋاللېرنىڭ ئەڭ يېڭى ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئامېرىكىدا زىلزىلە قوزغاپ، ئامېرىكىدىكى بازارنى ئىتتىك چوڭ - چوڭ گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىپ چۈشۈپ، ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن، تىراژى نەچچە ئون مىليونغا يەتكەنىدى.

«كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» يورۇقلۇققا چىقىپ 10 يىل بولغان، تىراژى 12 مىليونغا يەتكەن بىر ۋاقىتتا، ۋاللېر سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى جاھان كېزىپ يۈرىدىغان فوتوگراف بىلەن ئىئوۋا شتاتىدىكى دېھقان ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئاجايىپ تەسىرلىك

بىر خۇلاسىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىز «كۆۋرۈكتە قالغان
چۈش» نىڭ داۋامى بولغان «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» نى كۆ-
رۈشكە، بىزگە تولىمۇ تونۇش بولغان ئىككى ئىسمىنى، يەنى
فىرانسىسكا جونسون بىلەن روبېرت كىنكايىنىڭ ئىسمىنى يەنە
ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. پۈتۈن دۇنيادىكى سانسىزلىغان ئو-
قۇرمەنلەر نەچچە يىلدىن بېرى كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان بىر
جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ تەقدىرى ئاخىر ئادەم رازى بولغۇدەك
خۇلاسىگە ئىگە بولدى.

«كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» نىڭ مۇنداق شۆھرەت قازىنى-
شىدىكى بىر سەۋەب «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» دېگەن ئەسەر
ۋە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى كىشىلەرنىڭ كاللىسى-
دىن ھازىرغىچە چىقىپ كەتمىگەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر سە-
ۋەب، ھەر ئىككى ئەسەرنىڭ بىر ئاپتورنىڭ قولىدىن چىققانلىقى-
دىن بولغان. بۇنىڭ بىلەن تىل ئۇسلۇبى ۋە تەپەككۇر يولىدا
تۇسالغۇ بولمىغان، ئوقۇرمەنلەر 10 يىل ئىلگىرىكى «كۆۋرۈكتە
قالغان چۈش» تىكى كەيپىيات ئىچىدە 10 يىلدىن كېيىن يەنە
قايتا مەست بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. «كۆۋرۈككە باغلانغان
چۈش» تىكى ۋەقەلىكلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىق-
مايدۇ، بىر - بىرىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بەرگەن بىر جۈپ
ئاشىق - مەشۇق باشتىن - ئاخىر يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ. بۇ
ئەھۋال بۇ ئەسەرنى ئاجايىپ جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. ئەسەر-
دىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلار كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، پېر-
سوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ھېسسىيات توقۇنۇشلىرى
ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇلار «كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش»
نى دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ داۋامىغا بولغان قىز-
غىنلىق سۇسلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور شۆھرەتكە
ئىگە قىلغان.

# ئاپتوردىن

كېيىنەك گۈللەرگە پۈركەنگەن قويۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن، تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان توپىلىق سەھرا يوللىرىدىن ناخشا ئاۋازلىرى پات - پات ئاڭلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەنە شۇنداق ھېكايىلەرنىڭ بىرى.

مەن «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» ناملىق ئەسىرىمنى مۇشۇ سۆزلەر بىلەن باشلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ھېكايە ئىدى. بەزىدە ھېكايىلەرنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە ساقلاپ تۇرغىنىممۇ ياخشى، بولمىسا ئالدىنى تالىشىپ باشقا ئىشلارنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ قويىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش»نىڭ ئوقۇرمەنلىرىدىن سانسىزلىغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، ئۆسمۈر ئوغۇل - قىزلارمۇ، شوپۇرلارمۇ، ئائىلە ئاياللىرىمۇ بار، يەنە ئادۋوكات، ئوچقۇچى ۋە نېفت ئىشچىلىرىمۇ بار. نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ پارچە خەت دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۇچۇپ كەلدى، ھەممىسىدە گۈزەل قاراشلار، ئىسىل تىلەكلەر.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەتلىرىدە ئۆز ئارزۇلىرىنى يازغان. ئۇلارنىڭ روبېرت كىنكاي بىلەن فرانسىسكا جونسوننىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى، يەنى ئۇلارنىڭ تۇمۇشىنى، ئۇلار ئىئوۋا شتاتىدىكى مادىزون ناھىيىسىدە تۆت كۈننى بىللە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلىشنى بەكمۇ خالايدىكەن. يىراق، تىمتاس قىيرمىدا تىنچ،

خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆزۈم تەتقىق قىلىۋاتقان ئىقتىـ
سادشۇناسلىق، ماتېماتىكا ۋە جاز گىتارىنى قايتىدىن قولۇمغا
ئالغىنىمدا، كونا خاتىرىلەرنى قايتا ئاختۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى
يوق دەپ قارىغانىدىم، قايتا بىر نەرسە يېزىشقىمۇ ئىلھامىم يوق
ئىدى. لېكىن، مەلۇم بىر يەردە، مەلۇم ۋاقىتتا، قانداقتۇر
بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن، بىر ئوقۇرمەنىنىڭ مەندىن ئۆچۈر تەلەپ
قىلىپ يازغان بىر پارچە خېتىنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن
بۇ ھېكايىنىڭ قالغان قىسمىنى سۆزلەپ بېرىش نىيىتىگە كەلـ
دىم.

مەن مۇمكىن بولمايدۇ دېيىلىدىغان ئىشلارنى ۋە پۇرسەت
دېگەنلەرنى ئەزەلدىن تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن. «كۆۋرۈكتە
قالغان چۈش» قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ چىقىلغان، ئائىـ
لەمدىكىلەرگە ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە سوۋغات سۈپىتىدە
يېزىلغان كىچىك بىر ھېكايە ئىدى. مەن ئۇ ئەسەرنى يازغان
ۋاقتىمدا ئۇنى نەشر قىلدۇرۇش خىيالىم يوق ئىدى، ئۇنداق
نىيەتتىمۇ بولۇپ باقمىغانىدىم. لېكىن، ھازىر ئۇ 35 خىل،
ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ خىل تىللاردا نەشر قىلىنىدى. ئۇ ئەسەرـ
نى ئەسلىدە ئەرزان باھالىق بىر ماشىنكىدا ئۇرۇپ چىققانىدىم.

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مەندىن ھەر خىل سوئاللارنى سورىـ
غانلار ۋە ئوخشاش بىر قىزىقىشتا بولغانلار بار. مانا ھازىر
قولۇڭلاردا تۇرغىنى بۇ ھېكايىنىڭ قالغان قىسمى. ئەگەر سىز
«كۆۋرۈكتە قالغان چۈش»نى ئوقۇماي يالغۇز مۇشۇ ئەسەرنىلا
ئوقۇسىڭىز، بەلكىم تازا چۈشىنەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. «كۆۋـ
رۈكتە قالغان چۈش» نى ئوقۇغانلار بولسا، مېنىڭچە، باشقا ئىشـ
لاردىن سىرت، روبېرت كىنكايىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئويلىـ
مىغان بىر خۇشاللىققا ئېرىشكەنلىكىنى بايقايدۇ.

روبېرت جامېس ۋاللېر

2001 ـ يىلى يېڭى يىل ھارپىسى دېل
نورت تاغلىق رايونىدىكى قاقاس ئېگىزلىك

# روبېرت كىنكاي

شۇنىڭ بىلەن:
قوپال سالما يەنە تاشلاندى،
بەلكىم ئىلگىرىكىدەك
ئەمەس ئېگىز، شىددەتلىك،
لېكىن سالما يەنىلا
پىرقىرايدۇ بېشىڭ ئۈستىدە
«ۋىتز - ۋىتز» قىلىپ
يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك،
كۆن نۇرى سالما ئىچىدە
لەرزان ئوينايدۇ،
سالما سايىسى
چۇشۇپ ئاشۇ ئۆتكەن ئىشلارغا،
ئەسلىتىدۇ كۆكلۈك چاغنى...

... سالما تەخىرسىز هالدا يەرگە چۈشتى، ئۇزۇن ھەم ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولغا چۈشتى، سەن ئاشۇ يەردىن ئاناڭنىڭ باليانقۇسىدا تەمتىلەپ مېڭىپ بۇ يەرگە كەلدىڭ: قويۇق تۇمان پۈكۈپ قولتۇقنى ئوراپ تۇرىدۇ، سەن ھەر سەيشەنبە كۈنى كەچتە شورتېيىل مەيخانىسىغا كىرىپ كۆمىنىس ساكسوفون بىلەن ئورۇندىغان يېقىملىق مۇزىكا «كۆز ياپراقلىرى»نى پۈتۈن ئىشتىياقىڭ بىلەن ئاڭلايسەن.
مانا بۇ سېنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭنىڭ

خۇلاسىسى، ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. سەن بۇ دۇنيادا يەنىلا تىكەندەك يالغۇز ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەن، توخلاتقۇنىڭ «ۋىڭ - ۋىڭ» ئاۋازى ئەسلىمىلىرىڭنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئاخىرقى پادىچى ۋە ئۆتكەن - كەچكەن بارلىق ئىشلار شۇنداق بولدى. ئىلگىرى سەن ئۇچۇن يول ئېچىپ بەرگەنلەر كەتمەكچى ياكى كېتىپ بولدى، ھەسەن - ھۈسەن ئىلاھى رەڭدار نۇرلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالدى، ياشانغان ئالىم ئاخىرقى ماكانىنى تېپىپ پەرىشتىگە ئايلىنىپ بولدى. ھازىر قالغىنى پەقەت سېنىڭ ئەسلىمىلىرىڭنىڭ ساداسى، توخلاتقۇنىڭ «ۋىڭ - ۋىڭ» ئاۋازى ۋە سەيشەنبە كۈنى كەچتە كۆمىنىس ئورۇندىغان ساكسوفوننىڭ ئاۋازى.

ئادەمدە ئوخشىمىغان تۇرمۇش شارائىتىدا ئوخشىمىغان ھېسسىيات پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خىل ھېسسىيات سەن بىلەن ئاشۇ ئايالغىلا تەئەللۇق بولسا كېرەك. ئۇ ئايال سەن ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولۇپ قالغان، لېكىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ باقساق ئۇنى ھەرگىزمۇ پۇرسەت دېگىلى بولمايتتى. بۇ تەرىپى ساڭا باشتىن - ئاخىر ئايان، بەلكى بۇنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلغان بولۇشۇڭ مۇمكىن.

ئۇ ئايال ئۆزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ چىقالىغان بولسا، بۇ ھەرىكىتى ئۇنى بەلكىم باشقىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمگە، سەن بىلەن بىر نەچچە كېچە - كۈندۈزنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئايالغا ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولار ئىدى. نىيەت ۋە ھەرىكەت ئەسلىدىنلا ئاشۇنداق نەتىجە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ سەن بىلەن بىللە ماڭغان بولسا بەلكىم سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق تەۋەككۈلچىلىككە ئۆزۈڭنى ئۇرغان، ھەممە ئىشتا تېزلا بىر بۇرۇلۇش ياسىغان بولار ئىدىڭ.

ھازىر 1981 - يىلى نويابىرنىڭ بىر ئەتىگىنى، سوغۇق

تۇمان سۇ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدۇ. سەن كونا نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋاتقان ھويلىدىن بەش ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان شىرە ئۈستىدە پوچتا يوللانمىلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇلار بېللىنھامدىكى تۇرالغۇ بىنانى چېقىپ تۈزلەپ ئورنىغا سودا مەركىزى بىناسى سالغاندىن كېيىن، سەن كېمە بىلەن بېرىپ ئۇ شىرەنى ئەكېلىۋالغان. كونۋېرتلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ھەممىسى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن كەلگەن خەت - چەكلەر. قىسمىدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى خادىملىرى سېنى يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇلار چۈشەنمەيدۇ، سەن ئۇلارنىڭ خەت - چەكلىرىدىن بىزار، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق نەرسىسىنى قوبۇل قىلغۇڭ يوق. ئۇ كونۋېرتلارغا: «ئىگىسىگە قايتۇرۇلسۇن» دېگەن سۆزلەر بېسىلغان.

لېكىن، خەت ساندۇقىدا ئېلان خاراكتېرلىك نەرسىلەر بولمىسىلا بۇ خەتلەرنى چوڭ ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئېلانلار سېنى ئۆزۈڭ ئۈنچە موھتاج بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە كىنوخانىسى دېگەندەك نەرسىلەر. ئائىلە كىنوخانىسى دېگەن قانداق نەرسە؟ ئەگەر ئۇنى سېتىۋالغۇدەك پۇلۇڭ بولسا (سەندىمۇ پۇل يوق)، سېتىۋالساڭمۇ نېمە قىلىسەن؟

روبېرت كىنكاي 68 ياشقا كىردى. ئۇ بىر قولىدا تولا سۇركىلىپ ئۇپراپ كەتكەن سېرىق ئاسما باغنى يۇقىرىغا تارتىپ قويۇپ، يەنە بىر قولىدا تۇكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئوۋ ئىتى چوڭ يولنىڭ بويىنى سىلىدى، ئاندىن «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. تۇمان ئىچى ياكى تۇماننىڭ ئارقىسىدىكى مەلۇم يەردە پاكار بىر چاتما كېمە سېئاتل قولتۇقىدا ئالدىراش يۈرىدۇ.

روبېرت كىنكاي دېرىزە يېنىغا قويۇلغان تۆت تارتمىلىق ھۆججەت ئىشكاپىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى تارتمىسىنى ئاچتى. تارتىلغان سۈرەتلەرنىڭ سۇلياۋ ئىچىگە ئېلىنغان پروييېكسىيە پلاستىنكىلىرى قاتار ئېسىقلىق تۇراتتى. مانا بۇلار ئۇنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى. پروييېكسىيە پلاستىنكىلىرى بىر قاتارغا بەشتىن تىزىلغان، بىر بەتتە يىگىرمىسى بار ئىدى. بۇلار پۈتۈن ياشلىقىنى ياخشىراق سۈرەت تارتىش يولىدا قاتراپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بىر ئەرنىڭ تۇرمۇشى ئىدى. روبېرت كىنكاي پلاستىنكىدىن بىرنى ئېلىپ ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىغا تۇتتى. ئۇنىڭدا مومباسا پورتىدىكى بىر پىرىستان ئىشچىسى نامايان بولدى. ئىشچىنىڭ مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، بېشىغا بۆك كىيگەن، چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ 1954 ـ يىلى بولسا كېرەك، 27 يىل ئاۋۋالقى ئىش.

ئىككىنچى پلاستىنكىدىكىسى كىچىك بىر يىلپىز ئىدى. ئۇ ئاپپاراتنىڭ كۆزىگە، روبېرت كىنكايغا قاراپ تۇراتتى: 1971ـ يىلى، نېۋفوندلاندنىڭ سىرتىدىكى لەيلىمە مۇز ئۈستىدىكى كۆرۈنۈش. يەنە بىرى مالاكا دېڭىز بوغۇزى بويىدىكى كۆرۈنۈش: ئەرلەر ئالتە پالاقلىق قېيىقلاردا دېڭىزغا چىققان، قوللىرىدا يەمچۈك ئۆتكۈزۈلگەن قارماق، لېكىن ئۇمىد يوقنىڭ ئورنىدا، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۇ ئەتراپتا بېلىق تۇتۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان، ئادەملەرمۇ كۆپ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىدە باسكې رايونىنىڭ ياز مەنزىرىسى. روبېرت كىنكاي بۇ سۈرەتنى ئىيۇننىڭ سوغۇق بىر كۈنى ئامۇندسېن[1] ئۆز ۋاقتىدا ماڭغان بېئاۋفورت دېڭىز بويىنى بويلاپ يۈرۈپ تارتقان. ھىند-

① ئامۇندسېن (1872—1928) نورۋېگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، غەربىي شىمال سۇ يولى بىلەن تۇنجى قېتىم ئالياسكىغا ماڭغان، 1911 ـ يىلى جەنۇبىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ جەنۇبىي قۇتۇپقا ئەڭ بالدۇر بارغان.

دىستانىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان پىررىيار كۆلىنىڭ بويىدىكى قو-يۇق چاتقاللىق ئارىسىدا بىر يولۋاس مارىلاپ تۇرىدۇ. يەنە بىر پارچىسىدا كۆك قۇتاننىڭ كۆرۈنۈشى، تاڭ سەھەر مەزگىلى، كۆك قۇتان تووۇنسىند پورتى يېنىدىكى سۇ يۈزىدە قاناتلىرىنى لەرزان سوزۇپتۇرىدۇ. بۇ سۈرەت ئادەمگە كۆمىنىس ئورۇنلىغان «شەرەنداز ئايال» دېگەن مۇزىكىنىڭ تۆتىنچى تاكتىنى ئەسلىتىدۇ.

يەنە بار. مېكسىكىلىق سەھرا قىزى ئېتىزدا قايرىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ، بېشىدا يۇمشاق چىغ قالپاق، ئۇچىسىدا قوپال رەختتىن تىكىلگەن كىيىم. سۈرەتنىڭ چېتىگە قىزنىڭ ئىسمى ۋە كەنتنىڭ نامى رەتلىك قىلىپ يېزىلغان: مارىيە دې. ر. لۇسى سانتوس، 1979 ـ يىلى مېكسىكىنىڭ سېلايا كەنتىدە تارتىلغان. ئۇ روبېرت كىنكاي بىر ژۇرنال ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئورۇنداپ بەرگەن مۇھىم ۋەزىپە. ئۇ ۋەزىپىنىڭ چىقىمى ناھايىتى تۆۋەن مۆلچەرلەنگەن، روبېرت كىنكاي ئاخىرىدا يېنىدىن پۇل قوشۇپ يۈرۈپ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان. ئۇ مارىيە دې. ر. لۇسى سانتوسنىڭ ئەھۋالىدىن ھازىر خەۋەرسىز. ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ كەنتتىمىدۇ؟ تومۇز ئىسسىقتا ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرەمدىغاندۇ؟

يەنە بىر سۈرەت، شىمالىي داكوتا شتاتىدا كۈز، قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ. چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايدىغان، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر ئادەم غايەت زور بىر سېرىق ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرىدۇ: جېك كامىنى، 1975 ـ يىلى دافوركسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتىزدا كومبايىن يېنىدا تارتىلغان.

ئارخىپتا ساناپ تۈگەتكۈسىز سۈرەتلەر بار. روبېرت كىنكاي ئەڭ ياخشى تارتىلغان سۈرەتلەرنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆلچىمى ناھايىتى يۇقىرى، سۈرەتلەرنى رەتلەپ تۈرگە ئايرىغاندا

كۆڭلىدىكىدەك چىقمىغان سۈرەتلەرنى تاشلىۋېتىدۇ ياكى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۆزى ياقتۇرۇپ ئېلىپ قالغان ھەربىر پارچە سۈرەتنىڭ تارتىلغان ئېنىق ۋاقتى، ئورنى ۋە زاتۋورنى باسقان چاغدىكى يورۇقلۇق شارائىتى ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە، ھەتتا ئەينى چاغدا دىمىغىغا ئۇرۇلغان پۇراقلارنىمۇ ئېنىق ئەسلىيەلەيدۇ. پېررىيار كۆلى يېنىدا تارتىلغان سۈرەت ئۇنىڭغا كەررى پۇرىقىنى ئەسلىتىدۇ، باسكېدا تارتىلغان سۈرەت ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆچكە گۆشىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بېئاۋفورتتا تارتىلغان سۈرەتلەر ئۇنىڭغا تازا ئوخشىمىغان تاماقلارنى ئەسلىتىدۇ. ئاساسلىقى سىرتقا چىققانلاردا يەيدىغان ئاددىي تائاملار، ناگان - ناگاندا بېلىققا ئېغىز تېگىپ قالىدۇ. تاماقنى پاشلىقنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ يەيدىغان گەپ.

بۇ بەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە سۈرەتتە قۇرام تاشلار ۋە سۇ يۈزى غۇۋا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. 1972 - يىلى، ئۇ ئاركادىيە قىياسىنى سۈرەتكە تارتماقچى بولۇپ زاتۋورنى ئەمدىلا بېسىشىغا پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، 30 فۇت ئېگىزلىكتىن پەستىكى قۇملۇققا چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ بۇ سۈرەتنىمۇ خاتىرە ئۈچۈن ساقلاپ قويىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يىقىلغاندا سۇنۇپ كەتكەن پۇتى پۇتۇنلەي ئەسلىگە كېلىپ كېتەلمىدى. ئاساسلىق سەۋەب، دوختۇرنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، جېنى بىلەن ئوينىشىپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىدە ئىدى. ئۇ سۈرەتلەرنى جايىغا سېلىپ، بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرگەن قوللىرىنى ئوچۇق تارتمىنىڭ ئۈستىگە قويغىنىچە تۇرۇپ كەتتى.

تارتمىنىڭ ئالدى تەرىپىدە مانىلا قەغىزىدە ياسالغان چوڭ بىر كونۋېرت بار ئىدى. كونۋېرتقا نۇرغۇن يىللاردىن بېرى فرانسىسكا جونسونغا يېزىلغان خەتلەر سېلىنغان، لېكىن بىرەر پارچىسىمۇ ئەۋەتىلمىگەنىدى. كونۋېرتنىڭ ئاستىدا پۇتۇن لىن-

تىلار سېلىنغان بىر قۇتا بار ئىدى. روبېرت كىنكاي قۇتىنى ئېلىپ، كونا پلاستىنكا، ئېلان ۋە «ئەگىسىگە قايتۇرۇلسۇن» دېگەن خەتلەر بېسىلغان قىسىمدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى باش- قۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى بىر چەتكە سۈرۈپ ئۈستەل ئۈستىدىن ئازراق ئورۇن بوشاتتى، ئاندىن ئورۇندۇققا ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ قۇتىنى ئېھتىيات بىلەن ئاچتى، ئالتۇن جىيەكلىك كۆزەينەكنى تاقاپ سۈرەتنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ قو- يۇلغان قەغەزنى ئاچتى، كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئەڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە سۈرەتتىكى ئايالغا تىكىلدى.

ۋاقىت كەينىگە يېنىپ 16 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا كەلدى. فرانسىسكا جونسون ئىئوۋا شتاتىدا بىر چىتلاقا يۆلىنىپ تۇرى- دۇ، ئۇچىسىدا كونا پادىچى ئىشتان، يالاڭ مايكا، روبېرت كىنكايغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. قارا بىلەن ئاق ئۇنىڭغا شۇنداق ماس كەلگەن، بەدىنىنىڭ ئەۋرىشىملىكى ۋە پۈتۈن يۈز قىسمى شۇنداق ئېنىق چىققان، مانا بۇ دەل ئۇنىڭ ئەينى چاغدى- كى ھالىتى. روبېرت كىنكاي بۇ سۈرەتنى بىرىنچى قېتىم يۇغاندا، فرانسىسكا جونسون خۇددى روبېرت كىنكاينىڭ ئىلگى- رىكى ئەرۋاھىدەك قەغەز يۈزىدە بىردىنلا پەيدا بولغان. ئاۋۋال ئاپئاق قەغەز كۆرۈنگەن، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا چىملىق، چىتلاق ۋە ئادەم بەدىنىنىڭ يېقىملىق شەكلى پەيدا بولغان، ئارقىدىنلا فرانسىسكا كۈچلۈك سېلىنىشتۇرما بولۇپ، 1965 ـ يىلى ئاۋ- غۇستنىڭ بىر چارشەنبە كۈنى سەھەردە جانلىق نامايان بولغان. فرانسىسكا سۈرەت ئىچىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

روبېرت كىنكاي سۈرەتكە ئىنچىكىلەپ قاراپ كەتتى. ئۇ فرانسىسكا بىلەن ئاشۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغان شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇ سۈرەتكە سانسىز قېتىم مانا مۇشۇنداق ئىنچىكىلەپ قارىغان. قۇتا ئىچىدە فرانسىسكانىڭ بۇنىڭدىن باشقا 26 پارچە

سۈرىتى بار، لېكىن روبېرت كىنكاي مۇشۇ بىر پارچە سۈرەتنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. بولمىسا سۈرەتنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق، فرانسىسكا بىلەن سەھەر مەنزىرىسىلا بار، فرانسىسكانىڭ كۆكسى نېپىز مايكىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، چىراي قىسمى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن.

روبېرت كىنكاي قولىرىنى قۇتا يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ئۆزىنى بارماقلىرىنى ئاچتى، شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى ئەسلىمىلىرى ئىچىدە فرانسىسكانىڭ بەدىنىنى سىلىدى. بۇ چاغدا ئەسلىمىلىرىدە قېپقالغان بىر ئىللىق ئېقىم يۈرىكىدىن قولىغا ياكى قولىدىن يۈرىكىگە يامرىدى، ئۇ بۇ ئېقىمنى قىلچە زورۇقمايلا فرانسىسكانىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ يامرىتالايتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا، فرانسىسكا جونسونغا يامرىتالايتتى.

فرانسىسكا جونسون بىلەن روبېرت كىنكايغا غېرىبلىق باسقان تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش پۇرسىتى كەلگەن، روبېرت كىنكايمۇ مۇرادىغا يەتكەن بولاتتى. ئۇ چاغدا روبېرت كىنكاي ۋە ئۆزىنى ھايات مۇساپىسىنى مۇنداق شاۋقۇنسىز، غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمىگەن، ئەسكى ماشىنىسىنى ھەيدەپ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا سۈرەتكە تارتىدىغان ياخشى يەرلەرنى ئىزدەپ نەمۇ نە قاتراپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئۇ فرانسىسكا ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچەلەيتتى، يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ يۈرۈشلەردىن، سۈرەتكە تارتىشلاردىن، ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچەلەيتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەم قاتتىق تاللاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ تاللاش فرانسىسكا ئۈچۈن تولىمۇ تەسكە توختىغاندى. لېكىن، ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلگەن، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان بىر قارارغا كەلگەن ھەم شۇ بويىچە ئىش تۇتقان، روبېرت كىنكاينىڭ ئارقىسىدىن ماڭماي، ئىئوۋادىكى ئائىلىسىنى بېقىپ قالغان.

توۋا، روبېرت كىنكاي قانداق بولۇپ بۇلارنى ئەسلەپ قال-

دى؟ سۈرەتتىكى كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى قوز-غىۋەتتى، ئۇنى چىدىغۇسىز ئازاب قوينىغا ئىلىپ كىردى. روبېرت كىنكاينىڭ قورسىقى فرانسىسكا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا گويا لەرزان ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن، يازنىڭ قاراڭغۇ بىر كېچىسى چاقماق يورۇقى پەردە تارتىلغان دېرىزىدىن كىرىپ ئۇلار ياتقان ھۇجرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتكەن. فرانسىسكا ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق يېقىملىق كۈلۈمسىرەتتى، ئۇنىڭ بەدىنىنى توختىماي سىلايتتى، قولى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ بەدىنى ئۈستىدە تۇراتتى.

— سىزنى تۇتۇپ ياتىمسام، ھەممە نەرسە بىردىنلا غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەيدىكەنمەن، — دەيتتى ئۇ روبېرت كىنكايغا ۋە ئۇنىڭغا بەكرەك چاپلىشىپ ياتاتتى.

لېكىن، ھەممە نەرسە يەنىلا غايىب بولدى، بىر جۈمە كۈنى سەھەردە غايىب بولدى. ئەينى چاغدا روبېرت كىنكاي ماشىنىسىنى فرانسىسكا تۇرۇشلۇق ئىئوۋا شتاتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان فېرمىنىڭ تار يولىغا ئاچىقىپ بولغان، ھاۋا شۇنداق تىنجىق، ئازراقمۇ شامال يوق، پۈتۈن كائىناتنى جىمجىتلىق باسقانىدى. ئۇ «ھاررى» دەپ ئاتىلىدىغان ماشىنىسىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ فرانسىسكا تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى، شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ماشىنىنى ئاستا قوزغاپ چوڭ يولغا چىقتى. كېيىن فرانسىسكا تەرەپكە يەنە بىر قارىغىنىدا كۆز چاناقلىرىغا ئىختىيارسىز ياش تولدى. فرانسىسكا تار يولنىڭ بېشىدا قالغان، يەرگە ئولتۇرۇپ قالغان، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ، يازنىڭ ئاپتىپىدا قىزىق توپا ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

يالقۇنلۇق ئوتنى ئۆچۈپ قالىدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئاجىزلاپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ھەرگىز ئۆچۈپ قالمايدۇ. ئاياللاردىن بىزار بولغان، ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىش تۇيغۇسى پەيدا

بولمىدىغان مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ گەپ بىر قەدىمىي رىۋايەت، ئاغزىنى تاتلىق قىلىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. روبېرت كىنكاي فرانسىسكانىڭ سۆرىتىگە قاراۋاتقاندا ئارىلىق ۋە ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى. ئۇ قولىنى سوزۇپ فرانسىسكانىڭ بەدىنىنى سىلىدى. ئۇ ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارغا قايتا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى، فرانسىسكا ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئۇنىڭ ئاستىدا يىلاندەك تولغانسا، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىسا ... ئەمەلىيەتتە ئۇ شىۋىرلاشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئۇخلاپ ياتقان نەرسىلەر ئويغىنىشقا باشلىدى. ئۇ كۈلۈپ قويدى، فرانسىسكانى ئويلىسىلا ئۇنىڭ يىگىتلىكى تۇتۇپ كېتەتتى.

روبېرت كىنكاي پادىچى ئىشتىنىنىڭ سول يانچۇقىدىن ھەمىيىنىنى چىقىرىپ، ئىچىدىن كىچىك قىلىپ قاتلانغان بىر باغاقچىنى ئالدى. بۇ فرانسىسكا ۋىليام بۇتلېر يېتسىنىڭ شېئىرىي مىسراسىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا قالدۇرغان باغاقچە ئىدى. بۇ باغاقچە سانسىز قېتىم ئېچىپ ئوقۇلغاچقا، خەتلىرى سۇسلىشىپ، قەغىزى يىرتىلىپ كەتكەنىدى.

*«ئاق پەرۋانە قاناتلىرىنى كەرگەن» چاغدا كەچلىك تاماق يېگۈڭىز كەلسە، كەچتە ئىشلىرىڭىزنى تۈگىتىپ قاچانلا كەلسىڭىز بولىدۇ.*

فرانسىسكانىڭ بۇ باغاقچىسى تۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر يازدا يېزىلغان، ئاۋغۇست ئېيى، ھاۋا تونۇردەك ئىسسىق، ئىسسىق قايتاي دېمەيتتى. روبېرت كىنكاي فرانسىسكانىڭ سەھرا پاسونىدا سېلىنغان ئاشخانىسىدا مۇزدەك چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. شۇ كۈنى كەچتە فرانسىسكا بۇ باغاقچىنى ئىئوۋا شتاتى مادىرون ناھىيىسىدىكى روسمان كۆۋرۈكىنىڭ يان ياغىچىغا

مىخلاپ قويغانىدى.

فرانسىسكا بىلەن كۆرۈشۈپ قانغۇچە مۇڭدىشىۋالغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئىچكى كەچۇرمىشلىرىنى، پۇتكۈل تۇرمۇشىنىڭ قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈندە قانداق ئۆزگىرىپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈۋالغان بولسا، باشقا ئىشى بولمىسىمۇ، بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلگەن، جامالىغا قېنىپ كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھازىرمۇ شۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىۋالالىغان بولاتتى. لېكىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، فرانسىسكانىڭ ئائىلىسى بار، ھەممە نېمىسى تەل. روبېرت كىنكاي ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، چارلاشقان چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن قامال-لاپ تۇتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى بۇرۇنقىدەكلا قالايمىقان، ئۆزۈنلۇ-قى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى نىشان، سانىسىز تىرىشچانلىق، يول يەنىلا ئۇزارماقتا. ئاخىرقى پادىچى سالمىنى يەنە بىر قېتىم تاشلىشى كېرەك. شۇنداق قىلىش كېرەك. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتنى مىنىپ، ئۇ يىقىلىپ قالغۇچە يۇگۇرۇش كېرەك. ئالغا ئىلگىرىلەش يولۇڭدىكى سۇر-ئەت ئاستىلانقۇچ سېنىڭ ھالاك بولۇشۇڭ بىلەن تەڭ توختى-سۇن.

ئاشۇ يەردە تۇگۇلۇپ تۇرۇۋالغان، سىرتتا قويۇق تۇمان سۇيۇزىنى قاپلىغان، تۇمان ئىشىك تۇۋىگىچە سۇرۇلۇپ كەلدى، يىللار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىز – تامغىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى. قىرغاقتا تۇگۇلۇپ تۇرۇۋېلىش... نېمىنىڭ قىرغىقىدا؟ ھېچنېمىنىڭ قىرغىقىدا ئەمەس.

روبېرت كىنكاي بىر ئىستاكان قەھۋە قۇيدى، كىچىك ئىشكاپنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاغزىنى ئاچتى. ئىشكاپ ئىچىدە ئۇ-نىڭ ئەسۋابلىرى تۇرىدۇ: فوتو ئاپپاراتنىڭ ئاغزى يېپىلغان بەش

دانه كۆزى، يۇمشاق قاپقا سېلىنغان، ئىكان F ماركىلىق ئىككى ئاپپارات، يەنە دالنومېتر بار، قېلىن رەختكە ئورالغان. مانا بۇلار بىر كەسپىي فوتوگرافنىڭ ئەسۋابلىرى، ئۇلار زاماندىن قالغان، ئۇپىراپ هېچ هالىي قالمىغان، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن.

توڭلاتقۇدا كوداك كروم Ⅱ ماركىلىق رەڭلىك لېنتىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىرىلا قالغانىدى. بۇ خىل لېنتا ئىشلەپچىقىرىلىشتىن توختىغاندا، روبېرت كىنكاي 500 دانە سېتىۋالغان، ئۇلارنى سوغۇقتا ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغىلا ئاياپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتاتتى. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى بولسا هازىر كوداك كروم 64 ماركىلىق لېنتا ئىشلىتىۋاتاتتى.

شۇنداق، ئاخىرقى نەتىجە مۇشۇنداق بولدى، روبېرت كىنكاي مۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان. قويۇق تۇمان سۇ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدۇ، تۇمان ئىشىك تۈۋىگىچە سۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇنىڭدا يەنە ئەڭ ئاخىرقى بىر دانە لېنتا بار. ئەقەللىي ساۋات: قىزىل قان، ئۇستىخان، يەنە ئۇستىخانغا يېپىشىپ تۇرغان گۆش، چىن يۈرەكتىن سېغىنىش، هەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدىغان كۈنلەر كەلدى، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ مەھشەر ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك هېچ نەرسە قالمىدى، بۇ خېلى ئىلگىرىلا ئاق قەغەزگە پۈتۈلگەن هەم ساقلىغۇچىلار ساقلاپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ نەتىجىسىدىن پەيدا بولغان غايەت زور هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. هايات نە قەدەر غېرىبلىق، تىمتاسلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ ـ هە! هايات باشلىنىشىدىلا ئاشۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە هەم باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمەيدۇ. ئاشۇ كۈنلەر، 1965 ـ يىلىدىكى ئاشۇ تۆت كېچە ـ كۈندۈز بۇنىڭ سىرىتىدا.

ئاركادىيە قىياسى ۋە ئافرىقا تۇمشۇقى بويىدا نۇرغۇن يىللار ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، بىر تاغلىق كەنتتە بىر نەچچە

گۈگۈم ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن (ئۇ يەردە كائىنات كى-چىكلەپ كەتكەن، چاتقاللىق ئىچىدىكى كۆلدىن ئۇنىڭ بىلەن يېپەك سودىگىرىنىڭ قىزىنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ غېرىبلىقىنى بىردەم بولسىمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈۋېتەتتى)، نەتىجىسى مانا مۇشۇنداق بولغان. ئادەم ۋا-قىتنىڭ مەسخىرىسىنى ھەر قاچان بىلىپ تۇرىدۇ، ھايات دەپ ئاتالغان بۇ قىزىقارلىق نەرسىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تولىمۇ قىسقىلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ. خىزمەت، تاماق يېيىش، باشتا كۆكرەكلىرىڭنى كېرىپ ماڭىسەن، كېيىن قەدەملىرىڭنى تەستە ئالىسەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاددىيلا تۆت تارتمىلىق ھۆججەت ئىشكاپىنىڭ ئىچىگە مۇجەسسەملەنگەن، خۇددى ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاياتتەك. پەقەت ئۇنىڭ سۈرىتىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇ سەن ئىلگىرى مەدھىيىلىگەن نەرسىلەر-نىڭ ئۇنىسىز شاھىتى.

ھىندىستان
ياكى ئافرىقا تۇمشۇقى،
ۋە ياكى مالاكا بوغۇزى بولسۇن،
قاچان قارىساڭ تۇرار پەرقسىز:
ئەرلەر يۈرىدۇ ساھىلدا،
ياكى قىرغاقتىكى دولقۇن ئىچىدە
قېيىق تۇۋىدە ئويىنار تىنىمسىز.
كەتتى بەزىلەر
قالغانلار تۇرىدۇ قاراپ.
ئەتە قاراپ باق،
كۆرىسەن ئوخشاش مەنزىرە
... يەنە شۇ ھالەت.

بۇ خىياللار روبېرت كىنكاينىڭ كاللىسىغا بىر كىرىۋالسا ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتتىكى قويۇق تۇمانغا قارىدى. تېخى سەھەر ۋاقتى، يېڭى بىر كۈن ئەمدىلا باشلانغان بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى هارغىن كۆرۈنەتتى.

روبېرت كىنكاي ئاشخانىدىكى بىر تارتمىنى ئاچتى، تارتمىدا تېخى پۇلىنى ئالمىغان ئۇچ پارچە چەك بار ئىدى. ئۇ مەكتەپ ۋە سەنئەت يەرمەنكىسىدە ھېرىپ - ئېچىپ تارتقان سۈرەتلەرنىڭ ھەققى، جەمئىي 742 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. كۆڭۈللۈك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» ئۈچۈن شەھەرمۇ شەھەر قاتراپ يۈرىدىغان ئىشلارمۇ ئاياغلاشتى، ئۇ چاغلاردا ئۇ ياخشى مەنزىرىلەرنى ئىزدەپ ھەرقانداق يەرگە بارالايتتى.

يەنە 87 دوللار نەق پۇلمۇ بار، پارچە پۇللارنى تاشلاپ قويىدىغان قەھۋە قۇتىسىدا يەنە 50 دوللارچە پۇل بولۇشى كېرەك. ماشىنىسى «ھاررى» نىڭ يېڭى ماتورى تېخى ئەمدىلا 68 مىڭ مىل مۇساپىنى بېسىپتۇ. ئەمدى ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، سەپەرگە چىققاندا يېنىك چىقىپ ماشىنا ئىچىدە تۈنەيدۇ. ئۇنىڭ بىلى چىڭ، ئاشۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم بارىدۇ، ئەلۋەتتە چوڭغىيولنىمۇ ئېلىۋالىدۇ.

— ماڭا قارىغىنا، چوڭغىيول، ئاشۇ يەرگە يەنە بىر بېرىپ كەلسەك قانداق؟ بېرىپ روسمان كۆۋرۈكنى كۆرۈپ كېلىمىز. بىشىمىزدىن ئۆتكەن ئاشۇ ئىشلار ھازىرمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ باشقا ئىش قىلمايمىز، فرانسىسكا تۇرۇۋاتقان ئاشۇ يەرنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ كەلسەكلا بولىدۇ. بۇ يەردە ئۆز گۆشىمىزنى ئۆزىمىز يېگۈدەك بولۇپ يۈرگەندىن بېرىپ كەلگىنىمىز ياخشىغۇ. بۇ يەردە رەھىمسىز كۈزنىڭ دەرەخ يوپۇرقلىرى ۋە كېپىنەكلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەنمىز، مەڭگۈ روياپقا چىقمايدىغان ئىشلارنى كانىد-





يىمىز يىرتىلغۇچە مەدھىيىلەپ يۈرىدىكەنمىز.

چوڭيول يېنىك غىڭشىپ قويىدى، قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىقىنىچە روبېرت كىنكاينىڭ يېنىغا كېلىپ چۆكتى.

— فرىنسىسكا ھازىر قانداق ھالەتكە كېلىپ قالغاندۇ؟ ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولۇپ كەتكەندۇ – ھە!

سىرتتىكى قارىغايلار تۇمان ئىچىدە قالغان، نەمخۇش كۆرۈنىدۇ. ئىت قۇيرۇقىنى بوشىشىپ كەتكەن پولغا شىپىلدىتىپ ئۇرماقتا.

68 يىللىق ھاياتىڭنىڭ كۆپ قىسمىنى تىكەندەك يالغۇز ئۆتكۈزدۈڭ، بۇنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ خاھىشىمۇ، شارائىتىڭنىڭ يېتەكلىشىمۇ بار. پۈتۈن ئىشنى ئۆز ئىچىڭگە سىڭدۈرۈپ كەلدىڭ، چۈنكى سېنىڭ ئەرز – ھالىڭنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق، ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئاخىرىغا بارغاندا ئىچىڭگە سىغمىغانلىرى تەبىئىي ھالدا يۈرىكىڭدىن سىرغىپ تىلىڭنىڭ ئۇچىغا بارىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى بېسىپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، سىرتقا چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىسەن. ئىچىڭگە توشۇپ كەتكەن ئوي – پىكىرلەر باشقىلىرىغىمۇ ئورۇن بوشىتىشى كېرەكتە.

نۇرغۇن ئادەملەر غېرىبلىق ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە بىر – ئىككى كۈن ياكى بىر نەچچە سائەت ياشىسىلا ئۆز ئەسلىنى تېپىۋالىدۇ. روبېرت كىنكاي پۈتۈن ئۆمرىنى غېرىبلىق، يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ قانداق مەنزىرىنى سۈرەتكە تارتىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا ياكى تاماق ئېتىۋاتقاندا ئۆزىگە – ئۆزى سۆزلەپ قويىدۇ، قانداقتۇر ۋاتۇورنى بېسىش، ئاپپارات ياكى كەررى ئۇۋۇندىسى، پىشلاق دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دەپ شىۋىرلايدۇ. روبېرت كىنكاينىڭ ئوي – پىكىرلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغىنى يەنىلا شۇ ئىت. مەيلى چۈشەنسۇن – چۈشەنمىسۇن كارايىتى چاغلىق، ئىشقىلىپ رو-

بېرت كىنكاي ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىلىرىنى سىرتقا تۆكۈۋالسىلا بولدى.

— فرانسىسكانىڭ بالىلىرى چوقۇم چوڭ بولۇپ كەتتى، بۇ چاغقا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپمۇ بولغاندۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇنى ئالدىراپ ئىزدەپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ قانداق بولماقچى، ئۇ بۇ ئىشقا قانداق قارايدۇ؟ ھەي، قانچىلىك چوڭ ئىش ئىدى، ناھايىتى شۇ تۆت كۈنلا بىللە بولغان گەپقۇ، بەلكىم فرانسىسكا ئۇ ئىشلارنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، ئۇنىڭدا قالغىنى بەلكىم قايتا ئويلاشنىمۇ خالىمايدىغان بەزى ئەسلىمىلەردۇ؟

روبېرت كىنكاي مۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيدۇ. فرانسىسكا بىلەن ئۇ بىر - بىرىگە مەھكەم باغلىنىپ بولغان، ئەگەر ھەر ئىككىسى خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتسا بۇ باشقا گەپ. روبېرت كىنكاي فرانسىسكانىڭ ساداقىتىدىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باقمىغان. ئۆتكەن 16 يىلدا مەيلى ئۇ قەيەرگە بارسۇن، فرانسىسكا ئۇنىڭغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇ بىلىدۇ، فرانسىسكا ئۇچۇنمۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. لېكىن بەزىدە ئۇ، فرانسىسكا مېنى ئۇنتۇپ كەتتى، دەپ ئويلىسا، يۈرىكىدىكى ئازابلار يېنىكلەپ قالغاندەك بولىدۇ، ئۇنى ھەقىقىي سېغىنغاندا يۈرىكىدىكى ئازابلار ئۇنچە ئېغىر بىلىنمەيدۇ.

يۈرەككە مۆھۈردەك ئورناپ كەتكەن بىر مۇھەببەت ۋەقەسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان، ئالەم قانداق ئۆزگىرىش ئۇستىدە ئىككىلىنىپ تۇرغان ئاشۇ بىر دەقىقىدە يۈز بەرگەن. ئاشۇ دەقىقىدە ياشىنىپ ھالىدىن كەتكەن ساياھەتچى ئۆيىدىكى ئوچاقتا پىلىلداپ تۇرغان ئوتنى كۆردى، پويىز بوغۇق گۈدۈك بېرىپ ئاستا - ئاستا توختىدى. رېئارك قەدىمىي مۇنار بىناسىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ساياھەتچى قەدىمىنى توختاتتى.

روبېرت كىنكاينىڭ ئارقىسىدىكى توڭلاتقۇ يەنە ۋىڭىلداپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن يەنە بىر تال تۇتاشتۇردى، ئىككىنى يۆتىلىپ قويۇپ، سىرتتىكى سەھەر مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلىدى. ئۇ ئىئوۋا شتاتىدىكى ئاشۇ سەھرا پاسونىدىكى ئاشخانىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي شاھىتى ئىدى، تالانتلىق، پىشقان بۇ فوتوگرافنىڭ كۆزىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، سەھرا پاسونىدىكى ئۆي، ئاشخانا، ئاشخانىدىكى ھەربىر نەرسە ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، كاناپ سېلىنچا، ئۈستىگە فورمىكا سۇلياۋى چاپلانغان ئۈستەل، ئەۋرەز يېنىغا قويۇلغان رادىئو، يەنە چىراغ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاق پەرۋانىمۇ بار.

فرانسىسكا ئۇ يەردە تۇرىدۇ، ئۇچىسىدا قىزغۇچ يوپكا، پۇتىدا ئاق رەڭلىك يازلىق ئاياغ، ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرىدۇ. فرانسىسكا جونسون ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاجايىپ قاراملىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، روبېرت كىنكايمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاشماقتا. ئەگەر بۇنى گۇناھ دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ گۇناھ ھەر ئىككىسىگە ئورتاق، جازاسىنى تەڭ تارتىشى كېرەك. ئاشۇ كۈنى كەچتە، روبېرت كىنكاي فرانسىسكانىڭ ئاشخانىسىدىكى توڭلاتقۇغا يۆلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان، چىڭ كەلگەن يوپكىسى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق يوتىسىدىن يۇقىرىغا سىيرىپ قارىغانىدى، فرانسىسكا ئوتتەك ھەۋىسىنى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بېسىپ كەلگەن، روبېرت كىنكايمۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆلگۈدەك ئېچىرقاپ كەتكەنىدى. ئۇلار قېنىشمايتتى، بىر ـ بىرىگە ئاچ بۆرىدەك قايتا ـ قايتا ئېتىلىشاتتى. بۇ ئارىلىقتا شاملار جىممىدە يانىۋەردى، يامغۇر يېغىپ يەنە توختىدى، ئىئوۋا شتاتىنىڭ جەنۇبىدىكى سەھرا يەنە بىر يېڭى تاڭنى كۈتۈۋالدى.

تۇنجى تاڭ شەپىقى پەيدا بولغاندا، روبېرت كىنكاي فران-

سىسكانى چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئېلىپ باردى، ئۇنى بىر چىتلاقتا يۆلەندۈرۈپ تۇرغۇزدى. ئاشۇ يەردە ئۇ فرانسىسكانى رەڭسىز سۈرەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ ھازىر ئۇستەل ئۇستىدىكى قۇتىدا تۇرىدۇ، پەقەت ئورنى ئوخشمايدۇ، سېئاتلنى تۇمان باسقان بىر سەھەردە باشقا بىر ئاشخانىدا تۇرىدۇ.

سالما يەنە بىر قېتىم تاشلاندى. «ھاررى» نىڭ ئۇستى ھۆل، تاماكا ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئوخشاش تەييارلىق خىزمى-تى باشلاندى. روبېرت كىنكاي مەقسەتلىك ھالدا 16 يىل ئاۋۋال-قىغا ئوخشاش تەييارلىق قىلدى. چامادانىنى ماشىنا ساندۇقىدىكى زاپاس چاقنىڭ ئۇستىگە قويۇپ كىر يايىدىغان يىپ بىلەن چىڭ باغلىدى. بۇ قېتىم گىتارنى ئالماسلىقنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ گىتارغا تەگمىگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. ئۇ گىتارنى ئېلىنۋالماقچى بولۇپ ئۆيگە كىردى، توڭلاتقۇنىڭ يېنىدىكى بۇ-لۇڭدىن گىتارنى ئالدى. گىتارنىڭ قېپى نەم تارتىپ كۆكىرىپ كەتكەن، گىتار ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەقەتلا بىل-مەيدۇ. ئۇ مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ، گىتارنى ئېلىپ چىقىپ چامادان يېنىغا باغلىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۇستىنى برېزېنت بىلەن ياپتى. ئۇ ئۇستىدىن باغلىغان ئارغامچىنى كۆچەپ تارتقان-دا، قاپ ئىچىدىكى گىتاردىن تىترىگىنىدە قىلغان ئاۋاز چىقتى، گىتار گويا ئەگەر ئۇنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئازاد قىلىپ، سىملىرىنى تەڭشىسە، بۇرۇنقىدەكلا سايراپ بېرىدىغانلىقىنى جا-كارلاۋاتقاندەك ئىدى.

ئەگەر ياش ۋاقىتلىرى بولغان بولسا، روبېرت كىنكاي ماشىنا كوزۇپىنىڭ ئۇستىدىن سەكرەپ چۈشكەن بولاتتى. ھازىر ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇ كوزۇپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاستا سىيرى-لىپ چۈشۈپ، ئاۋۋال ساق پۇتى بىلەن يەرگە دەسسىدى، ئاندىن ناكا پۇتىنى يۆتكىدى، ئۇنداق قىلمىسا يىقىلىپ چۈشۈشى مۇم-كىن ئىدى.

ئۇ بىر سومكىغا فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزىدىن ئىككىنى سال-دى، بىرى نىكان F ماركىلىق كۆز، ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان 105 مىللىمېتىرلىقىدىن ئىدى. يەنە كوداك كروم Ⅱ ماركىلىق ئەڭ ئاخىرقى بىر دانە لېنتىنىمۇ ئېلىۋالدى. ئۇ مۇشۇ بىر دانە لېنتىنى ئېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىراق سەپەرگە ئاتلان-ماقچى.

چايدان، فوتو ئاپپارات، چامادان، «تۆگە» ماركىلىق ئۈچ دوزنا تاماكا، ساھىل رايونىدىكى بىر ماگىزىن باھاسىنى چۈشۈ-رۈپ ساتقاندا ئېلىپ قويغان بىر يەشىك پىۋا، يەنە ئۇخلاش خالتىسى بار. ئەگەر ئىقتىسادتىن قىيىنىلىپ قالسا، ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تۈنەشكە توغرا كېلىدۇ. ئاندىن «ئافرىقىنىڭ يېشىل تاغلىرى» دېگەن كونا كىتابنىمۇ ئېلىۋالدى. بۇ كىتابنى ئۇ 1965 ـ يىلى سېتىۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇپ باقمىغان-دى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىۋېشىغا سەپسالدى: چەمىنى تۆت قېتىم ئالماشتۇرۇپ بولغان قىزىل قانات ماركىلىق ئاياغ، ئاقىرىپ كەتكەن پادىچى ئىشتان، كاجى كۆڭلەك ۋە سېرىق ئاسما بەلۋاغ. ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىدا سارغۇچ جۇۋىمۇ بار، بىر يانچۇقى يىرتىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ياقىسىدا قەھۋەنىڭ دېغى بار. مانا بۇ ئۆمرى نەمۇ نە يۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بىر سەيياھنىڭ تولۇق تەييارلىقى.

«چوڭيول» روبېرت كىنكايىنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا جايلاش-قان، ئۇنىڭ يالىقى بىلەن يېمەكلىكى كوزۇپىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ يېنىغا پارچە پۇللار سېلىنغان قەھۋە قۇتىسى قويۇلغان.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ ماڭىدىغان يوللىرى ئېنىق ئىدى. ئۇ يىراق شىمال دۆلىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە كىچىنى بولىدىغان قاتتىق سوغۇقىغا ئۇچرىمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئالدىن نىشانلىۋال-غۇدەك ئالاھىدە سەپەر ئەمەس، چۈنكى پىلان تۈزۈۋېلىشنىڭ

ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئاۋۋال جەنۇبقا مېڭىپ ئورېگونغا، ئاندىن كالىفورنىيىگە بارىدۇ، ئۇ يەردىن شەرققە قاراپ ماڭىۋەر-سىلا بولىدۇ. ئالدىنقى قېتىم باشقىلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، كالىفورنىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن شەرققە قاراپ ماڭىۋەرسە ئىئوۋا شتاتىغا بارغىلى بولىدىكەن.

جەنۇبىي داكوتا شتاتىنى شىمال تەرەپتىن كېسىپ ئۆتۈپ، بلاك تېغىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەچ ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئالدىنقى قېتىم ئىئوۋا شتاتى مادىزون ناھىيىسىگە ماڭغاندا شۇ يەردىن ئۆتكەن. 1973 ـ يىلى بلاك تېغىغا يەنە بىر قېتىم بارغان، ئۇ چاغدا ئارخېئولوگىيىگە ئائىت سۈرەتلەرنى تارتقان، بۇ بىر نەشرىيات ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تارتىپ بەرگەن ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى بولغان سەپرا مىجەز بوۋاي ھازىرمۇ ھايات بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى يوقلاپ ئۆتسە خۇشال بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن... ئىسمى نېمىدى؟ ھېلىقى مەي-خانىغا بېرىپ گارمونچىنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ ئۆتسە. ئۇ ھازىرمۇ شۇ يەردىمۇ، بىلىپ بولمايدۇ. روبېرت كىنكاي قەددى-نى رۇسلاپ رولىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى، ئالدىدىكى ئەينەك-تىن بارلىق مەنزىرە ۋە ئىلگىرى دىققەت قىلمىغان ھەممە نەر-سىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، گويا ھەممە نەرسىنى كۆڭلىگە قوندۇرۇۋالماقچى بولغاندەك.

ـــ بىلەمسەن، تايغىنىم، مەن... مەن بۇ يەرگە سىڭىپ كەتكەن بارلىق مىسكىنلىك ۋە شۇملۇقلاردىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم، بەلكىم سەنمۇ شۇنداقسەن. كۆڭلىرىم كونا ئادەت ـ يوسۇن، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان كۈنلەر ئىچىدە ئۆتىدۇ، بۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنىڭ بەتلىرى-نى ۋاراقلايمەن. بۇرۇنقى پەيزىمدىن قېلىشۋاتقانلىقىمدىن ئاغرى-نىمەن. ئۇنداق بولماسلىقىم كېرەك ئىدى. ھەممە تەرەپتىن كەينىگە كېتىشنىڭ ئۆزى ئۆلۈمگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىۋاتـ

قانلىقنىڭ بېشارىتى.

ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، بۇرۇلۇپ ئىتقا قارىدى.

— كۇمىنس ئىسىملىك يەنە بىر ئادەم يازغان ئېسىل شېئىرلارنى سەن ئاڭلاپ باققانمۇ؟ بىز بىلىدىغان ساكسوفونچى كۇمىنس ئەمەس، e.e. كۇمىنس ئەپەندىنى دەۋاتىمەن. ئۇ ئىسمىنى ھەرپىنىڭ كىچىك يېزىلىشى بىلەن يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. توختا، ئويلاپ باقاي… ھەي، تازا ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ… ئىشقىلىپ دوختۇر، ساقايماس كېسەل، يەنە باشقا يەرلەردىكى گۈزەل دۇنيا دېگەندەك مەزمۇنلاردا بىر نېمىلەرنى يازاتتى. سەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى خالامسەن-كىنتاڭ.

ئۇ ئىتقا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— مەن ھازىرلا كېلىمەن.

روبېرت كىنكاي كىچىك ئۆيگە كىرىپ كىيىم ئىشكاپىدىن بىر سومكىنى ئالدى، ئېسىلغان كۆڭلەكلەرنىڭ ئارقىسىغا قو-لىنى تىقىپ، تولا تۇتقانلىقتىن ئۇپراپ كەتكەن كىرزو ماركىلىق ئۈچ پۇتلۇق جازىنى ئالدى. ئىشكاپنىڭ ئاستىنى خېلى ئۇزۇن ئاختۇرۇپ، خېلى يىللار ئىلگىرى ئىرېلاندىيىدىن سېتىۋالغان ئۆرە ياقىلىق قارا پوپايكىسىنى تاپتى. ئۈچ پۇتلۇق جازىنى ئۇنىڭ بىلەن ئورىدى. ئۇنىڭ سۈرەت تارتقاندا كىيىدىغان پىنجى-كى ئاسقۇدا پولاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ پىنجەكنى ئېلىپ ئۈچىسىغا كىيىۋالدى.

ئۇ ئاشخانىدىكى ئىشكاپتىن ئاپپارات ۋە قوشۇمچە ئەسۋاب-لارنى ئېلىپ سومكىغا سالدى. ھېسابتا ھەممە نەرسە تەق بول-دى. بىر تارتمىدا 43 دانە X—Tri ماركىلىق رەڭسىز رەسىم پلېيونكا تۇراتتى، پلېيونكىلار داڭلىق بىر رەسىملىك ژۇرنال تەقدىم قىلغان مۇكاپاتنامىنىڭ ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى.

**روبېرت. ل. كىنكايغا**

## فوتو سەنئىتى بويىچە ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى

Animus non integritatem sed facinus cupit

*يۈرەكنىڭ قۇدرىتى پاكلىقتىن ئەمەس، قارامىلىقتىن كېلىدۇ.*

ئۇ پلىيونكىلارنى بىر سۇلياۋ خالتىغا سالدى، ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇچ پۇتلۇق جازا بىلەن پوپايكىنى مۇرىسىگە تاشلىدى، يەنە بىر مۇرىسىگە سومكىنى ئارتتى. ئىشىكنى ئاۋاز چىقارماي ئېھتىيات بىلەن يېپىپ قۇلۇپلىدى.

ئۇ يەنە ماشىنىسىغا قايتىپ كەلدى.

— ئەتىۋارلىق تايغىنىم، تەييارلىقىڭ پۈتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىتقا قاراپ، ئاندىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى، — ئەمدى ئورنىمىزدىن قوزغىلايلى، ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئەسلىمىلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

روبېرت كىنكاي ماشىنىسىنى ھەيدەپ قۇرۇقلۇققا ئاچقىپ قويىدىغان كېمىگە چىقتى. يۈگىت قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، ئىلدىئوت قولتۇقىغا كىرگەندە ئەتىگەن سائەت 10 بولغانىدى، قۇياش تۇمانلار ئىچىدە ئاجىز نۇر چېچىپ تۇراتتى، سۇ يۈزى شۇنداق تىنچ ئىدى. ئۇ ئارقا كوچا بىلەن مېڭىپ شەھەردىن چىقتى، پورتنى بويلاپ مېڭىپ باغچىدىن ئۆتتى. ئىلگىرى ئۇ ساكسوفونچى كۈمىنس بىلەن مۇشۇ باغدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش قاراشلىرى توغرۇلۇق ئۇزۇن مۇڭداشقانىدى. ئۇ ئولىمپىيىگە بارغاندا مەكتەپكە سۈرەت تارتىپ بەرگەندە بەرگەن چەكنى نەق پۇلغا ئالماشتۇردى، كامېرىسقا ئۆزىنىڭ سىرتقا ماڭغانلىقىنى، ئىككى - ئۈچ ھەپتىلەردە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىر ئاتكرىتكا يولـلىۋەتتى. سىـرداش دوستـلار بىر - بىرىنى سېغىنىدۇ، ئاغىنىسى كۈمىنس ئۆلگەندىن ئەنسە-

-رەپ قىلىشى مۇمكىن.

ئۇ دىڭىز بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، مايتوۋن ئەتراپىدا غەربكە بۇرۇلۇپ كەڭتاشا سەھرا يولى بىلەن ماڭماقچى بولدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەنتلەرنى، بازارلارنى ئارىلاپ ماڭماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىتى بېشىنى ماشىنا دېرىزىسىدىن چىقىرىۋالغان، شامالدا قۇلاقلىرى مىدىرلاپ تۇراتتى.

ئىش مانا مۇشۇنداق باشلاندى. 1981 ـ يىلى نويابىردا روبېرت كىنكاي ئاجايىپ بىر ھېسسىيات بىلەن سالمىنى يەنە بىر قېتىم بېشى ئۇستىدە پىرقىرىتىپ، ئىئوۋا شتاتىغا، مادىزون ناھىيىسىدىكى لەمپىلىك كۆۋرۈككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## فرانسىسكا

فرانسىسكا جونسون يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى ياش ھېس قىلاتتى، قارىماققىمۇ 60 ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنمەيتتى. دوستلىرىمۇ دائىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ۋاقىت ساڭا باشقىچە كۆزدە قارايدۇغۇ دەيمەن، دەپ قوياتتى. 40 ياشتىن ئاشقاندا چېچىغا چۈشكەن بىر نەچچە تال ئاقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ چېچى مەڭگۈ ئاقىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، بەدىنىمۇ ياش ۋاقتىدىكى زىلۋالىقىنى يوقاتمىغاندى.

— فلاننى، — دېگەنىدى رىچارد جونسونمۇ ئىلگىرى ئۇ-نىڭغا، — قارىغاندا، بىز قېرىپ ماكچىيىپ قالغاندىمۇ سىزدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغۇدەك.

لېكىن، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىشمۇ يوق ئەمەس. ئۇ كىيىم ئىشكاپىدىكى ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندە، يىللار-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەينىگە كېتىۋاتقان بەدەن قۇرۇلۇشىنى پەقەت كىيىملىرىنىڭلا ئۇنۇملۇك يېپىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. لېكىن، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇش ۋە ھەر كۈنى مېڭىپ بېرىشلەر (بەزى چاغلاردا ئۇ مېڭىپ روسمان كۆۋرۈكىگە بېرىپ كېلىدۇ، بېرىپ - كېلىشتە گەپ يوق تۆت مىل مۇساپە باسىدۇ) ئۇنى مۇشۇنداق ياخشى ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ يۈرىكىدە باشتىن - ئاخىر ئۆچمەي كېلىۋاتقان بىر ئۈمىدمۇ بار، روبېرت كىنكاي بىلەن يەنە كۆرۈ-شۈپ قالىدىغاندەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىغا قاي-

تىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇدا يۈرىدۇ. بەلكىم ئاشۇ تۇيغۇ ئۇنىڭغا روھىي ئوزۇق بولۇۋاتقان، چىراي ۋە ھېسسىياتىنى ئاشۇ يىللاردىكىدەك ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ روبېرت كىنكايىنىڭ ئۆزىنى بىر قاراپلا تونۇۋېلىشىنى، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

فرانسىسكا ئۆزىنىڭ بەدىنىنى 1965 - يىلى ئالغان قىزىل غۇچ يوپكىسىنى ئۆلچەم قىلىپ تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن 16 يىلدا ئۇ يوپكىنى پات - پات كىيىپ سىناپ تۇردى. ئەگەر يوپكا سەل چىڭ كەلسە، ئۆزى رازى بولغۇدەك ھالەتكە كەلگۈچە بەدەن ئېغىرلىقىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ يوپكىنى كىيىپ، ھۇجرىسىدىكى ئەينەك ئالدىدا ئاستا پىرقىرايتتى، ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە: «يوپكىغۇ ماڭا خېلى دەل كەلدى، ئەگەر ئۇنى بىرەر سەھرا قىزى كىيسە تېخىمۇ يارىشار ئىدى» دەپ قوياتتى. ئاندىن قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى خۇش قىلىدىغان بۇ گەپلىرىنى زاڭلىق قىلىپمۇ قوياتتى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن يوپكىنى چىرايلىق قاتلاپ سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ كىيىم ئىشكاپىدىكى جايىغا قويۇپ قوياتتى.

رىچارد جونسوننىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە بىر يىل بولدى. فېرمىنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالى ھازىر يوق، چارۋا - ماللارنىڭ ساتىدىغىنىنى سېتىۋەتتى، يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىۋەتتى. بالىلىرىمۇ قاتارغا قوشۇلۇپ ئۆز ئالدىغا ئۆيلىرىنى چىرايلىق تۇتۇۋاتىدۇ، ھەر ھالدا پۇللىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرمىسىمۇ، ئىجارە ھەققى، ئامانەت پۇل ۋە رىچاردنىڭ سۇغۇرتا پۇلىغا تايىنىپ يامان ئەمەس كۈن ئېلىۋاتىدۇ.

ھازىر رىچارد جونسون ۋىنتېرسىت قەبرىستانلىقىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا ياتىدۇ. ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر بولۇپ قەبرىستانلىقتا خېلى چوڭ يەرنى ئىگىلىگەن. رىچارد جونسون

قەبرىستانلىقتىن ئىككى كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ قويغان، فرانسىسكانى ئۆزىنىڭ يېنىدا ياتار دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويىدى.

رىچاد ئىقتىدارلىق، ئاق كۆڭۈل، ئادەتتىكى ئەھۋالىنى دېمىسەكمۇ، كالانپاي يۇرۇش - تۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن سۆيۈملۈك. لېكىن ئۇ بۇ تەرەپلىرى بىلەن فرانسىسكانى قانائەتلەندۈرەلمىدى. رىچادنىڭ نەزىرىدە فرانسىسكادا ساختىلىق تولا، لاياقەتلىك دېھقان ئايالى ۋە كۆيۈمچان ئانا نىقابىنى تارتىۋالغان باشقا تىپتىكى ئايال، ساختىلىقى كۆپ، ئاغزىدىن راست گەپ ئاز چىقىدۇ. شۇنداق، ئۇ باشقا تىپتىكى ئايال. رىچاد ئەتىگەندە ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ رادىئودىن ئەتىگەنلىك بازار خەۋەرلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىراش ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان ھالىتى ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەمەس. رادىئو يەنە شۇ 1965 - يىلى ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن ئاۋغۇست كېچىسى «تانگېرلىقلار» ۋە «كۆز ياپراقلىرى» دېگەن مۇزىكىلارنى ياڭراتقان ئاشۇ رادىئو. ئەينى چاغدا فرانسىسكا ئاشخانىدا روبېرت كىنكاي ئىسىملىك ئەر بىلەن لەرزان تانسا ئوينىغان، ئاشۇ ئەر ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان يازنىڭ سەلكىن شامىلى بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرگەنىدى.

فرانسىسكا ئوچاق ئالدىدا تۇرۇپ ئويلاپ كېتىدۇ، ۋاي خۇدايىم، رىچارد ئاشۇ ئىشلارنى بىلىپ قالغان بولسىچۇ! ئەگەر رىچارد ئاشخانىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلىپ قالغان بولسا قانداق بولاتتى؟ فرانسىسكانىڭ ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئۇزۇن چاچ فوتوگراف بىلەن ئاندىن تۇغما ھالەتتە بىللە ياتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەر بولغىيمىدى؟ روبېرت كىنكاي فرانسىسكانى كۆتۈرۈپ ئۈستەل ئۈستىگە ئالغاندا قەغەز پارچىلىرىنىڭ يەرگە قانداق ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالارمىدى؟ ياق، رىچارد مۇنداق ئىشلارنى ئەزەلدىن خىيالىغىمۇ كەل-

تۇرمىگەن. مانا مۇشۇنداق يالغانچىلىقلار، مانا مۇشۇنداق ساختىلىقلار.

لېكىن رىچارد جونسون بۇ ئىشلارنى ئازدۇر - كۆپتۇر سەزگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا، ئېسىنى يوقىتىشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى بوغۇق، زەئىپ ئاۋازدا ئېيتقان سۆزلىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ:

— فرانسىسكا، بىلىمەن، سىزنىڭمۇ ئۆز ئالدىڭىزغا چۈشلىرىڭىز بولغان، مەن ئاشۇ چۈشلىرىڭىزگە ھەمدەمدە بولالمىغانلىقىمغا ئەپسۇسلىنىمەن.

رىچارد جونسون بۇ گەپلەرنى قىلغاندا شۇنداق زورۇقۇپ كەتكەن، بەدىنىدە قەپقالغان ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى چىقارغان، كارىۋات ئۈستىدىكى قوللىرىنى ئاستا - ئاستا يۆتكىگەنىدى. فرانسىسكا ئۇنىڭ ياشاڭغىرىغان، خۇنسىز كۆزلىرىدىن بۇ گەپلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغانىدى. فرانسىسكا شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوپال قولىنى كۆتۈرۈپ مەڭزىگە ياققان، ئاشۇ دەقىقىدە، پەقەت ئاشۇ قىسقىغىنا دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنىڭ روبېرت كىنكاي بىلەن قىلغان ئىشلىرىدىن ئەپسۇسلانغانىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئەپسۇسلىنىدىغىنى، روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇن تۇرغان نەرسىنى رىچارد ھېس قىلمىغان، ئۇ مەڭگۈ ھېس قىلالمايتتى. فرانسىسكانىڭ ئۆزىمۇ بۇنى ئىلگىرى ئانچە ھېس قىلىپ كەتمەپتىكەن.

يەنە بىرى، رىچارد جونسون فرانسىسكا ئارزۇ قىلغاندەك ئەر ئەمەس. مەڭگۈ ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى فرانسىسكانىڭ پەرەز قىلغىنىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. فرانسىسكاغا مەلۇم، بەزى ئىشلار رىچارد جونسوننىڭ يۈرىكىنى ئېغىر جاراھەتلەندۈرگەن. ئۇ فرانسىسكانىڭ

كۆڭلىدىكىدەك ئەر ئەمەس، فرانسىسكا بىلەن 30 نەچچە يىل ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزى بىلەن جاپا - ھالاۋەتتە بىللە بولغان، بىر چىرايلىق باللارنى تۇغۇپ بەرگەن ئايالىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا مەڭگۈ بۇسۇپ كىرەلمىگەن.

كونا ئۆينى گۈزىستان جىمجىتلىقى باسقان. فرانسىسكا «مادىزونلۇقلار» گېزىتىنىڭ ئەڭ يېڭى بىر سانىنى ئېچىپ، سەھرالىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، چېركاۋدىن بېرىلگەن ھەقسىز كەچلىك تاماق، پەسىل ئاخىرىدىكى پۇتبول مۇسابىقىسى، توي، تۇغۇلۇش، ئۆلۈم توغرۇلۇق خەۋەرلەرنى كۆرۈپ چىقتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ 36 يىللىق ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، لېكىن ئۇ يەردىكى تۇرمۇشقا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىگەن دۇنيادا يۈز بەرگەنىدى.

ماگى كراك ئۆلۈپ كېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن فرويد كراك فرانسىسكانى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ ئۇبدان بىر باھانە بىلەن چىرايلىق رەت قىلدى. ناھىيىدە موزاي باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەندە، كراك ئۇنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. فرانسىسكا چىرايلىق رەت قىلىش بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن باھانىلەرنى كۆرسەتتى. مەسىلەن، يېقىندا بەك ئالدىراشمەن، باللار قايتىپ كېلىدۇ، دېگەندەك. كراك شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچماس بولدى. لېكىن، ئۇلار بىر قېتىم ماگىزىندا مال ئېلىۋېتىپ ئۇچرىشىپ قالغاندا، كراك ئۇنىڭ بىلەن يەنىلا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈشتى. كراك بىر ئاز جۇدەپ قالغان، ماگى ئەتكەن تاماقلارنى سېغىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

فرانسىسكا گېزىتنى قويۇپ، كۆزىدىن كۆزەينىكىنى ئېلىپ زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان ئېتىزغا قارىدى. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن روبېرت كىنكاينى خىيالىغا ئېلىپ كىرەتتى. روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ كاللىسىدا توختاۋسىز ئايلىنىپ يۈرىدىغان خىيا-





لىي تويغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ ئەۋەتىپ بەرگەن فرانسىسكانىڭ سۈرەتلىرى، يەنە روبېرت كىنكاينىڭ سۈرىتى ۋە ئۇ تارتقان سۈرەتلەر بېسىلغان «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» بار ئىدى.

روبېرت كىنكاي ھازىرمۇ نەمۇ نە قاتراپ يۈرەمدىغاندۇ، ئۇ ھازىرمۇ ھاياتمىدۇ، بۇ تەرەپلىرى فرانسىسكاغا قاراڭغۇ ئىدى. بەزىدە ئۇ رېئاكتىپ ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىدىن قەپقالغان ئىسقا قاراپ، روبېرت كىنكاي ھازىر ئاسماندا، جاكارتا ياكى نايروبىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇنى غەربىي شىمالغا بېرىپ ئىزدەپ باقسىچۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ روبېرت كىنكايغا بولغان ئەسلىمىلەر قوينىدا ياشاپ ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ ياخشىدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە ئاشۇ تۆت كۈننىلا بىللە ئۆتكۈزۈش پۈتۈلگەن بولغىيدى.

فرانسىسكا ئۇنى ئىزدەپمۇ تاپار، ئۇ چاغدا روبېرت كىنكاي خاتىرىسىدىن ئۇنىڭ سىماسىنى ئىزدەپ، سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلىشى مۇمكىن (ھە راست، بۇ لەمپىلىك كۆۋرۈك دەۋرىدىكى ئىئوۋالىق ئايالغۇ!)، ئاندىن ئۇ فرانسىسكا بىلەن چىرايلىق ئامانلىشىشى، لېكىن ئارتۇق گەپ قىلماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار بەلكىم بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ قەھۋە ئىچكەچ بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشى، كېيىن روبېرت كىنكاي سائىتىگە قاراپ قويۇپ، بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنداق، فرانسىسكا قەھۋەخانىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئائىلىسى بولسا يىراقتا قالغان، ئىسىت، ئۇنى ئىزدەپ كەلمىگەن بولسىچۇ، ئۆكۈنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى مىسكىنلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۆزىنى بىر كەلگۈندىنىڭ بىردەملىك خۇشاللىقىغا ئەرمەك بولۇپ بەرگەندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىللاردىن بېرى مۇستەھكەم تۇرغان مەنىۋى تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ، كۆڭلىرى ھەسرەت - نادا-

مەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشتىكى تەنھالىق ئىچىدە بوغۇلىدۇ.

ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىسى كامىل. ئۇ روبېرت كىنكايغا ئىنزچىل ئىشىنىپ كەلدى. لېكىن، بۇ ئىشقا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. ئەگەر «جوغراپىيە ژۇرنىلى» دىكى رەسىملەر بولمىغان بولسا روبېرت كىنكاينىڭ سىماسى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بۇ چاغقىچە غۇۋالىشىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلارمۇ خېلى بۇرۇنقى رەسىملەر، ئۇ ھازىر كۆرسە روبېرت كىنكاينى تونۇيالماسلىقى مۇمكىن. ئۇ 68 ياشلارغا كىرىپ قالدى. 68 ياشلىق يىلپىز، تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. بەلكىم ئۇ كېسەل تارتىپ كەتكەندۇ، قېرىپ ئىسكەتىدىن كەتكەندۇ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى فرانسىسكاغا كۆرسىتىشنى خالىمايدىغاندۇ.

فرانسىسكا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا كىردى، كىيىم، ئىشكاپىدىن ھېلىقى ھال رەڭ كۆڭلەكنى ئالدى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا كارولىن قالدۇرۇپ كەتكەن پاتېفون بار ئىدى. ئۇ ھال رەڭ كۆڭلەكنى كىيىپ، پاتېفوننىڭ يىڭنىسىنى قويدى، پاتېفوندىن شۇئان «كۆز ياپراقلىرى» دېگەن مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ كۆلۈمسىرىگىنىچە روبېرت كىنكاي دېگەن ئەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئەرنى مۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى ئۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پادىچى ئىشتان ۋە يانتۇ يوللۇق كۆڭلەكنى كىيىپ پەسكە چۈشتى، كالىېندارغا قاراپ قويۇپ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

فرانسىسكا ئەينەك ئالدىدا نېرى ـ بېرى ئايلىنىۋاتقاندا، روبېرت كىنكاي «ھاررى» دەپ ئاتىلىدىغان ماشىنىسىنى تىنچ

ئوكياننى بويلاپ ئېلىنغان يولدا بەھۇزۇر ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەھرانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە تويماي قارايتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىتتىغىمۇ گەپ قىلىپ قوياتتى. سۇ بويلاپ كېتىۋاتقان يولدىن جەنۇبقا بۇرۇلغاندا، روبېرت كىنكاي — يازغۇچى ھەم فوتوگراف (ئۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل ئۆزىنى شۇنداق ئاتىغان) ناكا پۇتىنى ھەرىكەتلەندۈردى. ئۇنىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم چەكسىز ئۈمىدكە تولدى، بولغۇسى يېڭى ۋەقەلەرگە تەلپۈندى.

## كارلىل ماكمىللان

كارلىل ماكمىللان تۇرمۇش قايىنىمىدا خىلمۇخىل ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تىرىك-چىلىك غېمىدە جەنۇبىي داكوتا شتاتىنىڭ غەربىدىكى يېگىس نا-ھىيىسىگە كەلدى. ئۇ بۇ قاقاسلىققا يېتىپ كەلگۈچە كۆرمىگەن-نى كۆردى، كېيىن ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا كاتتا بىر ۋەقە (كىشىلەر ئۇنى يېگىس ناھىيىسىدىكى ئۇرۇش ۋەقەسى دەپ ئا-تاشتى) مۇ يۈز بەردى. بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھازىر ۋا-قىت يوق.

ھازىرچە كارلىل ماكمىلاننىڭ ئۇستا ياغاچچى (ئۇ بۇ ھۈ-نەرنى كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شىمالىدىكى بىر بوۋايدىن ئۆگەن-گەن) ئىكەنلىكىنىلا سۆزلەپ تۇرساق بولار. كالىل ماكمىللان شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان شەھەر تۇرمۇشىدىن زېرىكتى، تېز پۇتتۇرۇشكە تېگىشلىك بۇيرۇتما ئىشلاردا ئۆز تېخنىكىسىنى جارى قىلدۇرالماي ئىززەت - نەپسى بوغۇلدى، ئىچى سىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئامانەت پۇللىرىنى بىراقلا ئېلىپ، ئامېرىكىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن يوللۇق سەپىرىنى باشلىدى. يېگىس ناھىيىسىدىن ئۆزى ئىزدىگەن نەرسىنى — بۇ دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن خالىي يەرنى تاپتى. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنى ھېچ چۈشىنەلمىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتساق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چۈشىنىش - چۈشەن-مەسلىككىمۇ ئېتىبار قىلمايدىغان بولدى. جەنۇبىي داكوتا شتا-تىدا تۇرغان بىرىنچى يىلدا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتى 30 ئاكر يەردىكى

كونا ئۆيلەرنى يېڭىۋاشتىن ياساپ چىقىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەر بىلەن كىچىك بازارنىڭ ئارىلىقى سەككىز يېرىم مىل كېلەتتى. مەن بۇ يەردە ئۇ كىچىك بازارنى ئوچاق دەپ ئاتاپ تۇراي.

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاش، كارلىل ماكمىلاننىڭ تۇرمۇشمۇ پىلان ۋە پۇرسەت، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ۋە ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغانىدى. ئۇ بىردەم ئۇ ئىشنى قىلىشنى ئويلىسا، بىردەم بۇ ئىشنى قىلىشنى ئويلايتتى. ھازىر ئويلاپ باقسا، بەزى قارارلىرى توغرا بولغان، بەزى قارارلىرىنىڭ پەقەتلا مەسلىھەتى يوق. ئۇنىڭ تاللاشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدراكىي تىرىشچانلىقىنىڭ ھەمدە ئويلىمىغان يەردىن بېشىغا كەلگەن ئىشلارنىڭ تۇرتكىسىدىن بولغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئادەمى تۇرمۇش ئىچىدىكى بىر داۋالغۇش، يەنە بىر خىل قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشتىكى تەڭپۇڭسىزلىق.

ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق باشلىنىشىدىلا باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولغان. 35 يىل ئىلگىرى ۋېنى ماكمىللان ئىسىملىك بىر ئايال ھارامدىن بولغان بۇ بالىنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغان. ئۇ ئايال ئۇنىڭغا دادا بولغۇچىنىڭ ئىسمىنى بىر بولسا ئەزەلدىن بىلمەيدۇ، بىر بولسا بىلسىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. ئاپىسىنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە سۆزلەپ بەرگەن ئانچىكىم ئىشلىرىدىن كارلىل ماكمىللاننىڭ كاللىسىدا ئۆزىگە دادا بولغۇچى ئەرنىڭ ئوبرازى ئۆچۈپ كېتىشكە ئارانلا تۇرغان ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان.

شۇڭا، ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا گاڭگىراپ يۈرگەنلىرىدە ئاشۇ ئەرنى پەقەت بىر تۇراقسىز كۆرۈنۈش قاتارىدا كۆرۈپ كەلدى. ئۇ ئەر ئادەتتە ئۆزىنى يولغا ئىشلىتىلىدىغان، تاغلىقلارغا خاس موتىسىكلىت مىنگەن، كارمىلىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويى تاشيولىدا كېتىپ بارىدۇ، ئۇ تىنچ ئوكيانغا

چوڭقۇر ئۇسۇپ كىرگەن قىيالىقتىكى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ، كەچكى قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىچىلىپ تۇرىدۇ. موتسىكلىتلىق ئەرنىڭ ئارقىسىغا بىر ئايال مىنگەشكەنمۇ؟ ئايال ئىككى قولى بىلەن ئەرنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالغان، چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرامدۇ؟ مانا بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىش، ئايال چوقۇم كارلىل ماكمىللاننىڭ ئاپىسى.

ئايال ئۇ ئەر بىلەن پەقەت بىر نەچچە كۈنلا بىللە بولغان، لېكىن بۇ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت ئىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا كارلىل ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا ئاپىرىدە بولغان.

ئايالنىڭ ئېنىق ئېسىدە، ئۇ ئاشۇ ئەر بىلەن بىر يەردە ياتقان، دۇمبىسىگە قۇمنىڭ يېقىملىق ئىسسىقى ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاشۇ چاغدىكى تۇيغۇسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ. سىنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى نە قەدەر يېقىملىق ئىدى. ئەرنىڭ ئالاھىدە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە، ئۇ بىر خىل تەخىرسىز ھالەتكىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئايال كېيىنكى ۋاقىتتا ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرنى بايقىدى. ئايالنىڭ ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئەرنىڭ ھەرىكىتى دېڭىز چايكىسىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، بەزى سىرلىق ئىشلارنى بىلەلەيدىكەن، ئۆزىنگىلا مەنسۇپ بولغان، يىراق ئۆتمۈشتىن كېلىدىغان مۇزىكىنى ئاڭلىيالايدىكەن. ئەپسۇس، ئايال ئۇ ئەرنىڭ فامىلىسىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ئايالنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئەر فامىلىسىنى ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگەندەك قىلغان، لېكىن ئۇ چاغدا ئىككىسى گۈلخان يېنىدا پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان، بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. ئەپسۇس، ئايال ئۇ ئەرنىڭ فامىلىسىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئايال ئىلگىرى شۇنداق دېگەن: «ئۇ كۈنلەردە مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى.

بىلىمەن، كارلىل، سېنىڭ بۇنى چۈشەنمىگىنىڭ تەس. لېكىن، ئەينى چاغدا بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ئەنە شۇنداق ئىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، ئۆزۈمنى ئويلاپ ئەمەس، ئاساسلىقى سېنى ئويلاپ ئازابلىنىمەن.»

ھېكايە مانا مۇشۇنداق باشلانغان. كارلىل 12 ياشقا كىرگەندە ئاپىسى ئۇنىڭغا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن، ئەينى چاغدا ئىككىسى مېندوكىنودىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنىڭ ئالدى پەلەمپېيىدە ئولتۇرغانىدى. ئاپىسى بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ۋىجىك، كەم سۆز ئوغلىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ بېشىغا تەگكۈزۈپ ئولتۇرغان، يېڭىلا يۇيغان چاچلىرىدىن ئانىلارغا خاس بىر خىل ھىد كېلىپ تۇراتتى. كارلىل ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى ئاشتى، چۈنكى ئاپىسىنىڭ ھەربىر سۆزى تولىمۇ سەمىمىي ئىدى، مۇشۇ ئوغلى بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرەتتى. كارلىل ھەتتا ئاپىسى ئۇ ئەر توغرۇلۇق سۆزلەۋېتىپ بېشارەت بەرگەن سىرلىق ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتنىمۇ توغرا چۈشەندى. بولمىسا كارلىل ئۇنداق ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلالىغۇدەك ياشتا ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ ئىش ئۆز ئاپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئانىنىڭ سەمىمىيلىكى، ئوغلىغا بولغان ئىشەنچىسى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ قەدىرلىك، لېكىن ئادەمگە مۇشۇ نەرسىلەرلا كۇپايە قىلمايدىكەن، كارلىل ماكمىللان يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن بىر ئاتىغا موھتاج، ئائىلىگە تىرەك بولىدىغان بىر ئەر بولۇشى، مۇرەككەپ ھېسسىيات دولقۇنلىرىغا دۇچ كەلگەندە ئۆزى بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان بىر ئەر بولۇشى كېرەك ئىدى.

كارلىل ماكمىللان خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاچچىق يۇتۇپ يۈردى. مۇجمەل گەپ ـ سۆزلەرگە ئىچى سىقىلدى، ۋېنى ماكمىللاننىڭ تۇراقسىز بىر ئەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىقىغا

ئاچچىقلاندى. ئۇ ئەر كەچ كۈزدە رەڭگارەڭ تۇسكە كىرگەن ئورماندىن كېسىپ ئۆتۈپ شىمال تەرەپكە كەتكىنىچە بىراقلا غايىب بولغانىدى. كارلىل خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئاچچىق يۇتۇپ يۈردى، بۇ ئىش ئۇستىدە نۇرغۇن ئويلاندى، ئاخىردا بۇ ئىشلار-نىڭ ھەممىسىنى توغرا چۈشەنگەن بولدى، توغرىسىنى ئېيتقان-دا، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمىنى كەچۈرۈۋەتتى.

كارلىلنىڭ ئاپىسى بىلەن ئۇ ئەر 1945 - يىلى كۈزدە ئۇچراشقان، ئەينى چاغدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاخىرلاشقا-نىدى، ھەممە نەرسە بىر خىل تۇراقسىز، قالايمىقان ھالەتتە ئىدى. كىشىلەر غەلىبىنىڭ يېقىملىق ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە-دىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ چىققان، مانا بۇ ھېسسىياتلار تاشلىنىپ قالغان تۇرمۇش، بېسىلىپ قالغان ھېسسىياتلار بىلەن گىرەلى-شىپ كەتكەنىدى. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى داسۇرنىڭ خالى-غانچە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدىغان شائىر ۋە سەنئەتكارلىرى (پا-رىژدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن، پاتىنتون چوققىسىدىن باشلاپ يول بويى ئۆيمۇ ئۆي دوقمۇرۇپ يۈرۈپ سۇ بوياق رەسىملەرنى سېتىشقا ئۇرۇنغان ھېنرى مىللېرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئەر-كىن تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنى ھەر ھالدا چۈشىنىشكە بولىدۇ. كارلىل بەزىدە ئويلاپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ 30 ياشقا كىرگەندە ئاشۇنداق ئىش ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلگەن بولسا، بەلكىم ئۇمۇ شۇنداق قىلغان بولار ئىدى.

لېكىن، ئۇنى ئىككى ئارىلىقتا قىيناۋاتقان نەرسىلەر يەنىلا مەۋجۇت. تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان تۇيغۇ، ئۆزىنىڭ قانداق گېنغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە بولغان قىزىقىش ئۇنى ئارامسىزلان-دۇراتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئىنىدىئانلارغا ئوخ-شىتىدۇ، ياڭاق سۆڭىكى ئۆسۈپ چىققان، بۇرنى قاڭشارلىق. يەنە بىر تەرىپى، ئۇ بەزىدە ئۇزۇن قوڭۇر چېچىنى قىزىل گۈللۈك يوغان قولياغلىق بىلەن چىگىۋالىدۇ. بۇ ئىشى ئاپاچى

قەبىلىسىنىڭ ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ تەرەپلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۇ ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قارىشىنى ياقتۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «سەندە ئىندىئانلارنىڭ قېنى بارمۇ قانداق؟» دەپ سورىسا، ئۇنى ئۆزۈڭلار بىلىۋېلىڭلار دېگەندەك، ئۇن ـ تىنسىز مۇرىسىنى ئىتىپ قويىدۇ.

يەنە يېنىك بىر سادامۇ بار، كارلىل بۇنى شۇنداق ئاتايدۇ. بۇ سادانىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولدى، يەنە كېلىپ مۇشۇ يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتىن باشلانغانلىقى نامەلۇم. بىر خىل سىگنال، ئاجىز، ناھايىتى يىراقتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى تىمتاس ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇنى پەقەت ھېس قىلغىلىلا بولىدۇ، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. تولىمۇ غەلىتە، يېنىك سادا... توختايدۇ ... يېنىك سادا... توختايدۇ... يېنىك سادا، يېنىك سادا... مۇشۇ تەرتىپتە تەكرارلىنىدۇ.

بۇ بىر خىل شەكىل، يەنە باشقا شەكىللەرمۇ بار.

دەسلەپتە بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى، بۇنى بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، لېكىن كېيىن ئۇ، دادام قېنىدىكى ئۆزىگە خاس ئۇچۇرنى ماڭا يوللاۋاتىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇ ئىشتا ئۇ مۇنداق ئويلىغانىدى: دادام ئۆزىگە خاس بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ئۇقمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىرسىيەت مەخپىي نومۇرى بۇنى بىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىرسىيەت مەخپىي نومۇرى مېنىڭ تەشكىلىي قىسمىم. ئىرسىيەت مەخپىي نومۇرى مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى بىلىدۇ، ئىرق مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى بىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىرقىغا مەنسۇپ ھەم ئۇنىڭ نەسلىنىڭ ۋارىسى. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى بىلىدۇ. بۇ مەنتىقە بىر ئاز مۇجمەل، لېكىن بەك ئىچكىرىلەپ

كەتمىسىلا ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كارلىل دادىسىنىڭ مەلۇم يەردە بارلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى، سىگنال باشلانغاندا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلىدى ھەم ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى: «ئاغىنە، كىم بولىسەن؟ كاساپەت، ئاۋازىڭنى يۇقىرى كۆتۈر، ئاڭلىتىشتىن توختاپ قالما، ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىن، ئۆزۈمنىڭ كېلىپ چىقىشىم توغرۇلۇق كۆپرەك بىر نەرسە بىلىۋالاي. مەن بىلىدىغان ھەم بىلمەيدىغاندەك ھېس قىلىۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟» لېكىن، سىگنال تولىمۇ ئاجىز، باشلىنىشىدىنلا شۇنداق ئاجىز. كارلىل بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تاشلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ، ئازابلىنىدۇ.

كارلىلنىڭ ئەزەلدىن ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ باقمىغان بىر دادىسى بار، كېيىن ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى باغلىيالمىغان بىر ئۆگەي دادا پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن كارلىل كوردى ماركوس ئىسىملىك بىر ياغاچچىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋاكالىتەن دادىسى قىلىۋالدى. كارلىل ماكمىللان ئۇستىسى كوردى ماركوستىن ياغاچچىلىقنى ئۆگەندى، بىر خىل دۇنيا قاراشنى ئۆگەندى، ھەرقانداق ئىشنى پۇختا قىلىشنى ئۆگەندى. كوردى ماركوس دائىم، ھەر قانداق ئىشنى پۇختا قىلىش كېرەك، دەيتتى.

يېگس ناھىيىسىگە مۇقىملىشىپ بىر يىلدىن كېيىن، كارلىل قولىغا ئالغان ئۆينىڭ ئىشلىرىنى ئاساسەن تۈگەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارچە ـ پۇرات ياغاچلاردا ياسىۋالغان ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاپىسىغا خەت يېزىشقا باشلىدى.

*ۋېنى، ياخشىمۇ سىز!*

*سىزنىڭ تىنچ ـ ئامان بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن. باس ئىسكە-*

-رىپكا ئۆگىنىدىغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىڭىزمۇ؟ ھازىرمۇ رەسىم كارىدورىدا ئىشلەۋاتامسىز؟ ئۆيىنى ناھايىتى چىرايلىق ئوڭ-شىۋالدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستام كوردى ماركوسنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن ھۈنىرىنىڭ خاسىيىتى. مەنمۇ ھازىرغىچە سىرتنىڭ ئىشلىرىنى ئانچە - مۇنچە قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بولمىسا سىرتتا قىلىدىغان ئىشلارغۇ ناھايىتى كۆپ. بۇ يەردە بەزى كونا ئىمارەت-لەر بار، ئىشلەتكەن ياغاچلىرى نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئېسىل ياغاچلار. لېكىن بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆمۈر - تەسەكتىن ياسالغان ئۆيلەرنى بەكرەك ياقتۇرىدىكەن. ئۇلار مېنىڭ كونا ئۆيلىرىنى تېز سۈرئەتتە چېقىپ، تۈزلەپ بەرگىنىمگە خۇشال، ئۆيدىن چىققان ياغاچ - تاش ۋە كېرەكسىز دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ماڭا بېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئېسىل ياغاچ - تاشلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدىم.

دادامنى ئىزدەپ تاپىدىغانلىقىم توغرۇلۇق ئاغزىم بىسىلماي سۆزلەپ يۈرگىنىمگە خېلى يىللار بولدى. ئەمدى قارىسام دادامنى تېپىشنىڭ يىپ ئۇچىنى ئىزدەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. بىلە-مەن، بۇ ئىشقا نۇرغۇن يىللار بولۇپ كەتتى، لېكىن ئوبدانراق ئويلىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىش نىيىتىم بار. سىز ئەسكە ئالالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ داسۇردىن كېتىدىغان چاغدا نەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانمۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ماركىلىق موتسىكلىت مىنگەنلىكىنى ئەسلىيەلەم-سىز؟ سىز ئۇنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەسكەر بولغان-لىقىنى ئېيتقانىدىڭىز. قايسى خىلدىكى ئەسكەر بوپتىكەن؟

ئەگەر ماركوس خانىمنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سورىۋالاي، سىز راس-تىنلا ھېنرى مىللېرنى كۆرگەنمۇ؟

سىزنى سۆيۈپ

كارلىل

14 - ئۆكتەبىر

# يەنە بىر قېتىم غەيرەت قىل

رېزىنكە چاق يېنىك غىچىشىماقتا، دەل - دەرەخلەر ئۇچقاندەك سىلجىماقتا، گويا دەل - دەرەخلەر ئارقىغا قاراپ سىلجىۋاتقاندەك، «هاررى» بولسا ئورنىدا مىدىر قىلماي تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. روبېرت كىنكاي بىر خىل گۈزەل تۇيغۇدىن يەنە بىر قېتىم بەھرلەندى. هاۋانى قاتمۇ قات بۇلۇتلار قاپلىغان، تەبىئەت دۇنياسىنى خىرەلەشتۈرگەن، يامغۇر ئاق يېغىن بولۇپ ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭغىمۇ مەيلى.

روبېرت كىنكاي كولۇمبىيە دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا يېقىن جايلاشقان دۆلەت باغچىسى يېنىدا ماشىنىسىنى توختاتتى. ئىككى سائەت توختىماي ماڭغاچقا، ئۇنىڭ ناكا پۇتى كۆيۈشۈپ كەتكەنىدى، يەرگە چۈشۈپ بىردەم ھەرىكەت قىلىۋالمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىتى چوڭخيولمۇ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئوت - چۆپلەرنى، دەرەخلەرنى، شىرەنى پۇراشتۇردى، ئاخىردا بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ روبېرت كىنكاي مەڭگۈ قايتا كۆرەلمەيدىغان يەرگە بەلگە سالدى.

روبېرت كىنكاي ھۆل چىملىقتىن ئاستا ئۆتۈپ، ئېگىشىپ پۇتىنىڭ ئوشۇقىنى ئۇۋۇلىدى، پۇتىنىڭ ھەرىكىتى نورمال ھالەتكە كەلگۈچە نېرى - بېرى ماڭدى. 15 مىنۇتتىن كېيىن يېنىك ئىسقىرتىپ، ئىتقا يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ئىت ماشىنىغا سەكرەپ چىقتى، روبېرت كىنكاي ئاندىن ئايلىنىپ رول تەرەپكە ئۆتتى، ماشىنىغا چەبدەسلىك بىلەن چىقتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتقىدى-

نىغا 30 يىلچە بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بۇ ناكا پۈتى ۋە بىر نەچچە ئايدىن بېرى چاپلىشىۋالغان تۇرۇپ - تۇرۇپلا كۆزى قاراڭغۇلىشىدىغان ئىش بولمىغان بولسا، روبېرت كىنكاي چوقۇم 20 يىل ئاۋۋالقىدەك سەپىرىنى كۆڭۈللۈك داۋاملاشتۇرغان بولاتتى. ئۇ ئورۇق بولغىنى بىلەن هازىرمۇ بەدىنى چىڭ ئىدى، بۇ چېنىقىشىنىڭ ۋە تاماققا دىققەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۇ كۆزى قاراڭغۇلىشىدىغان ئىشقا دەسلەپتە ئانچە ئىرەن قىلىپ كەتمىدى. بۇنى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى هىندىستانغا بارغاندا يۇقتۇرۇۋالغان كېسەلنىڭ تەسىرى، ئىچكى قۇلاققا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر خىل مىكروپنىڭ كاساپىتى دەپ قاراپ كەلدى. ئاشۇ قېتىم كېسەل يۇقتۇرۇۋالغاندا، ئۇ مىسۇرنىڭ جەنۇبىدىكى بىركەنتتە تۆت كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئۇنى شۇنداق قىينىدى، پۇت- قولىدا ئۆرە تۇرغۇدەك ماغدۇر يوق، هاجەتكىمۇ ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئاران چىقاتتى.

ئىككى ئاي ئىلگىرى سېئاتلدىكى بىر ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى روبېرت كىنكاينى تەجرىبىخانىسىغا ئەكىرىۋېلىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تەكشۈردى. توققۇز يىل ئىلگىرى پۈتىنى سۇندۇرۇۋالغاندىن بېرى، ئۇ دوختۇر دېگەن نەرسىگە يېقىن يولاپ باقمىغانىدى.

— كۆزىڭىزنىڭ قاراڭغۇلىشىش سەۋەبىگە تازا ئېنىق بىر نىمە دېيەلمىدىم، ئىچكى قۇلاق ياللۇغىمىكىن دېگەن گۇمانىم بار، سىز هىندىستاندا يۇقتۇرۇۋالغان ئاشۇ كېسەلنى دېمەكچىمەن. لېكىن، ئۇ ئىشقا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. هازىر سىزدىكى كېسەل ئالامەتلىرى مۇقىم ئەمەس، شۇنىڭغا قاراپ قان ئايلىنىش سىستېمىسىدىن چاتاق چىقتىمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى ئەرلەرگە

نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز نورمال، بەدەن هالـ-
تىڭىزمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ناھايىتى ياخشى، لېكىن،
خۇدا يولىدا ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاغىنە، مۇشۇ تاماكا دېگەن نىجىس-
نى تاشلىۋەتكەن بولسىڭىز، بۇ ئەڭ مۇھىم. كۆزىڭىز قاراڭغۇ-
لاشقاندا بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟

— بەك روشـەن ئاغـرىق يـوق، — دېـدى روبېرت
كىنكاي، — بەزىدە مەيدەم بىر ئاز بىئارام بولىدۇ.

— بىر نەچچە خىل تەكشۈرۈش قىلىپ باقايلى، شۇنىڭدا
نېمە كېسەل ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولى-
دۇ. سىز بىر خىل يۈرەك سانجىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان
بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل كېسەللىكمۇ
ئەمەس، بىر قاتار ئالامەتلەر مەلۇم يوشۇرۇن كېسەللىكنىڭ
يۈرەك كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدىن بېشارەت
بېرىپ تۇرىدۇ.

روبېرت كىنكاي كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، دوخ-
تۇرغا رەھمەت ئېيتتى.

— ئۆزىڭىز دەپ بېقىـڭ، ئەمـدى قانـداق قىلـساق
بولىدۇ؟ — سورىدى دوختۇر.

— ھېچ قانداق قىلمايـمىز، — دېـدى روبېرت كىنـ-
كاي، — سىزنى بىكار ئاۋارە قىپتىمەن.

— ھېچقانداق قىلمايسىز دەمسىز؟ سىزگە ياردىمىم تې-
گىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئاۋۋال بىر نەچچە خىل تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ بېرىشىم كېرەك.

ئۇنداق كۆپ تەكشۈرتۈشلەرگە روبېرت كىنكاينىڭ يېنىدا
پۇلمۇ يوق، ئۇنداق تەكشۈرتۈشلەرگە ئۆزىمۇ قىزىقمايدۇ. ئۇ-
نىڭ نەزىرىدە ھايات تۇراقسىز، ئۇنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بار،
بەزىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا، بەزىلەرنىڭ ئۇزۇن بولىدۇ. ھەقىقىي
كىشىلىك ھايات يولى يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆتىدىغان ۋەھىمە ۋە

تۇيۇقسىز باشقا چۈشىدىغان ھالاكەت ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ.

روبېرت كىنكاي تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدىكى ئۇرۇش مەيدانى فوتوگرافى بولۇش سۈپىتى بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان يىللاردا نەچچە قېتىم جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالـ غان. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تامدا بىر رەسىم بار. 1943 ـ يىلى نويابىرنىڭ بىر كۈنى تارتىلغان. چۈشتىن بۇرۇن سائەت توقـ قۇزدىن ئەمدىلا ئۆتكەن چاغ، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەترىتىدىكى قوماندان ۋە ئەسكەرـ لەر تاراۋا مارجان ئارىلىدىكى بېتتىئو ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىـ قىش كېمىسىگە چۈشتى. بۇيرۇق بويىچە («بىز ئۇلارنىڭ قىرـ غاققا چىققان چاغدىكى سۈرىتىنى تارتىۋېلىشىمىز كېرەك، ئاناڭـ نى!») روبېرت كىنكاي بىرىنچى تۈركۈم كېمىگە چۈشىدىغانـ لارنىڭ ئارىسىدا ئىدى، زەربىدار قىسىم كېمىگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى جىددىي دولقۇنغا سەكرەپ چۈشۈشى كېرەك ئىدى. روبېرت كىنكاي پىلىيونكىلانى سۇ ئۆتمەيدىغان سومكىغا سالدى، ئاپپاراتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىرغاققا 300 يارد كېلىدىغان يەردە سۇغا سەكرەپ چۈشتى. «خىگگىنس» ناملىق قۇرۇقلۇققا چىـ قىش كېمىسى سۇ ئاستىدىكى قورام تاشقا سوقۇلۇپ كەتتى، ئۇلار رادېر ـ 1 نامىلىق ساھىلغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، نۇرغۇن ئادەم ساھىلغا قايتىپ چىقالمىدى.

ئاپتوماتلار سايرىماقتا، مىناميوتنىڭ ئوقلىرى ئۇنىڭ ئەتـ راپىغا چۈشۈپ سۇلارنى ئاسمان ـ پەلەك چاچراتماقتا، بومبىلار گۈمبۈرلەپ پارتلىماقتا. بۇ سۈرەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ چىرايى مۇنداق: ئانا يۇرتى يىراقتا قالغان يىگىتلەرنىڭ چىرايىنى يوقـ تىۋەتكىلى بولمايدىغان، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش ۋەھىمە قاپلىـ غان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار قوراللىرىنى بېشى ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىرغاققا

يېتىشىلىشقا تىرىشماقتا. دائىرىسى 291 ئاكىر كېلىدىغان، تۆت ئەتراپى پاتقاق ۋە كوكۇس دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان بۇ مارجان ساھىلىدە ئۈچ كۈن ئىچىدىلا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككىنچى دىۋىزىيىسىدىن 3 مىڭ ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى ۋە يارىلاندى. بىرىنچى كۈنى كەچتە، روبېرت كىنكاينىڭ ياردەمچىسى، نېبراسكا شتاتىدىن كەلگەن سەھرالىق يىگىت روبېرت كىنكاي بىلەن ئارىلىقى ئىككى فۇت كېلىدىغان يەردە ئاپپاراتقا پىلىيونكا سېلىۋاتقاندا، غايىبتىن كەلگەندەك بىر پاي ئوق دەل پېشانىسىگە تېگىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي يەرگە يىقىلدى.

روبېرت كىنكاي دوختۇرخانىدىن چىقىپ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ماشىنىغا چىقىپ «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇردى، ئاندىن رولغا ئېڭىشتى، چارلاشقان ئۇزۇن چاچلىرى بۇرۇنقىدەكلا قالايمىقان ئىدى. «ئىشىنى قىلسۇنا» دېدى ئۇ ۋە تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ «ھاررى»نى ئوت ئالدۇردى. ئاندىن e.e. كۇمىنسىنىڭ دوختۇر ۋە ئالەم توغرۇلۇق يېزىلغان شېئىرىنى ئېسىگە ئالدى. ماشىنىسىنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىۋېتىپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

روبېرت كىنكاينىڭ ئۆزىگە مەلۇم، ئۇ دەۋر بىلەن سىغىشالمايدۇ، بۇ دەۋرگە خاتا تۆرىلىپ قالغان. ئۇ ۋاقتى ئۆتكەن بىر ئەزا، ھازىرقى ھاياتلىقتا بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدار ۋە نىشانلار ئۇنىڭدا يوق. ئۇ تېخنىك رەسىملىك ژۇرنىلى بىلەن بىر پارچە يەرلىك گېزىتكە مۇشتەرى بولۇپ قويغان. لېكىن، تېلېۋىزور ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا باشقا بىر دۇنيانىڭ مۆجىزىسى ئىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى، ئۇ سىيئاتلدىكى بىر سودا سارايغا پادىچى ئىشتان سېتىۋالغىلى كىرىپ، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ساتىدىغان يەردە ئېلېكترونلۇق ئويۇن پروگراممىسىغا قاراپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانىدى. چوڭ ـ كىچىكلىكى

ئوخشاش بولمىغان 32 دانە تېلېۋىزوردا ئوخشاش بىر پروگراممىا بېرىلىۋاتاتتى. روبېرت كىنكاي ئۇ يەردە پارقىراپ تۇرۇپلا قال-غانىدى، گويا ئۆزىنى مەزگىللىك ئويقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان-دەك، گويا قانداقتۇر ئۆزگە ناتونۇش بىر ئەلدە شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئىچىدە قالغاندەك ئىدى.

بىر مال ساتقۇچى سېرىق ئاسما باغ تارتىۋالغان ئەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، تېلېۋىزور سېتىۋېلىش خىيالىنىڭ بار - يوقلۇ-قىنى ئەدەپ بىلەن سورىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، 25 ديۇملىق تېلېۋىزورنىڭ باھاسىنى 20 پىرسەنت چۈشۈرۈپتۇ. روبېرت كىنكاي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئۆزىگە گەپ قىلغان يىگىتكە قا-راپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، گويا ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقان يىگىت كۆرۈنمەس سىم ئارقىلىق تېلېۋىزورغا ئۇلانغاندەك، ئۇ-نى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئاشۇ تېلېۋىزور ئەۋەتكەندەك بىلىنىپ كەت-تى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئېلېكترونلۇق ئويۇن پروگراممىسى-نى كۆرۈۋاتقان كىشىلەر نېمىلەرنىدۇر دەپ قىقاس سېلىشقا باشلىدى. ئېنىقكى، مۇسابىقىلىشىۋاتقانلار ۋارقىراۋاتاتتى.

مال ساتقۇچى تېلېۋىزور ئېكرانىغا قاراپ قويۇپ:

— بۇ ئويۇندا نۇرغۇن پۇل ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى.

روبېرت كىنكاي ئۇنىڭغا جاۋابەن قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دەپ قويماقچى بولدىيۇ، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئۇ سودا سارايدىن ئالدى - كەينىگە قارىماي قايتىپ چىقتى، ئىچىدە بولسا، قولىدا نەيزە، قەھرىتان سوغۇقتا مۇزلۇقنى بويلاپ دىر - دىر تىترەپ كېتىۋاتقان ئاشۇ كۆنلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى رېئاللىقنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. لېكىن ئۇ سوغۇق ھەقىقىي ھەم تەبىئىي، ئۇ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن دائىم ھېس قىلىپ تۇرىدى-غان ياكى شاۋقۇنلۇق شەھەر قاتنىشىدىكى سوغۇققا ئوخشىماي-

دۇ. ئۇ سودا سارايدىن چىقىپ، ئۈچ يىگىتنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار-نىڭ بىرىنىڭ قولىدا ئەپچىل ئۇنئالغۇ، قالغان ئىككىسىنىڭ قولىدا ئۇنئالغۇغا ئۇلانغان رادىئو كاناي بار ئىدى، روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ قانداق مۇزىكا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان پوگېت ئارىلىغا كېتىۋاتقاندا كېمىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىنى ئاچچىق شامال ۋە يامغۇرغا تۇتۇپ بەردى.

كەچ، شامال ۋە يامغۇرمۇ توختىدى. روبېرت كىنكاي ئورېگون شتاتىدىكى ئاستورىيىگە بارغاندا كولۇمبىيە دەرياسىدىن ئۆتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇن ئەگمىسى ئاستىدىن كېمە ۋە پارا-خوتلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. غايەت زور سودا كەلكۈنى «هاررى» دەپ ئاتىلىدىغان ماشىنىنىڭ چاقلىرى ئاستىدا ئۆر-كەشلىمەكتە.

— مەن بىر قېتىم موتسىكلىت بىلەن بۇ يەرنىڭ شىمالى-دىن ئۆتكەن، چوڭىيول، — دېدى روبېرت كىنكاي يېنىدا تۇ-گۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئوۋ ئىتىغا قاراپ.

ئىت قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، روبېرت كىنكايغا ئەجەبلى-نىش ئىچىدە قاراپ قويدى.

— بۇ 1945 - يىلىدىكى ئىش. ئۇ چاغدا بۇ كۆۋرۈك تېخى ياسالمىغان، ئورېگون شتاتىدىن ۋاشىنگتون شتاتىغا كېمە بىلەن بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ يارىل مەيدانى تۆت تېپىلىق موتسىكلىت ئىدى، مېنىڭشى بوۋاقنىڭ تېرىسىدەك سىلىق ئى-دى. ئۇ ئەسلىدە خەقنىڭ قولىدىن سېتىۋالغان كونا موتسىكلىت ئىدى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا ئورۇش قىلغۇچى قىسمىدىن بوشانغاندا بەرگەن پۇلغا ئالغانىدىم. ئۇنى سېتىۋەتكى-نىمگە هازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن. مەن مەڭگۈلۈك ئولتۇراق-لىشىپ قالغۇدەك ئوبدانراق بىر يەر تېپىپ، يېڭىۋاشتىن بىر

ئىشنى تۇتۇپ قىلىش ئۈچۈن داسۇرنىڭ شىمالىدىن موتسىكلىت بىلەن يولغا چىققانىدىم. بۇ سەن تۇغۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنقى ئىشلار، چوڭ ھاجىۋول، ئۇ چاغدا مەن ياش ئىدىم، ھازىرقىدىن خېلى ياش ئىدىم.

روبېرت كىنىكاي بىر مىلىچمالىلار دۇكىنىغا چۈشۈپ، مېۋە - چېۋە، بولكا، ئىرىمچىك ۋە ھەرخىل كۆكتاتلارنى ئالدى. ئۇ يەنىلا نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن ئاددىي، ئەرزان يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قەھۋە قۇتىسىدىن 4.64 دوللارنى بىرمۇ بىر ساناپ ئېلىۋاتقاندا، دۇكاندارنىڭ ئىچى سىقىلىپ، ئالايغىنىچە تورۇسقا قارىۋالدى.

روبېرت كىنكاي ئۈچىنچى دەرىجىلىك قاتناش مېھمانسارىيىغا چۈشتى. مېھمانسارايىنىڭ خوجايىنى ئۈچىسىغا چىبەرقۇت ئىشتان ۋە فلانېل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ساقال - بۇرۇتىغا ئۇستىرا تەگمىگىلى ئىككى - ئۈچ كۈن بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئىت باشقا قالايمىقانچىلىق تېپىپ بەرمىسىلا ياتاققا ئەكىرسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. روبېرت كىنكاي ئىتنىڭ بەزى خېرىدارلاردىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىز ھېچنېمىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، ئەپەندى، بۇ ھەتتا ئىتىڭىزغا قىلغان بىر خىل ھاقارەت بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى خوجايىن، — ئەگەر سىز مۇشۇنداق مېھمانسارايدىن بىرنى ئاچسىڭىز، ئۇزۇنغا قالمايلا ئىنسانلارنىڭ ھالىتىگە نىسبەتەن بىر خىل ئۇمىدسىز قاراشقا كېلىپ قالغان بولاتتىڭىز، — ئۇ ئاچقۇچنى روبېرت كىنكايىنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ بەردى، — سەككىزىنچى نومۇرلۇق ئۆي، ئالدى ئىشىكتىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلىسىز.

روبېرت كىنكاي يەنە يولغا چىقتى. ئىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك سالتاڭ. ئۇ كەچلىك تامىقىنى

ئىتى بىلەن ياتاقتا يېدى، ئىككىسى تاماق ۋاقتىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى، پەقەت ئىتنىڭ چىشلىرىدىن چىقىۋاتـقان «كاراس ـ كۇرۇس» ئاۋاز ۋە ئىرىمچىكنى كەسكەن چاغدىكى ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىككىسى دەريا بويىغا سەيلىگە چىقتى، دەريادا ئۈزۈشۈپ تۇرغان كېمىلەرنى تاماشا قىلدى، ئىت داتلىشىپ كەتكەن ماي تۇڭلىرى ۋە تۇرۇم ـ تۇرۇم ئارغامچىلارغا بەكمۇ قىزىقسىنىپ قاراپ كەتتى. «هار-رى» مېهمانسارايىنىڭ ئالدىدىكى 30 چە ماشىنا توختىيالايدىغان مەيداندا ئۇزۇنسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى، مەيداندا ئۇنىڭدىن باشقا ماشىنا يوق ئىدى.

روبېرت كىنكاي ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پولدا ئۇزۇنسىغا ياتتى، ئىتنىڭ مەڭىزلىرىنى يالىشىغا يول قويمى-دى. ئاۋۋال پۇتىنى كۆتۈرۈش هەرىكەتلىرىنى ئىشلىدى، ئارقى-دىن يەر بېغىرلاش هەرىكىتىدىن 30 نى قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نەپىسى ئوبدانلا قىسىلغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، ئاسما مايكا ۋە كالتە ئىشتان بىلەنلا قالدى، ناكا پۇتىغا ئاغرىق توختى-تىش دورىسى سۈركىدى، ئاندىن «ئافرىقىنىڭ يېشىل تاغلى-رى» دېگەن كىتابنى ئېلىپ كارىۋاتقا چىقتى. ئىت روبېرت كىنكاي بايا يەر بېغىرلاش هەرىكىتى ئىشلىگەن يەرگە سەكرەپ ئۆتتى.

كارىۋات كىرلىكىدە بىر تۆشۈك بار ئىدى. روبېرت كىنى-كاي كىرلىكنى كۆتۈرۈپ، تۆشۈكىدىن قەغەز چاپلىغان تامدىكى پاسكىنا بولۇپ كەتكەن يەرگە قارىدى، ئاندىن كىتابنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. كىتابنى ئوقۇپ باش پېرسوناژ ئافرىقىدىكى بىر شورلۇق يەرگە يېقىنلىشىۋاتقان يەرگە كەلگەندە، ئىشىك يېنىك چېكىلدى، روبېرت كىنكاي ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى، ئىتمۇ بوش غىڭشىپ قويدى. روبېرت كىنكاي تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن جىم ۋىلسون، مېھمانساراي خوجايىنى.
روبېرت كىنكاي ئىشتىنىنى كىيىپ ئىشىكنى ئاچتى.
جىم ۋىلسون قولىدا ئىككى بوتۇلكا پىۋا، كىرىپ كەلدى.
— بۇگۈن كېچىنى تاڭغا ئۇلىماق تولىمۇ تەسكە توختىدى. غۇ. كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، بىرەر بوتۇلكىدىن پىۋا ئىچىشكەچ مۇڭدىشارمىزمىكىن دەپ كىرىشىم. ئەگەر خالىمىسىڭىز گەپنى ئوچۇق قىلىۋېرىڭ، قىلچە خاپا بولماي چىقىپ كېتىمەن، — ئۇ كارىۋاتقا لەپپىدە قاراپ قويدى، — ئاپلا، ئاغىنە، كەچۈرۈڭ، يېتىپ بوپسىزكەن- دە.
— كىتاب كۆرۈپ ياتقانىدىم، — روبېرت كىنكاي ئۇنى ئىچكىرىگە باشلاپ، يېنىدا تۇرغان ئىتنىڭ بېشىغا شاپىلاقلاپ قويدى، ئىت ۋاقىتسىز كىرگەن مېھمانغا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك خىرىلداپ تۇراتتى، — ئۇش... ھېچ ئىش يوق، ئاغىنە.
جىم ۋىلسون بىر بوتۇلكا پىۋىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ روبېرت كىنكايغا ئۇزاتتى، ئاندىن كونا گىلەم ئۇستىگە ئاستا ئولتۇردى.
روبېرت كىنكاي ياتاقتىكى بىردىنبىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى، ئورۇندۇققا قاپلىغان رەخت يىرتىلىپ ھېچ ئەھۋالى قالمىغانىدى. ئىت كارىۋات يېنىغا سوزۇلدى، جىم ۋىلسونغا قاراپ قويۇپ، ئالدى پۇتلىرى ئۇستىگە بېشىنى قويدى، كۆزلىرى يەنىلا جىم ۋىلسوندا ئىدى.
مېھمانساراي خوجايىنى پىۋىنى كۆتۈردى:
— بۇ بىر نەچچە كۈنلۈك ۋاقتىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن.
روبېرت كىنكاي ئۇنىڭغا جاۋابەن قولىدىكى پىۋىنى شۇنچىكىم كۆتۈرۈپ قويدى.
— سەپىرىڭىز قاياققا؟ باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، مۇنداقلا سوراپ بېقىشىم.
— مەن ئۇ يەر- بۇ يەرلەرنى مۇنداقلا ئايلىنىپ كېلىش

ئۇچۇن چىققان. ئۆيدە بىكار ئولتۇرسام بەك ئىچىم سىقىلىدۇ، شۇڭا بىر نەچچە كۈن ئايلىنىپ كېلەي دەپ ئويلىدىم، — روبېرت كىنكاي پىۋىدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇردى. ئۇ ئارتۇقچە گۇمانخورلاردىن بولمىسىمۇ، باشقىلار نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سورىسا دائىم مۇجمەل جاۋاب بېرەتتى. ئادەتتە ئادەم شالاڭ يەرلەردە ياشىغانلاردا مۇشۇنداق بىر خىل سەزگۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنداق يەرلەردە بەزىلەر مۇنداق ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن.

خوجايىن بىرەر تال تاماكا چەكسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. روبېرت كىنكاي تاماكا بىلەن «دىپور» ماركىلىق سېرىق چاقماقنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى.

— بۇ چاقماقنى تۇتۇۋاتقىنىڭىزغا ئۇزۇن يىللار بولغاندەك قىلىدۇ، — دېدى جىم ۋىلسون. تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن چاقماقنىڭ جىجىلىپ كەتكەن يۈزىنى باش بارمىقى بىلەن سىلىدى، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن باش ھەرپلەر RLK لارغا دىققەت قىلدى، ھەرپلەرنى تەستە پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى.

— مەن بۇ چاقماقنى مانىلادىكى PX تىن ئالغان، ئۇ 40 - يىللاردىكى ئىشلار، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتقان ۋاقتىم ئىدى.

— ھەي، بىر نەچچە يىل كېيىن توغۇلۇپ قالغاچقا ئۇ كاتتا ئۇرۇشنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن، — خوجايىن تاماكا بىلەن چاقماقنى روبېرت كىنكايغا قايتۇرۇپ تاشلاپ بەردى، — قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىم ۋېيتنام ئۇرۇشىغا توغرا كەلدى. ئۇ ئۇرۇش مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرسام تامامەن قاچۇرۇپ كېتەلەيتتىم.

جىم ۋىلسون قارىماققا ناھايىتى ھارغىن كۆرۈنەتتى، كۆز خالتىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، بۇ مېھمانسارايىنىڭ كونا گىلىمى-

دەك كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇ روبېرت كىنكايدىن 25 ياش كىچىك بولسىمۇ، يېشىغا قارىغاندا ئوبدانلا قېرى كۆرۈنەتتى. هاراقنى كۆپ ئىچسە كېرەك، دەپ ئويلىدى روبېرت كىنكاي.

جىم ۋىلسوننىڭ تۇنجى سوئالى كونا ئەسكەرلەر بىر-بىرىدىن سورايدىغان سوئاللاردىن بولدى.

— سىز قايسى قىسىمدا تۇرغان؟

— مۇقىم بىر قىسىمدا تۇرغان ۋاقتىم كۆپ ئەمەس، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى دىۋىزىيىسىدە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدىم. تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدا ئۇرۇش مەيدانى فوتوگرافى بولغان.

— مەن بىلەن چېقىشىپ شۇنداق دەۋاتمايدىغانسىز. ئۇرۇش مەيدانى فوتوگرافلىرى بىلەن تونۇشۇش ماڭا ئەزەلدىن نېسىپ بولمىغان. ۋېيتنام ئۇرۇشىدا بىر نەچچىسىنى كۆرگەن، لېكىن ئەسرالىشىپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق قەيسەر، بۇ ئىش ئەسكەرنىڭكىدىنمۇ خەتەرلىك جۇمۇ.

روبېرت كىنكاي ئارتۇق گەپ قىلماي پىۋا ئىچىش بىلەن بولدى.

— هەر هالدا تەلىيىڭىز بار ئىكەن، هېچ ئىش چىقمىدى دەڭا، — جىم ۋىلسون ئۇنىڭغا قارىدى، — ئۇرۇشتا يارىلانمىدىغانسىز؟

— راست، مېنى تەلەيلىك دېسە بولىدۇ. سول بىقىنىمدىكى قوۋۇرغامنىڭ ئاستىغا قول بومبىسىنىڭ پارچىسى كىرىپ كەتكەن. ئۇ بىتتىئو ئارىلىدا يۈز بەرگەن ئىش. دوختۇر بەدىنىمدىن بىر نەچچە دىيۇيم ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر پارچىسىنى ئېلىۋەتتى. ئۇرۇش مەيدانىدىكى هەربىي دوختۇرلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ جاراهىتىم جاراهەت ئەمەس ئىدى، هەر ئېغىر يارىلانغانلار ئۇلارغا قاراشلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بەدىنىمدىكى جاراهەت ئېغىرىغا سۇلفانىلامىدنى تۆكۈپلا، بەش مىنۇتقا قالماي يارا ئېـ-

غىزىنى تىكىپ قويدى، ئاندىن مورفىن ۋە قان توختاتقۇچى بىنتنى ئېلىپ ساھىلغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. مېنىڭ جاراھىتىم بىرەر ھەپتىدە ساقىيىپ كەتتى، كۆڭلۈمگە كەلگىنى، كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئوردېن بېرىپ قويمىدى.

روبېرت كىنكاي ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈپ قويدى، شۇ قېتىملىق يارىلىنىشتىن قالغان تاتۇقنى مايكىسىنىڭ ئۈستىدىن ئىختىيارسىز تۇتۇپ قويدى.

جىم ۋىلسون پۇتلىرىنى سوزۇپ، ئاندىن بىر پۇتىنى يىغىپ، قوللىرىنى تىزى ئۈستىگە قويدى، ئۇنىڭ قولىدا پىۋا بوتۇلكىسى بار ئىدى.

— ھەي، مېنى نېمە دەيسىز، مەن ئارقا سەپ قىسىمدا تۇرغان، شۇڭا ۋېيتنام ئۇرۇشى مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنچە جاپالىق بىلىنمىگەن، قىلىدىغان باشقا چوڭ ئىش يوق، سايگونغا بېرىپ ئويناپ كېلىمىز، ۋالىبول ئوينايمىز، جىنسىي كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ئىمكان بار ساقلانساقلا بولىدۇ. قىسىمدىن بوشىنىپ قايتىش كويىدا كۈنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزىمىز. لېكىن، ئەسكەرلەرنىڭ كۈنى تەس، بەزىدە ئورمانلىقتا ئېچىنىشلىق زەربىگە ئۇچراپ كېتىدۇ. مېنىڭچە سىزنىڭ بارغان يەرلىرىڭىزمۇ ئۇنچە ياخشى ئەمەسقۇ دەيمەن.

— راست، بەك ناچار، ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، بەزىگەك ياكى ئاللىقانداق ئىسسىق بەلۋاغ كېسەللىكلىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن. بەزى يىگىتلەر شۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى، ئادەمنىڭ ئىچى سېرىلىدۇ. ئۇلار دۈشمەن مۇستەھكەم جايلاشقان ساھىلغا ھۇجۇم قىلغاندا، باشقىنى ئەمەس، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ پاناھلىنىغۇدەك بىرەر يەرگە يېتىۋېلىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار تېخى يېقىندىلا ماشىنا سودىسى، دېھقانچىلىق ۋە رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن يىگىتلەر ئىدىغۇ.

— خاررى. س. ترۇمىننىڭ ئۇلارغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغان ئىشقا قانداق قارايسىز؟

روبېرت كىنكاي تۇرۇپ قالدى، ئاۋۋال قولىدىكى پىۋىغا، ئاندىن جىم ۋىلسونغا قاردى.

— بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز، بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئۇ يەردە ئۇچ يىل تۇردى. بەزى فوتوگراف ۋە مۇخبىرلار ئۇرۇشنى ياخشى كۆردۇ. بۇ مېنىڭچە بىر ئادەمنىڭ ئۆز قەيسەرلىكىنى ئىسپاتلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، سەن ئۆزۈڭگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر سۇئىئي خەتەرلەرنى پەيدا قىلالايسەن ... مەن بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەلۋەتتە بىلمەيمەن، مەن مۇنداق ئىشلارنىڭ قانداقتۇر ياخشى تەرەپلىرىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپمۇ باقمىدىم.

روبېرت كىنكاي پىۋىدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياپون ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرماق تەس. مەن... مەن ياپونىيە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ ئىمپېرىيىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كىرىشكە قىزىقمىدىم. ئۆيۈمگە قايتسام، ئۆلۈمدىن يىراقراق تۇرسام دېگەننىلا ئويلىدىم. باشقا نۇرغۇن ئادەملەرمۇ شۇنداق ئويلىغان، مەيلى قانداق بەدەل تۆلىسۇن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر شۇنداق ئويلايدۇ.

روبېرت كىنكاي مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ، جىم ۋىلسوننىڭ بېشى ئۈستىدىكى قانداقتۇر بىر يەرگە تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ مۇجمەل جاۋابلىرى بىلەن ئىككىسى چەككەن تاماكا ئىسى بىر گەۋدە بولۇپ ـ قوشۇلۇپ كەتتى.

روبېرت كىنكاي گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ئاۋازى قۇلاققا شىۋىرلىغاندىن سەل ئۈستۈن ئىدى:

— مەن ئائىلەمگە قايتىپ كېلىپ بىر موتسىكلىت سېتىۋالدىم، ئۇنى مىنىپ داسۇرنىڭ جەنۇبىغا باردىم، مۇشۇ يەرلەر

بىلەن دېگىنىز ياقىلاپ قايتىتىم. باشقا مەقسىتىم يوق، ئۇرۇشتىن قالغان ھەممە نەرسىنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشنىلا ئويلايتتىم. لېكىن، بۇ مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىكەن، ئاشۇ مەنزىرىلەر كاللاڭدا شۇنداق روشەن ساقلىنىپ قالىدىكەن. يەنە ئاشۇ ئوق - دورا، يېقىلغۇ مايلارنىڭ ھىدى بۇرنۇڭدىن كەتمەيدۇ. ئۇرۇش كېيىنكىگە ئولتۇرۇپ ساھىلغا قاراپ ئىلگىرىلەيمىز، قىرغاققا خېلىلا يىراق يەرلەردە سۇ ئاستىدىكى قۇرام تاشلارغا توسۇلۇپ تۇرۇپ قالىمىز، باشقا ئامال يوق، سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان گەپ، كۆلدىكى ئۆردەكنىڭ ئۆزى بولىمىز، بىز ئىلگىرى ئۆزىمىزنى شۇنداق دەيتتۇق.

جىم ۋىلسون ئۇرۇشنىڭ گېپىنى قويۇپ باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ئويلاپ قالدى.

— داسۇر ھەقىقەتەن گۈزەل. مەن سان فرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقاندا ئۇ يەرگە بىر نەچچە قېتىم بارغان. لېكىن، سىز بارغان ۋاقىتلاردا ئۇ يەر باشقىچە بولسا كېرەك. شۇ چاغدا سىز ئۇ يەرنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھېس قىلغان بولغىيدىڭىز.

— شۇنداق، كۆڭۈللۈك ھېس قىلغان. ئۇ يەرگە مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى نىيەت قىلغان ئادەملەر يۈزدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ھەرقايسى يەرلەردىن ئۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى رەسسام ياكى مۇزىكانت دەپ ئاتىشىۋالىدۇ. لېكىن مەن قانداقتۇر سەنئەت توغرۇلۇق نەرسىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىدىم، ياكى ئاڭلاپ باقمىدىم. ھەقىقەتەن باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرىنىڭ قانداقتۇر سەنئەت توغرۇلۇق ۋار-

قىراشقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ھەقىقىي شۇغۇللىنىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك. مەڭگۈلۈك ئۇلتۇراقلىشىپ قالغانلارغا قارىسىڭىز ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەنلا ئالدىراش كۆرۈنىدۇ. لېكىن مېنىڭ ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىم كۆپ ئەمەس، شۇڭا كۆز قاراشلىرىمنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن.

پىۋا تەسىر قىلدىمۇ ياكى كېچىنىڭ تەسىرىمۇ ۋە ياكى ئۆزۈندىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن، ئېيتىشقا پۈرسەت بولمىغان گەپلىرىنى ئالدىدىكى بۇ ئادەمگە تۆكۈۋالغۇسى كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ روبېرت كىنكاي توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى. ئاشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ناتونۇش ئادەملەر بىخەتەر بولىدۇ، ئەتىسى ئەتىگەن جىم ۋىلسون بۇ يەردە قالىدۇ، روبېرت كىنكاي ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇ يەنە ناتونۇش ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇ روبېرت كىنكاي توغرۇلۇق مۇكەممەل ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان بولىدۇ. چۈنكى، روبېرت كىنكاي ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىۋەتكەن ئادەم ئەمەس. فرانسىسكا جونسون بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ روبېرت كىنكاي توغرۇلۇق بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ.

روبېرت كىنكاي قوللىرى بىلەن چېچىنى كەينىگە تاراپ، پۈلغا تىكىلگىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى، ئاندىن نەزىرىنى جىم ۋىلسونغا ئاغدۇردى.

— داسۇردا بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ باس ئىسكىرىپكىچى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى دېڭىز ساھىلىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بەردىم، ساھىلدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىز شىمال تەرەپكە قاراپ بىر مىلچە ماڭدۇق، سۇ بويىدا ئايلاندۇق، تۇمشۇقلارنى ئايلىنىپ ئۆتتۇق. ئۇ تاشقىن ئۆرلەيدىغانلىقىنى، ساھىلغا قامىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىنلىكىنى، تاشقىن يانماي تۇرۇپ تۇمشۇقتىن ئايلىنىپ قايتىپ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. لېكىن، مېنىڭ پەرۋا-

يىم پەلەك ئىدى، ئۇنىڭمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ مەندىن ئۇرۇش توغرۇلۇق پەقەتلا گەپ سوراپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى سالېر-نوغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىتالىيىدە قۇربان بول-غانىكەن، شۇڭا ئۇ نېمىنىڭ ئازاب ۋە ۋەھىمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

بىز ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇردۇق، ئۇ باس ئىسكىرىپكا چالات-تى، دولقۇنلار قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى، دېڭىز قۇشلى-رى چاڭىلدىشاتتى. قۇياش ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئاز قالغان، سايىلەر دېڭىز يۈزىدىن ساھىلغا يۆتكەلگەنىدى. ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە، ئۇنىڭ ئىسمى ۋېنى ئىدى، 20 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئاز ئۇچرايدىغان چىراي-لىق قىز ئىدى، خاتا پەرەز قىلمىغان بولسام، ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەن قۇملۇقتا يېتىپ ئۇ چالغان مۇزىكىغا قۇلاق سالاتتىم. ئۇ شوبېرتنىڭ مۇزىكىسى ئىدى، توغرا، ئۇ قىز شوبېرتنىڭ مۇزىكىسى دېگەندەك قىلغان. ئۆتكەن بىر نەچ-چە يىلدا كۆرگەن بارلىق ئىشلارنى ئەسلەپ تۇرىمەن ھەم ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىمەن.

ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇن ۋاقىت مۇزىكا چالغانلىقى، ئۇ يەردە قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىم ئېسىمدە يوق. قىزىل ئۇزۇم ھارىقىنى ئانچە ـ مۇنچە ئوتلاپ تۇرىمىز، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايمىز ھەم ئۇنداق كۆپ ئىشلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئويلىماسلىققا تىرىشىمىز. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇ-رۇشقا باشلىغاندا ئۇ ئىسكىرىپكىسىنى بىر تاشقا يۆلەپ قويۇپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى … قۇمنىڭ ئىللىق تەپتى ھازىرغىچە ئېسىمدە. ئۇ قولىنى يەرگە تىرەپ، ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلىغا-نىچە مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇششاق ياغاچلارنى تېرىپ كېلىپ ئوت ياقتىم، بىز ئاشۇ يەردە كېچىنى تاڭغا ئۇلىدۇق.

جىم ۋىلسون بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ قالدى، بۇ ئادەمنىڭ مېھمانسارايدا بىر خېلى داۋالاش ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇ ئادەم، روبېرت كىنكاي خىيالىغا كەلگىنىچىلا ھېكايە سۆزلەۋاتقىنى يوق، ئۇ زادى نېمە قىلماقچى، بۇ تەرىپى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئادەم ياشانغاندا ئۆتكەن ئۆمرىنى دائىم ياد ئېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەلۇم بىر ئەھمىيەتلىك ئىشنى قايتىدىن ئېنىچكە ئەسلەپ چىقىشتا باشقا سەۋەب يوق، پەقەت ئۇنى خاتىرىسىدە يېڭىلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. بۇمۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ گۇلخان ئەتراپىدا ئايلىنىپ، قەدىمكى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قالدۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش ئىش.

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا ئۇ خېلى بولىدىغان قىزدەك قىلىدۇ.

روبېرت كىنكاي قولىنى ئۇزىتىپ پۈتنى ئالماقچى بولغاندا، قولى چىراغنىڭ قالپىقىغا تېگىپ كېتىپ چىراغ نۇرى ياتاق ئىچىدە ئالاڭلاپ كەتتى، ئىت سەگەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. روبېرت كىنكاي چىراغ قالپىقىنى تۇتۇپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويدى.

— بىز باياتىن مەن داسۇردا قالدۇرۇپ كەلگەن ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. لېكىن، ماڭا پۈتۈن دۇنيا كۆزىتىشىمىزنى، چۈشىنىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم مەن قىلماقچى بولغان، كۆرمەكچى بولغان، بېشىمدىن ئۆتكۈزمەكچى بولغان سانسىز ئىشلار بىلەن تولغان. ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گويا پۈرژىنغا ئوخشاپ قالدىم، چىڭ تارتىلىپ تۇرىمەن، كاللامدا ھېچقانداق ئوي ـ پىكىر يوق، پەقەت ھاياتىمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە خوراۋاتقانلىقىنى، يەنە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش، كۆرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسە بارلىقىنىلا ھېس

قىلىمەن.

— شۇ سەۋەبتىن بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئۆزۈم بىلىپ تۇرىمەن، ئىتتىكرەك بولۇپ كەتتى. مەن يولغا چىقىش ئۈچۈن موتسىكلىتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇ مەندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، بارمىقىنى بەلۋېغىمنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. راست گەپنى قىلسام، تۇرۇپلا كېتىش خىيالىدىن يالتىيىپمۇ قالدىم. لېكىن، ئۇن مىنۇتتىن كېيىن يەنىلا ئۇ يەردىن ئايرىلدىم، بىراق ھېچقانداق ھەقىقىي ئايرىلىش تۇيغۇسىدا بولمىدىم، ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز، يەنە كۆرۈشىمىز دەپ ئويلايتتىم. راست، بىز شۇ چاغدا شۇنداق كېلىشكەن، شۇ مىنۇتتا بۇنىڭدىن ھېچقايسىمىز گۇمان قىلمىغانىدۇق. لېكىن، ھەممە ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئۇخشاش، ۋاقىت ۋە ئارىلىق بىزگە توسالغۇ بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ پارچە خەت يېزىپ سېئاتلدا مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپ قالماقچى ئىكەنلىكىمنى، ياخشىراق بىر يەر ئىزدەۋاتقانلىقىمنى ئېيتقاندىم.

لېكىن ئۇنىڭ باشقا بىر يەرگە كەتكەنلىكى ئېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈممۇ شۇ مەزگىللەردە ئۇياق - بۇياقلاردا قاتراپ يۈردۈم. شۇڭا، ئۇ ماڭا خەت يازغان تەقدىردىمۇ، خەتلىرىمىز پوچتىخانىلاردا تۇرۇپ، ئاخىردا ئىگىسىز خەتلەر قاتارىدا ساندۇققا تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزىنى بىلىدىغان قىز ئىدى، يېشى ۋە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى ھەقىقىي بىر مۇستەقىل قاراشقا ئىگە قىز دېيىشكە بولاتتى، شۇڭا ئۇنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇ چاغدا ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆمۈرلۈك ئىشنى ئويلاشمىغانىكەن. ھەي خۇدا، مانا بۇ تامامەن باشقىچە بىر خىل ھايات، — روبېرت كىنكاي بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، نەپسىنى ئىچىگە تارتتى ۋە ئاستا

— ئاستا چىقاردى، — سىز بايا ئۆزىڭىزنى ئالىي مەكتەپتە پروفېسسور ئىدىم دېدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، توققۇز يىل پسىخولوگىيە دەرسى ئۆتتۇم. ئۇنداق ئىلمىي تۇرمۇشقا چىدىغىلى بولمايدىكەن، سىز ئۇنى تۇرمۇش دەپ قارامسىز كىن، بىلمىدىم. قارىسىڭىز، بىر توپ سوتسىيالىزمچىلار بىر تەرەپتىن باراۋەرلىك پەلسەپىسىنى ھەدەپ سېتىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ھەر قانداق ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ۋە كەسپىي كوللېكتىپنىڭ ئەڭ قاتتىق سىنىپىي قۇرۇلمىسىنى قوغداۋاتقان. كېيىن خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ بىر نەچچە يىل بىكار يۈردۈم. ئاخىردا بۇ مېھمانسارايىنى ئېچىپ قويدۇم، قاچانغىچە ئاچىمەن، ئۆزۈممۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

جىم ۋىلسون، بۇ مېھمانسارايىنىڭ خوجايىنى ئورنىدىن تۇرۇپ تازا سوزۇلۇپ كېرىلدى.

— ئەمدى ئاستا چىقىپ ئۇخلاي، ئالتىنچى كورپۇسنىڭ سۇ تۇرۇبىسى يېرىلىپ كېتىپتۇ، ئەتە يېرىم كۈن ۋاقتىم شۇنىڭغا كېتىدىغان بولدى. سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن. ئىتتىڭىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك، توغرا دەپتىكەنسىز، ئۇرغۇن خېرىدارلارغا قارىغاندا ياخشى تەربىيە كۆرگەنىكەن، سىز كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا مېھمانسارىيىمغا كېلىپ يېتىشىنى قارشى ئالىمەن، — ئۇ روبېرت كىنكايغا قولىنى ئۇزاتتى.

— سىزگە ئامەت تىلەيمەن، سىز بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن، — روبېرت كىنكاي جىم ۋىلسون بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ ئىشىكنى ياپتى. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ كىتابنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بەستىلىك باش پېرسوناژنىڭ شورلۇق يەر ئەتراپىدىكى كەركىدانىنىڭ ئىزلىرىغا قاراۋاتقانلىقىنى، باشقا بىر نەچچە ھايۋاننى يوقىتىشقا

تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ كىتابنى قويۇپ كارىۋات بې-
شىدىكى چىراغنى ئۆچۈردى.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى، يەنە غەلىتە بىر چۈشمۇ
كۆردى، بەزىلىرى ئۆتمۈش خاتىرىلىرى، بەزىلىرى خىيالىي
تۇيغۇ ئىدى، سىنگاپوردىكى لاۋپىلارس مەيخانىسىدا بىر ماتروس
بىلەن پاراڭلاشقان ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. روبېرت كىنكاي-
نىڭ بىر قولى كارىۋاتتىن پەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئىت
ئۇنىڭ قولىنى يالاپ قويدى.

سىرتتا «تىنچ ئوكيان سەرگەردانى» ناملىق بىر كېمە كۆۋ-
رۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ لەڭگەر تاشلايدىغان يەرگە قاراپ كېتىۋا-
تاتتى. كېمىدىكى ماللار ئىچىدە كورىيىدە ئىشلەنگەن تېلېۋى-
زورلار بار ئىدى. بۇ تىنچ ئوكياندا كېمىدىن چۈشۈرۈلگەندىن
كېيىن تاراۋا پورتىدىكى زامانىۋى ئەسۋابلار بىلەن باشقا بىر
كېمىگە يۆتكەپ بېسىلىدىغان ماللار ئىدى.

## دادىسىنى ئىزدەش

جەنۇبىي داكوتا شتاتىدا كەچ كۈز، ئاسمان گىرىمسەن، غۇر - غۇر شامال ئۇرۇپ تۇرغان بىر ئەتىگەن، يېزىدىكى پوچتىكەش «3 - يول، كارلىل ماكمىللان» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر خەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدا توختىدى. 50 يارد نېرىدىكى پاتقاقلىق يولدا، هازىرمۇ ۋىللىستون تاغا دەپ ئاتىلىدىغان يەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كارلىل ياغاچ توشۇۋاتاتتى. ئامېرىكا يېزىلىرىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە نۇرغۇن يەرلەردە كىم بىرىنچى بولۇپ ئۇ يەرگە ئۆي سالغان بولسا شۇ ئادەمنىڭ ئىسمى يەر نامى قىلىپ قويۇلاتتى.

پوچتىكەش كارلىلنى كۆرۈپ، خەت كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن سىگنال بەردى. ئادەتتە كارلىلغا كۆپ خەت كەلمەيتتى، شۇڭا پوچتىكەش خەت كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردى. كارلىل بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ قولىنى پۇلاڭلاتتى ۋە تار يول بىلەن بۇ تەرەپكە ماڭدى، پوچتىكەش بولسا شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئاكسېل ۋە ئېرلىن لۇكنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. «ئاكسىل شۇ تاپتا خەت ساندۇقىغا يۈگۈرۈپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا كېلىدىغان ياردەم پۇلىنىڭ چېكىنى ساقلاۋاتىدىغۇ دەيمەن» دەپ ئويلىدى پوچتىكەش. ئۇنىڭ خەت ساندۇقىنىڭ يېنىدا ساقلاۋاتقىنىغا ئىككى - ئۈچ كۈن بولدى. ئۆلگۈر هۆكۈمەت بىر ئىشنى ۋاقتىدا پۈتتۈرمەيدۇ، دەپ قاقشاپ يۈرەتتى، ياردەم پۇلى ۋاقتىدا كەلمىسە ئۇنىڭ قاقشىغىنى قاقشىغان ئىدى.

ۋىللىستون تاغىنىڭ كونا ئۆيىنى چۆۋۈپ - تۈزلەپ باشقى-
دىن ياساۋاتقاندا، كارلىل ئۆزىگە بىر ياخشى ھەمراھ تېپىۋال-
دى. قۇرۇلۇشنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پۈتكەندە ئۇنىڭ ئىش
ئورنىدا يوغان بىر مۈشۈك پەيدا بولۇپ قالدى ۋە بۇ يەرنى
ياقتۇرۇپ قالغاندەك كەتمىدى. كارلىل تۈكلىرى ئۆسكىلەڭ بۇ
ئالا مۈشۈككە سىنچىلاپ قارىدى، مۈشۈكنىڭ كۆزلىرى سار-
غۇچ، سول قۇلىقىدا جاراھەت بار ئىدى. مۈشۈكمۇ كارلىلغا
تازا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسا كېرەك،
چۈشلۈك تاماقتا قەيقالدى، كەچلىك تامىقىنىمۇ شۇ يەردە يېدى،
ئاخىردا بۇ يەردە مەڭگۈلۈك قەيقىلىش نىيىتىگە كەلدى.

— ھەي، يوغان مەخلۇق، ساڭا «موللاقچى ماشىنا» دەپ
ئىسىم قويسا تازا مۇۋاپىق كەلگۈدەك، — دېدى بەشىنچى كۈنى
كارلىل، — ئەگەر كۆڭۈلگە كەلمىسە سېنى مۈشۈ ئىسىم بىلەن
ئاتاي.

«موللاقچى ماشىنا» كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى،
كارلىل چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.

كارلىل خەتنى ئېلىپ كىرگەندە «موللاقچى ماشىنا» كارى-
دوردا ئىدى، ئىككىسى ئۆيگە بىللە كىردى. «موللاقچى ماشى-
نا» ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوچاق يېنىغا بېرىپ تۇردى،
كارلىل ئەسكى چۆگۈندىن بىر ئىستاكان چاي قۇيدى. ئۇ بۇ
چۆگۈننى راپىدس شەھىرىدىكى كونا ماللار ماگىزىنىدىن سېتى-
ۋالغانىدى. كارلىل ئىستاكاننى توك ھەرىنىڭ تاختىسى ئۈستى-
گە قويۇپ قويدى. توك ھەرىنىڭ مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقىنىغا
ئۈچ ئاي بولغانىدى. كارلىل ئۈچ ئايدىن بېرى بۇ كونا ئۆينى
ئوڭشاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

خەت ئاپىسى ۋېنىدىن كەلگەنىدى. ئۇ ئون كۈن ئىلگىرى
ئاپىسىغا بىر پارچە خەت يازغان. ۋېنى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ
خەتنىڭ جاۋابىنى تولىمۇ تېز قايتۇردى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى

ۋېنى ئادەتتە خەت - چەك، دوختۇرنىڭ رېتسېپى دېگەندەك نەرسىلەرنى قويغان يېرىنى بىلمەيلا يۈرەتتى. لېكىن، ماختاشقا ئەرزىيدىغان بىر يېرى، مۇھىم ئىشلارنى ئېسىدىن چىقارمايتتى، مەسىلەن، شۇبېرتىنىڭ مۇزىكىلىرىدىكى مۇرەككەپ بۆلەكلەر ۋە ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىكى كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان تەپسىلاتلار دېگەندەك.

*قەدىرلىك كارلىل:*

*ھەيران قېلىشىۋاتىمەن، ئۆز ئالدىڭغا خەت ساندۇقىڭ بار ئىكەن، ھەممىگە ئىگە بوپسەن. گەپلىرىڭگە قارىغاندا ئۇ يەرگە مۇقىم ماكانلىشىپ قالغاندەكمۇ كۆرۈنىسەن. كونا بىر ئۆينى ئېلىپ رېمونت قىلىشىۋاتقانلىقىڭنى ئۇقۇپ بەك خۇشال بولدۇم. بىر ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيۈڭنى كۆرۈپ كېلەرمەن دېگەن ئارزۇيۇم بار. نېمىلا بولسۇن، سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن بەك خۇشالمەن.*

*يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، كۆز سېلىپ يۈرگەن بىرەر قىزىڭ بارمۇ؟ بۇ سوئالنى تۇزلا سورىغىنىم ئۇچۇن كەچۈرەرسەن. لېكىن، ئانىلار، ھەتتا مېنىڭدەك غەلىتە مىجەز ئانىلارمۇ پەرزەنتىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايدۇ. ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىنلا يېشىڭ 40 قا ئۇلىشىپ قالغۇدەك. بىلمەسەن، بىر - ئىككى نەۋرە كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى.*

*خوش، ئەمدى سەن ئالدىنقى قېتىملىق خېتىڭدە سورىغان ئىشلار — داداڭ ۋە ئېسىمگە ئالالايدىغان ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشەيلى. مەن يەنىلا ئىلگىرى سۆزلەپ بەرگەن مەزمۇنلارنى تەكرارلاشقا مەجبۇرمەن. داداڭ ئىلگىرى قىسىمدا تۇرۇپ كېيىن بوشانغان، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى فوتوگراف ئىكەن، ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدا فوتوگراف بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئەينى چاغدا (خاتالاشمىغان بولسام) دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدىن يېڭىلا بوشانغانىكەن. ئۇ ئۇرۇش توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ئانچە*

خالاپ كەتمەيدىكەن. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچىمۇ، ئۇ ئۇرۇش توغرۇلۇق گەپ ئېچىشنى پەقەتلا خالىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى روبېرت، فامىلىسىنى ئېيتىپ بەرگەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن ھازىر پەقەتلا ئېسىمدە يوق.

مەن ئۇنىڭ بىلەن 1945 - يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇچرىشىپ قالغان، يەنى دەل بېلىلا بارتوك ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى. ئۇنىڭ موتسىكلىتىنىڭ رەڭگى قىزىل، بەزى يەرلىرىگە خروم يالىتىلغان. ماي باكىنىڭ ئۈستىدە بىر بەلگە بار، كۆمۈش رەڭدە، موتسىكلىتنىڭ ماركىسى بولسا كېرەك. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ماركىنىڭ نامى «A» ھەرپى بىلەن باشلىناتتى. ئادەمنىڭ خاتىرىسىدە قالغان نەرسىلەرگۇ مۇكەممەل بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ موتسىكلىتىغا ماي قاچىلاپ بېرىۋاتقاندا ماركىسىغا دىققەت قىلغان، لېكىن باش ھەرپىگىلا قاراپتىكەنمەن. لېكىن ئۇنىڭ سىنگاپوردا تونۇشۇپ قالغان بىر ماتروس توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە، بۇ غەلىتە ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

يەنە باشقا تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ قولىغا بىلەزۈك تاقاپ يۈرەتتى، ئۇڭ بىلىكىگە تاقىۋالغانىدەك ئېسىمدە. ئۇ ئورۇق، ئېگىز بوي بولىدىغان، كىيىنىشى ئاددىي، ئاسما باغ تاقىۋالاتتى، ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىنى تازا تەپسىلىي سۈرەتلەپ بېرەلمىسەممۇ، بىلىشىمچە، كېلىشكەن ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى، لېكىن كۆرۈمسىزمۇ ئەمەس. ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقا ئەرلەردىن تاپقىلى بولمايدىغان ئالاھىدە نەرسىلەر بار. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە ئادەمگە قاراشلىرى ئېنىق ئېسىمدە، كۆزلىرىنىڭ تازا خۇنى يوق، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى تازا ئۇقمايمەن (30 ياشلار ئەتراپىدا بولسا كېرەك)، ئىشقىلىپ، ئەمەلىي يېشىدىن خېلىلا قېرى كۆرۈنەتتى.

ئەمدى دېيىشكە تېگىشلىك يەنە نېمىلەر قالدى؟ ھەممىسى تولىمۇ ئىلگىرىكى ئىشلاردەك بىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا نە قەدەر ياش ئىدىم، ئەمدىلا 19 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، كۆندۈرۈلمىگەن

تايدەك شاش ئىدىم، كاللام تۇرلۇك - تۈمەن غەلىتە ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن تولغانىدى، سەنئەتكارلاردەك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، تەبىئەتكە يېقىنلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭ قىياپىتى هازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ هەربىي قىسىمدىن بوشانغاندىن كېيىن چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن، موتسىكلىت بىلەن ماڭغاندا گۈللۈك قولياغلىق بىلەن چېچىنى ئارقىسىدىن بوغۇۋالاتتى. مەن باشتا دېگەندەك، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، ئۇ كېلىشكەن ئەرلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. لېكىن، بىز موتسىكلىتقا مىنىپ داسۇر كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئۇچىسىدىكى ئۆتۈك ۋە قارا كۆزەينىكى بىلەن ئادەمنى تولىمۇ مەھلىيا قىلىدىغان هالەتكە كېلەتتى.

ياساۋاتقان ئۆيۈڭنىڭ ئەهۋالىدىن مېنى خەۋەردەر قىلىپ تۇر. بۇ يەردىكى هەممە ئىشلار نورمال، ۋاقتىڭ چىققاندا مېنى يوقلاپ كېتەرسەن. باشقىسىنى دېمەي تۇرايلى، مەن داداڭ بىلەن پەقەت ئۈچ - تۆت كۈنلا بىللە بولغان بولسامىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ناهايىتى سۆيۈملۈك، يېقىشلىق ئەر ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلالايمەن. مەن هەرقانداق ئىش ئۈچۈن ئەپسۇسلانمايمەن، چۈنكى ئۇ ماڭا سېنى ئاتا قىلغان.

سېنى سۆيۈپ
ئاپاڭ ۋېنى
1981 - يىلى 20 - نويابىر

قوشۇمچە: ماركوس خانىم بىلەن ئۈچرىشىپ سالىمىڭنى يەتكۈزۈپ قويدۇم، ئۇمۇ ساڭا سالام ئېيتتى، ئۇ سېنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرىدۇ، كوردى، ئىككىڭلارنىڭ گېپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ۋاقتىڭ چىققاندا ئۇنىڭغا قىسقا بولسىمۇ بىرەر پارچە خەت يېزىپ قويغىن. سەن كىچىك ۋاقتىڭدا ساڭا ئالتە يىل ئۆگەي دادا بولغان قەدىرلىك جوناتان سان فرانسىسكودىن قايتىشىدا بىزنىڭ بۇ يەرگە چۈشۈپ ئۆتتى. بىز سىرتقا چىقىپ بىللە قەهۋە ئىچتۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ هاۋالە فوندى، يازغان

*ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقى ۋە يېقىندا ئۆي-لەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مېنى بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلغاندى، مەن رەھمەت ئېيتىپ چىرايلىق رەت قىل-دىم. ئىلگىرى ئۇنىڭ قايسى تەرىپىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمغا هازىرغىچە ئەقلىم يەتمەيدۇ.*

كارلىل ماكمىللان بىر پارچە قەغەزنى ئالدى، ئاندىن كۆڭ-لىكىنىڭ يانچۇقىدىن ياغاچپىلىقتا ئىشلىتىدىغان قېرىنداشنى چىقاردى. «كۆپ نەرسىغۇ يوق ئىكەن، — ئويلىدى ئۇ، — شۇنداقتىمۇ ئاپام ئېيتىپ بەرگەن يىپ ئۇچلىرىنى خاتىرىلەپ قوياي.»

*ئىسمى «روبېرت»*
*موتسىكلىتىنىڭ ماركىسىنىڭ باش ھەرپى «A» بىلەمزۇك؟*
*2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى — تىنچ ئوكيان. دېڭىز ئارمىيىسى-نىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمى؟*
*ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە فوتوگراف*
*سىنگاپور = سەرگەردانلىق؟*
*يېشى = 30 ياش ئەتراپىدا.*

يۇقىرىقىلارنى گراپلاشتۇرۇپ چىقىش مۇمكىن، ئەڭ ئۈستىدىكى كاتەكچىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى توشتۇرۇپ، ئاندىن ئىسىم بىلەن يىپ ئۇچى يېقىنلىشىدىغان تەرەپلەرنى ئىز-دىسە بولىدۇ. لېكىن، ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ ئۇ ئىشقا كىرىشىدىغان بىر نۇقتىنى تېپىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھەر-قانچە ئويلاپمۇ قەيەردىن قول سېلىشنى بىلمەيۋاتاتتى. بەلكىم ئاخىرى چىقمايدىغان كونا ژۇرنال، كونا گېزىتلەرنى ئاختۇرۇش-

تىن باشقا ئامال يوقتۇ.
كارلىل ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى، كاللىسىدا ھەر خىل خىياللار كېزەتتى. تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلىغاندا، ئۇ دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. تېلېفون ئاغىنىسى بۇددى رېئامستىن كەلگەنىدى. كارلىل ئوئاكلاندتا تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇنى ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالغان، بۇددى بەزى تەرەپلەردە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسىمۇ، لېكىن ئۇستا ياغاچچى ئىدى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ياخشى يىگىت ئىدى.
— كارلى[1]، ھەي قېرى تۈلكە. بەك خۇشالمەن، ھەر ھالدا سېنىڭ ئاۋازىڭنىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىكەن - ھە! بۇ تېلېفون نومۇرىنى ئاپاڭ ئېيتىپ بەردى. سەن زادى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن؟ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟ ئاپاڭدىن ئاڭلىشىمچە، شىمالىي داكوتانىڭ جەنۇبىدىكى قانداقتۇر داكوتا دېگەن يەردە تۇرۇۋېتىپسەن. ئۇ يەر زادى خەرىتىدە بار يەرمۇ؟ بۇ يەردىن ئۇ يەرگە بارغىلى بولامدۇ؟ قايسى پلانېتىنىڭ پاسپورتى بىلەن كىرگىلى بولىدۇ؟
كارلىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇددى پەقەتلا ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇلار ئىككى يىل ئىلگىرى ئايرىلغاندا، بۇددى يېڭى مېكسىكا شتاتىنىڭ بىر كوممۇناسىغا ئەزا بولۇپ قېتىلىپ كەتكەنىدى.
— سەن ھازىر قەيەردە، بۇددى؟
— ئوئاكلاندتا، يەنە شۇ ئۆي بوزۇپ، ئۆي سالىدىغان كونا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ھاراقنى چىلاشقۇدەك بىر ئىچىۋالىمەن، بىر ھەپتە تارتقان جاپايىمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۇچۇن ئىچىمەنغۇ. سېنى ئۆزىگە ئۆي سېلىۋاتىدۇ دېدىمۇ ياكى كونا ئۆي ئېلىپ رېمونت قىلىۋاتىدۇ

---

① كارلى — كارلىلنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

دۇ دېدىمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىر گەپلەرنى ئاڭلىدىم.
كارلىل ئۇنىڭغا، ۋىللستوندىن بىر كونا ئۆي ئېلىپ ئوڭ-شاۋاتقانلىقىنى، ئۇ ئۆي ئۆزىنىڭ ھۇنىرى بىلەن باشقىچە يېڭى تۇسكە كىرگەچكە، داڭقى ئەتراپقا تارقىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىرنەچچە بازاردىكى ئۆيلەرنى ياساپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان-لىقىنى سۆزلەپ بەردى.
— بىرەر قىزنىڭ پېشىنى تۇتتۇڭمۇ؟ ئۆي ياساش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئايال زاتىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنسەن؟ ياكى ئۇ يەرگە سۇرگۇن قىلىنغان. ئېپپىتى بۇزۇلمىغان قىزلار ۋە مەھ-بۇسلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتامسەن؟
— ھەي، ساڭا نېمە دېسەم بولىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى قەھۋەخانىدىكى بىر قىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتىمەن. ھە، بۇددى، سېنىڭ كوممۇنا ھاياتى ھەققىدىكى ئۇلۇغ غايىلى-رىڭ قانداق بولدى؟
— ھەي، ئۇنىڭ گېپىنى بىر قىلمىغىنا، كارلى، بەلكىم ئېسىڭدە بار، مەن ئۇ يەرگە بىر قىزنى دەپ بارغان. ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ ساڭا يازغان خېتىمدە ئۇنى سەل ئۆزىنى سورىماي-دىغانراق قىز، دېگەنىدىم. تېخى ساڭا، ئەگەر مېنىڭ يېنىمغا كەلسەڭ، ئۇ قىزدىن تەڭ پايدىلىنىشقا رازىمەن، دېگىنىممۇ ئېسىمدە.
كارلىل بېشىنى چايقاپ كۇلۇپ قويدى. بۇددىنىڭ ئۇ قىز توغرۇلۇق يازغان خېتى كارلىلنىڭ ئېسىدە ئىدى. بۇددى يەنە كوممۇنانىڭ گۈزەل كەلگۈسى توغرۇلۇقمۇ بىرمۇنچە سۆزلىگەن-دى.
— شۇنداق، ئېسىمدە. ئۇ قىزنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟
— ھەي، قانداق بولاتتى دەيسەن، ئۇ قىز بىر گىتارچى بىلەن باشقا بىر كوممۇناغا قېچىپ كەتتى. ئۇ گىتارچى نەدىكى بىر نەرسىلەر بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ

يۈرىدىغان نېمە ئىدى، قانداقتۇر 60 ـ يىللارنىڭ گۈلى دەمدۇ، تىنچلىق دەمدۇ، جىنسىي ئەركىنلىك دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇنداق كونا ناخشىلارنى توختىماي توۋلاپ يۈرەتتى. مەن بولسام پەقەت جىنسىي ئەركىنلىككىلا قىزىقىمەن. يەنە بىرى، پۈتۈن كوممۇنا بويىچە قولىدا ئاز ـ تولا ھۈنىرى بار ئادەم بىر مەنلا ئىدىم. شۇڭا ئۇلار ھەربىيلەر پاسونىدىكى ئاشخانا، تاماقخانا، ياتاق دەمدۇ، ھەممىسىنى ماڭا ياسىتاتتى، ئۆزلىرى بولسا بىكارچىلىقتا باشقا ئىش تاپالماي نەشە چېكەتتى، يەنە ھېلىقى... ئىسمى نېمىتى، نى... كى،... ھى، بىر گېرمانىيىلىك بارغۇ، پەيلاسوپ دەمدۇ نېمە، شۇ توغرۇلۇق گەپ ساتاتتى.

— نىچشې دېگىنە، فرېدرىخ نىچشې.

— توغرا، نىچشې. مەن سىلەردەك ئالىي مەلۇماتلىقلارغا ئۆچ، كارلى. ئەگەر سېنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنىرىڭگە قايىل بولمىغان بولسام سەن بىلەن ھەرگىزمۇ ئارىلاشمىغان بولاتتىم. گەپنى ئۇزارتمايلى، مەيلى نېمە بولسۇن، مېنىڭ نىچشې دەمدۇ، تىنچلىق، مۇھەببەت، گۈل دەمدۇ، ئاشۇنداق ئەخلەتكە ئايلانغان نەرسىلەردىن قانچىلىك بىزار ئىكەنلىكىمنى سەن بىلىدىسەن. شۇڭا، ئۇ قىز گىتارچى بىلەن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ ئۇ يەردىن دەرھال كەتتىم، ئۇ قىزغا خوشمۇ دەپ قويمىدىم، ئۇ قىزمۇ ماڭا خوش دېمەي كەتكەنىدى. ھېلىقى گىتارچىمۇ گىتار چېلىپ قانچىلىك ئىشنى تاڭ ئۇتقۇزالايتتى دەيسەن. ئېسىڭدىمۇ، ئىككىمىز دائىم بىللە بېرىپ جېيسى روۋنىنىڭ «كاتېر فوللېر» دېگەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ كېلەتتۇققۇ؟ جېيسىنىڭ گىتارىنىڭ تارلىرى ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى قانداقتۇر تىنچلىق، مۇھەببەت ئەپەندىلەر ئورۇنلاپ بېرەلمەيدىغۇ.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. ئاخىردا كارلىل ئۇنىڭغا دادىسىنى ئىزدەۋاتقان ئىشنى ئېيتتى. بۇددىنىڭ گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئادەمنىڭ دىتىغا سىغمىـ

سىمۇ، لېكىن بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە كەلگەندە، ئۇ تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئىشەنچ بىلەن گەپ قىلدى.

— مەن ئۇ ئىشنى بىزنىڭ بۇ يەردىنمۇ سۈرۈشتۈرەي. بەلكىم ساكرومېنتوغا بىر بېرىپ كېلىشكىمۇ توغرا كېلەر. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ يەرگە بارىمەن. ئالدىنقى ئايدا فلېت-ۋود مىكنىڭ مۇزىكا كېچىلىكىدە بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارماقچى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىز ئەمەس، لېكىن ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدۇ.

كارلىل كۈلۈپ كەتتى. ھەي، بۇ بۇددى ئازراقمۇ ئۆزگەر-مەپتۇ، ئۆزىنى ھەرقانداق ئىشقا ئۇرۇپ تۇرىدۇ، يېشى 40 قا ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق ئىشتىن يانمايدۇ.

— ساكرومېنتودا بىر نەچچە تونۇشۇم بار، ئۇلار موتسىك-لىتلارنىڭ ئارخىپىنى ئاختۇرۇپ بېقىشنىڭ يولىنى قىلالىشى مۇمكىن. ھەي، بۇ 30 يىل ئاۋۋالقى ئىش ئىكەن - دە. لېكىن، بىلىسەن، ئۇ ئۆلگۈر بيۇروكراتلار ھەرقانداق نەرسىنى مەڭگۈلۈك ساقلايدۇ، شۇڭا ئۇ يەردىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغىلى بولار دەپ ئويلايمەن. توختا، مەن بەزى نەرسىلەرنى خاتىرىلىۋالاي. ئىسمى روبېرت، شۇنداقمۇ؟ موتسىكلىتنىڭ ماركىسى باش ھەرپى «A»، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىش-غىلا ئالغان. 1945 - يىلى ئاۋغۇست ياكى سېنتەبىر ۋە ياكى شۇ ۋاقىتلار ئەتراپىغا توغرا كەلسە كېرەك. ئۇرۇشتىن كېيىن دېڭىز قولتۇقى رايونىدا قانچىلىك موتسىكلىت سېتىلدى، بۇمۇ بىر گەپ دېگىنە، 20 مىليون، 30 مىليون...

— مەن ئۇنىڭ موتسىكلىتنى ئۇرۇش ئاخىرلىشىشىغىلا ئالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەيمەن، بەلكىم ئۇ ئىلگىرىرەك ئې-لىپ ئۆيىگە تاشلاپ كەتكەندۇ.

— ھە، ناھايىتى ياخشى، كارلى. ئۇ چاغدا ئىلگىرى ھەرقانداق يەردە ساتقان موتسىكلىتنىڭ دائىرىسى يېرىمغا يېقىن تارىيىدۇ. ئىشقىلىپ، مەن بېرىپ ئېنىقلاپ باقىمەن. ئۇنداق كونا نەرسە ھېسابلاش ماشىنىسىدا ساقلانمايدۇ، ئادەم كوچىگە تايىنىپ ئىزدەيدىغان گەپ، لېكىن ئۇ توغرۇلۇق يىپ ئۇچىنى ئىنچىكىلەپ ئىزدەشتۇرىمەن. سەن ئۇنى شۇ يەردىكى بىر ئاشخا- نىدا ئىشلەيدۇ دېدىڭمۇ؟

— كىمنى دەيسەن؟

— كىم بولاتتى، سەن قارىغا ئېلىپ يۈرگەن قىزچۇ.

— ھە، ئۇنى دەمسەن. ئۇنى «قارىغا» ئېلىۋاتىمەن دېيەل- مەيمەن. ئۇ دېنىنى قەھۋەخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ ساندۋى- چى ئوماخا ۋە شېيىن بويىچە ئەڭ داڭلىق، قىيمىلىق گۆشى بىلەن ياڭيۇ قىيامىمۇ ياخشى.

— نەق مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر ئىكەن - دە. ساندۋىچ ۋە گۈزەل قىزچاقمۇ ياكى گۈزەل قىزچاق ۋە ساندۋىچ- مۇ؟ مەيلى نېمىلا بولسۇن، سەن بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن، يەنە بىر ئىش، كارلى، ئۇن - تىنسىز ئۆلۈپ كەتمە، بۇ مېنىڭ يېڭى تۇرغۇزغان ئەقىدەم.

— بۇ قانداق گەپ؟

— مەن بىر تىزىملىك تۇرغۇزۇپ، ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئۆلۈم شەكىللىرىنى تىزىملاپ چىقىۋاتىمەن. ئۇنداق ئىشنىڭ ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزى ئىشلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپمۇ يۈرۈۋاتىمەن.

— مەسىلەن؟

— دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ قالمىغىن، ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىسۇن. بۇ بىرىنچىسى، ئەڭ ئەقەللىي پەرز. ئۇنداق ئۆل- گەندىن ئۆزۈڭ بۇ ئۆمرۈڭدە سالغان ئەڭ ياخشى ئۆيۈڭگە ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە تاختاينى مىخلاۋاتقاندا يىقىلىپ ئۆلگىنىڭ

ياخشى. ئىككىنچىسى، كايمات تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا، ئەرلەر-نىڭ ئىچ كىيىمىدىكى ئالاھىدە يېشىل نۇر چاقنىغاندا، چاقلىرى ئۇپرات كەتكەن، دات باسقان، 68 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان كادىللاك ماركىلىق ماشىنىنىڭ قويرۇقىغا سوقۇلۇپ ئۆلمىگەن.

كارلىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇددىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى قىزىقارلىق ئىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— يەنە بىرى، پېنسىيىگە چىققانلار ئۇچۇن پىلانلانغان رايوندا بەدىنى كېلەڭسىز سەمرىگەن، 64 ياشلىق بوۋاي ھەيدە-گەن چۆپ قىرقىش ماشىنىسىدىن ئۇچۇپ چىققان تاشنىڭ زەر-بىسىدىن ئۆلمىگەن. ھازىرچە تىزىملاپ چىققانلىرىم مۇشۇنچى-لىك، يەنە داۋاملىق تىزىملايمەن تېخى. كېيىن مۇكەممەل بىر تىزىملىكنى ساڭا ئەۋەتىپ بېرىمەن. سالامەت بول، كارلى. سەن بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈم يورۇپلا قالدى. داداڭ توغرۇ-لۇق بىرەر يىپ ئۇچى بولسىلا ساڭا خەۋەر قىلىمەن.

— رەھمەت، بۇددى، سەنمۇ سالامەت بولغىن، ياردەم قىلغىنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن.

ئارىدىن يەتتە سائەت ئۆتۈپ بۇددىدىن يەنە تېلېفون كەلدى، تېلېفوندىن ماشىنىنىڭ ئاۋازىمۇ كېلىپ تۇراتتى.

— كارلى، مەن بۇددى. ھازىر ساڭا ساكرومېنتودىكى تېلېفونخانىدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن. موتسىكلىت ئارخىپلىرى-نى باشقۇرىدىغان نانسى ئىسىملىك بىر خېنىم ماڭا چوڭ ياردەم قىلدى. تەس ئىشكەن ئۇ، شۇنداقتىمۇ مەن ئويلىغاندىن ھەر ھالدا ئاسان بولدى. ئارخىپلارنى توختىماي ئۈچ سائەت ئاختۇ-رۇپتۇق، نېمىلا بولسۇن تارتقان جاپاغا لايىق ئازراق بولسىمۇ يىپ ئۇچىغا ئېرىشتۇق. ئالدىڭدا قەلەم، قەغەز بارمۇ؟ 1945 ـ يىلى ئاۋغۇست بىلەن سېنتەبىر دە سان فرانسىسكودا روبېرت ئىسىملىك 28 ئادەم موتسىكلىتنى تىزىملىتىپتىكەن، ئاساس-

لىقى خارىلىقلار ۋە ئىنىدىئانلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا موتىسىكلىتنىڭ ماركىسىنىڭ باش ھەرپى «A» ئىكەن، يارىل مەيدانى تۆت تىپىلىق دەمىدۇ ئەيىتاۋۇر، 1945 ـ يىلى 24 ـ سىنتەبىر تىزىملىتىپتىكەن. ئۇ باشقىلار بىر مەزگىل مىنگەن موتىسىكلىت ئىكەن. «مەيدان تۆت تىپلىق»، بەلكىم سىلىنىدىرنى توغىرىلاش دىگەنىدەك نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك...

كارلىل ئۇنىڭ گىپىنى بۆلدى.

— بۇددى، ئىسمى، تىزىملاتقۇچىنىڭ ئىسمى نىمىكەن؟

— ھە، توغرا، ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئىسمى روبىرت. ل. كىنكاي، مال يەتكۈزۈلىدىغان يەر دەپ توماقلا قىلىپ سان فرانسىسكو دەپ يىزىپ قويۇپتۇ، باشقا ئادرىس يوق، تېلىفون نومۇرىمۇ قالدۇرۇلماپتۇ. ئۇ نەرسىلەر بولسىمۇ پايدىسى بولمايتتىمىكىن. ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەن، 36 يىل ئىلگىرىكى گەپتە.

— ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ ھەرپلىرىنى بىرمۇ بىر دەپ بەرگىنە.

بۇددى بىرمۇ بىر دەپ بەردى، كارلىل دىققەت بىلەن خاتىرىلىۋالدى.

— مەن ئەمدى ماڭاي، كارلى، ھىلىقى سۆيۈملۈكۈم مىنى ماشىنىدا ساقلاپ تۇرىدۇ. ساڭا ئامەت تىلەيمەن. ئەگەر بۇ تەرەپتە پۇتتۇرىدىغان ئىشلىرىڭ بولسا ماڭا ئىيتقىن.

— ساڭا يەنە بىر قىتىم رەھمەت ئىيتىمەن، بۇددى. سەن ئىيتىپ بەرگەن يىپ ئۇچى ئەسقىتىپ قىلىشى مۇمكىن.

— كىچىك ئىشلارغۇ بۇ، خوش ئەمىسە.

كارلىل بۇددى بىلەن پاراڭلىشىپ بولغاندىن كىيىن يىپ ئۇچى جەدۋىلىنى دەرھال ئۆزگەرتتى:

ئىسمى «روبىرت» — فامىلىسى «كىنكاي» بولۇشى مۇمـ

كىن، ئوتتۇرىدىكى ئىسمىنىڭ باش ھەرپى «ل».
موتسىكلىت ماركىسىنىڭ باش ھەرپى «A» — يارىل مەيـ-
دانى تۆت تىپلىق بولۇشى مۇمكىن.
كارلىل يىپ ئۇچى جەدۋىلگە ئىنچىكىلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ
چىقتى. ئاشخانىدىكى توڭلاتقۇدىن بىر بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ چىـ-
قىپ ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇردى ۋە قەلەمنى قولىغا ئالدى.

ئېنىقكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە فوتوگراق
ۋە ئارمىيىگە قاتناشقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغانـ-
دا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى خالتا كوچا ئىدى. ئەتىسى ئەتىگەن
ئۇ ئاپىسىغا تېلېفون بېرىپ، پېشقەدەم فوتوگرافلاردىن تونۇيدىـ-
غان بىرەرى بار - يوقلۇقىنى سورىدى ھەمدە بار بولسا ئۇلار
بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.
— كارلىل، بۇ ئىش داداڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟
— ھەئە، — ئۇ ئاپىسىغا بۇددى رېئامىس ساكرومېنتودا
بايقىغان يىپ ئۇچلىرىنى سۆزلەپ بەردى.
— كىنكاي؟ ئۇنىڭ فامىلىسى دەل مۇشۇ، دەپ دەپ
بېرەلىگەن بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. بۇرۇن مۇشۇ
فامىلىنى ئاڭلىغانمۇ بىلمىدىم، لېكىن ھازىر پەقەت ئېسىمگە
ئالالمايۋاتىمەن. مەن بۇرۇن ساڭا ئېيتقاندەك، ئۇ ئىلگىرى
فامىلىسىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەندەكمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ. سەن
ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى داۋاملىق ئىزدىمەكچىمۇ، كارلىل؟ ئەڭ
ئاخىرىغا بېرىپ سەن، يەنە مەنمۇ بار، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىـ-
شىمىز مۇمكىن.
— شۇنداق، مەن بۇ يولدا داۋاملىق ئىزدەنمەكچى. سىزـ-
دىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ۋېنى، ئوبدانراق ئەسلەپ بېقىڭ، قايسى
فوتوگراف بىلەن پاراڭلىشىپ باقسام بولىدۇ؟ بۇ دۆلەتنىڭ فوتو
تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىدىغان بىرەر ئادەم چىقىپ قالار؟

— هە راست، فرانك موسكوۋنز ئىسىملىك بىر ئادەم بولىدىغان. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى بىر كىچىك ئۆيدە تۇرىدۇ، رۇسىيە جىلغىسى ئەتراپىدىكى بىر تاغ ئۇستىدە. پەرىزىمچە ئۇ ھازىر 70 ياشلاردىن ئېشىپ قالدى، لېكىن گۈزەل سەنئەت سارىيىغا كىرىپ قالسا بۇ كەسىپ توغرۇلۇق شۇنداق سىستېمىلىق بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تازا داڭقى چىقمىغان، لېكىن ھازىرغىچە سىرتلارغا چىقىپ سۈرەت تارتىپ يۈرگۈدەك. مەن ساڭا ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ بېرەي.

ۋېنى ئۇنىڭغا تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى، ئاندىن قوشۇمچە قىلىپ شۇنداق دېدى:

— ساڭا ئەزەلدىن ئېيتىپ بەرمىگەن يەنە بىر ئىش بار، نېمە ئۈچۈن ئېيتىپ بەرمىگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بەلكىم سەن بۇ ئىشلارنى ئېسىمگە سېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىش كاللامغا كەلمىگەن بولسا كېرەك. داداڭ ئىككىمىز ئۇنىڭ موتوسىكلىتىغا مىنىپ دېڭىز ياقىلاپ مېڭىپ نۇرغۇن دېڭىز شىرلىرى يىغىلغان بىر يەرگە بارغانىدۇق. بىز ئۇ يەرگە بارساق ئىككى ئادەم بىر مىلتىق بىلەن دېڭىز شىرلىرىنى ئېتىۋېتىپتىكەن، ئىككىسى نۆۋەت بىلەن ئېتىۋاتاتتى.

مەن ئۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. داداڭ ماڭا موتوسىكلىتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى ھېلىقى ئىككى ئادەم تەرەپكە قاراپ كەتتى. داداڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى - دە، قولىدىكى مىلتىقنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. ئۇ ئىككى ئادەم داداڭغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى داداڭغا قاراپ خېلى يۇلقۇنۇپ باقتى، لېكىن داداڭ ئۇلارغا تىكىلگىنىچە ئورنىدا مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى. بىر پەستىن كېيىن ئىككى

ئادەم ساھىل بويلاپ كېتىپ قالدى، داداڭ مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلدى.

قارىسام، داداڭنىڭ ئاچچىقى خېلى كەپتۇ، ئۇلارغا نېمە دېدىڭىز دەپ سورىسام، «مەن ئۇلارغا، مۇنداق ئورۇنسىز قىز-غىنچىلىقلار يېتىپ ئاشىدۇ، ئەگەر ئەمدى بولدى قىلمايدىغان بولساڭلار مىلتىقىڭلارنى تاشلىغاندەك، سىلەرنىمۇ دېڭىزغا تاش-لىۋېتىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن ئورۇنسىز ئىش بولمايدۇ» دېدىم دەپ سۆزلەپ بەردى. ئەگەر شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىم دېسەممۇ، ئاشۇ دېڭىز شىرلىرى ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

ئانا ـ بالا ئىككىسى يەنە بىر پەس پاراڭلاشتى. ئىككىسى-نىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، كارلىل ئاپىسى ئېيتىپ بەرگەن تېلې-فون نومۇرىنى باستى. تېلېفوننى ئاۋازى خىرىلداپ قالغان بىر بوۋاي ئالدى:

— موسكوۋىز.

كارلىل ئاۋۋال ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن ئامېرىكىلىق فوتوگرافنىڭ ئىشىنى سورىدى:

— موسكوۋىز ئەپەندى، ئىلگىرى كىنكاي فامىلىلىك بىر فوتوگرافنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىزمىكىن؟

— ئىسمىغۇ تونۇشتەك قىلىدۇ، لېكىن تازا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن داڭلىق فوتوگراف بولسا «مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمە-كىن.

كارلىل بۇ تەرىپىنى ئويلىمىغانىدى، شۇڭا دەرھال خاتىرى-لىۋالدى.

— موسكوۋىز ئەپەندى، ئەگەر 30 ـ يىللاردا بىر فوتوگ-راف خىزمەت بىلەن دائىم سىرتلاردا يۈرسە، ئۇ كىم ئۈچۈن ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن؟

— بىر نېمە دېمەك تەس. ماڭا ئوخشاش ئادەملەرنى ئالساق، ئۇلار ناھايىتى كۆپ، ئۆز ئالدىغا نەمۇ نە قاتراپ يۈرىدۇ. ئۇ يىللاردا ئادەملىرىنى چەت ئەللەرگە خىزمەتكە چىقارغۇدەك پۇلى بار ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. مۇتلەق ئىشنى «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى، «تۇرمۇش»، «نەزەر»، «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دېگەندەك چوڭ ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىلا قىلالايتتى.

موسكوۋىز ئەپەندى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاساسلىق گەپتىن چەتنەپ، ئاپپارات سايمانلىرى، لېنا پلويونكا، ئۆز ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش قىيىن بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق گەپكە چۈشۈپ كەتتى. كارلىل ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئەدەپ بىلەن ئاڭلىدى، بوۋاي نەپسى يېتىشمەي ئارىلىقتا سەل توختىغاندا، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېفوننى قويۇۋەتمەكچى بولدى، لېكىن بوۋاي يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋالدى:

— سىزنىڭ ئاپىڭىز مەشھۇر ئايال كارلىل ئەپەندى، ئۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان رەسىم كارىدورىدىن مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئورۇن بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ياخشى ئايال دەپ قارايمەن.

— ھەي، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز، موسكوۋىز ئەپەندى، بىر كۈنلەردە ئۇ تىلىكىڭىزمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالار.

— راست، بىر كۈنلەردە ئەمەلگە ئېشىپ قالار.

كارلىل ئوچاقتا ئازراق ئوتۇن تاشلاپ، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ توڭگۇلۇپ ئۇخلاۋاتقاندا سىرتتا دەھشەتلىك بوران قۇترىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى گويا داسىۇرنىڭ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ئايلانما يوللىرىدا كېلىۋاتقان موتسىكلىتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، ناھايىتىمۇ ئىلگىرىكى زاماندىن كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

تاڭ يورۇغانغا بىرەر سائەت بولدى، ھاۋادا ئازراق سوغۇق بار ئىدى. روبېرت كىنكاي ئورېگوندىكى قاتناش مېھمانسارىيىدىن چىقىپ ماشىنىسى «ھاررى» نى ئوت ئالدۇردى ۋە ماتورنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى، تازا ساز ئەمەس، كاساپەت يەنە توسۇلۇپ قاپتۇ ـ دە. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىدىن كىچىك بىر سايمان ساندۇقنى ئېلىپ تاغىلقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان پەلتۇسىنى كىيدى. روبېرت كىنكاي ماتورنىڭ قاپقىقىنى ئاچقاندا، ئىتى چوڭېول نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك بېشىنى ماشىنا دېرىزىسىدىن چىقاردى. روبېرت كىنكاي گاز يولىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بىرنەچچە قېتىم بېسىپ، ماتورنىڭ ئاۋازىغا يەنە بىر پەس قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ماتورنىڭ قاپقىقىنى ئاستا ياپتى.

روبېرت كىنكاي ماشىنىغا چىقتى.

— چوڭېول، ماشىنا رېمونت قىلىش پېرتسېگ ئەپەندىنىڭ كىتابىدا سۆزلەنگەن موتسىكلىت رېمونت قىلىشتەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ماشىنا بىلەن موتسىكلىت ئوخشىمايدۇ، «ھاررى» نىڭ ئۆز ئالدىغا خاراكتېرى بار، ئۇنىڭدا موتسىكلىت مىنىپ ماڭغاندەك راھەتلىنەلمەيسەن. ئىسىت، موتسىكلىتىمنى ساتمايدىغان گەپ ئىكەن. سېنى ئارقامغا ئارغامچا بىلەن باغلىۋېلىپ كېتىۋېرەتتىم ـ دە.

ئىت روبېرت كىنكاينىڭ كېيىمىدە غەيرىي پۇراق بارمۇ دېگەندەك ئۇنى پۇراشتۇردى، لېكىن باشقىچە پۇراق سەزمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ياتتى. روبېرت كىنكاي كۆزەينىكىنى تاقاپ يول خەرىتىسىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى، ئاندىن ئىسسىتقۇچ بىلەن كابىنكا ئىچىنى ئىسسىتىپ ئەينەكتىكى قىرولارنى ئېرىتتى.

ئۇ يەنىلا 101 ـ نومۇرلۇق يول بىلەن كالىفورنىيىنىڭ شىمالىغا قاراپ مېڭىپ، ئاندىن شەرققە قايرىلماقچى بولدى.

مۇنداق ماڭسا بلاك تېغىنىنىڭ جەنۇبىدىنراق چىقىپ قالىدۇ. قىنى مېڭىپ باقمامدۇ، يا ۋاقتى كەلگەندە شىمالغا بۇرۇلۇپ بلاك تېغىغا كىرەر، يا ئۇ يەرگە قايتىشىدا يولۇقۇپ ئۆتەر.

تىنچ ئوكيان يېشىللىقىقا پۈركەنگەن پاكار تاغلار ئارىسىدا پەيدا بولدى. روبېرت كىنكاي دېڭىز ياقىلاپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى يول بىلەن سائەتلىك سۈرئىتى 45 ياردقىمۇ بارمايدىغان سۈرئەت بىلەن ماڭدى، يول بىردە ئېگىزلىسە، بىردە پەسلەيتتى، بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا بۇرۇلاتتى. ئۇ ماشىنىنى ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇپ بەردى.

ئۇ ئاخشام كۆرگەن چۈشىنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ جىسمى ئارام ئېلىۋاتقاندا كاللىسىدا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى سىنگاپوردىكى مەنزىرىلەر يەنە پەيدا بولاتتى. ئۇ مەزگىلدە ئۇ ئارال دۆلىتىنى يەنىلا ئېپتىدائىي، قالاق هالەتتە، دۇنيانىڭ تۆت كوچا ئېغىزى دېيىشكە بولاتتى، دېڭىز قاراقچىسى، جىنىدىن تويغان ئەسكەرلەر، ئەتكەسچىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغانىدى. ئەرلەر يوغان پىچاقلارنى يانپېشىغا ساڭگىلىتىپ يۈرىدۇ، يانچۇقلىرىدا خەرىتە، ئەخلاق دېگەندىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ روبېرت كىنكاي ئۆسمۈر مەزگىللىرىدە ئارزۇ قىلغان دۇنيا ئىدى.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كونا هېكايىگە ئايلىنىپ قالغان ئۇ مەنزىرىلەر ئۇ دەۋرلەردە ئومۇمىي ئەهۋال ئىدى. ئاسما شامالدۇرغۇچ قوپال ئوق ئاستىدا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن پىرقىراپ تۇرىدۇ، جۇلىيېت ئىسىملىك بىر ئايال ياقىسى تۆۋەن ئويۇلغان قارا رەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن، رويالنى يۇقىرى ماهارەت بىلەن چېلىپ كىرىتېر ۋېيېرنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقان. بىر كۈنى كەچتە ئىككى ئەر جۇلىيېتنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ پىچاقلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى. بولمىسا جۇلىيېت ئۇلارنى جىبدەلگە سېلىشۋەتكۇدەك هېچ ئىش قىلمىغان. جۇلىيېتنىڭ ئۇلار-

نىڭ ھەر ئىككىسىگە قىزىقمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

روبېرت كىنكاينىڭ ئېنىق ئېسىدە، ئۇ جۇلىيېتنىڭ ناخشى-لىرىنى شۇنداق ياقتۇراتتى. ئۇ چاغلاردا روبېرت كىنكاي 30 ياشقىمۇ توشمىغان، يېڭىلا خىزمەتكە چىققان، جۇلىيېت بولسا ئۇنىڭدىن چوڭ، 40 ياشلارغا بېرىپ قالغان ئايال ئىدى. ئىك-كىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. روبېرت كىنكاي ئاشۇ يېشىدا مۇنداق ئاياللاردىن، ئۆزى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان، لېكىن بۇ ئاياللار ئۈچۈن تولىمۇ پىششىق بولۇپ كەتكەن كارىۋات ئۇستىدىكى ئىشلاردىن قورقاتتى. ئۇ رافلېرس مەيخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئىستاكاندىكى پىۋىنى پاكىز ئىچىپ بول-دى، ئاندىن ئاپپاراتنىڭ كۆزىدىن قاراۋاتقاندەك، ئىستاكانىنىڭ ئىچىدىن جۇلىيېتقا قارىدى، جۇلىيېتنىڭ چىرايى غەلىتىلا كۆ-رۈندى، لېكىن ئۇنىڭغا يەنىلا شۇنداق چىرايلىق بىلىنىدى. ئاشۇ مەزگىلدىن بىر نەچچە يىل كېيىن ياپونىيە بۇ ئارال دۆلىتىدە چوڭ تازىلاش ئېلىپ باردى. جۇلىيېت ئۇ بالا - قازادىن قېچىپ قۇتۇلالىدىمۇ، يوق، روبېرت كىنكاي بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئى-دى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، جۇلىيېت ئامان - ئېسەن قې-چىپ قۇتۇلغانىدى. جۇلىيېتتەك ئاياللار مەيلى نەگىلا بارسۇن، ئۆز جېنىنى گۇلدەك بېقىپ كېتەلەيتتى. بەلكىم ئۇنى ئاخىرقى پادىچىلار ئىچىدىكى بىرى دەپ ھېسابلىغىلى بولار.

روبېرت كىنكاي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كالىفورنىيە تەرەپكە كې-تىۋېتىپ بىر ئاھاڭغا غىڭشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلى-شىچە، بۇ 40 نەچچە يىل ئىلگىرى جۇلىيېت ھەر كۈنى كەچتە ئېيتىدىغان «ماتروسلار تانگوسى» دېگەن ناخشىنىڭ ئاھاڭى ئى-دى. چۈشىدە كۆرگەن بىر چىراي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، لېكىن ئۇنىڭ پەقەت ئىسمىلا ئېسىدە ئىدى. ئابىئېر، «ماراكەش بورىنى» ناملىق پاراخوتنىڭ باش ياردەمچىسى ئى-دى. قىزىق، ئۇ ئەرنىڭ پاراخوتنىڭ نامىغىچە ئېسىدە قالغى-

نىنى. روبېرت كىنكاي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. بەزى
ئىشلار ئەستە مەھكەم ساقلىنىپ قالىدۇ، بەزىلىرى ئەستىن
ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بولمىسا ئىككىسى ئىلگىرى راف-
لىېرس مەيخانىسىدا بىللە ئولتۇرۇپ بىر نەچچە ئىستاكان پىۋا
ئىچكەن شۇ.
ئابىئېر (فامىلىسى روبېرت كىنكاينىڭ ئېسىدە يوق) رو-
بېرت كىنكايغا ئۆزىنىڭ بىر يەلكەنلىك كېمىگە ئېرىشىش ئارزۇ-
سى بارلىقىنى، لېكىن قولىدا پۇل يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ
بەرگەنىدى. روبېرت كىنكاي ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ جۇڭگو دېڭىزى
يەلكەنلىك كېمە سودىسىغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەت تارتىش ۋەزى-
پىسىنى يېڭىلا ئورۇنداپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ يەردە بىر پېشقەدەم
كاپىتان بىلەن كۆپرەك ئەسرا بولغانلىقى، ئۇ كاپىتاننىڭ پېن-
سىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كېمىسىنى دا-
ۋاملىق ماڭغۇزىدىغان ئوبدانراق بىر ئادەم ئىزدەۋاتقانلىقىنى
سۆزلەپ بەردى. روبېرت كىنكاي ئابىئېرغا يەنە، پۇل مەسىلى-
سى چوڭ مەسىلە بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ كاپىتان ئۆز
كېمىسىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ «پارادىس» نامىلىق كې-
مە، دېدى ۋە كېمىنىڭ توختىغان ئورنىنى ئېيتىپ بەردى. باش
ياردەمچى روبېرت كىنكاينىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ مىن-
نەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن «پارادىس» نامىلىق يەلكەن-
لىك كېمىنى تېپىش ئۈچۈن مەيخانىدىن چىقىپ كەتتى.
بۇ ئەسلىمىلەرنى روبېرت كىنكاينىڭ چۈشى قوزغىغان.
ئۇنىڭدا مۇنداق ئەسلىمىلەر سانسىز ئىدى. ئۇ ئورېگون دېڭىزى
بويىنى بويلاپ جەنۇبقا كېتىۋېتىپ شەرققە — يىراقتا قالغان
سىنگاپور تەرەپكە قارىدى. يەلكەنلىك كېمە سودىسى ئاخىرلى-
شىپ قالغان مەزگىل ئىدى، ئابىئېر دېگەن ھېلىقى ئادەم ئاشۇ
يەلكەنلىك كېمىنى تاپالىغاندىمۇ؟ ئېلاھىم تاپقان بولسۇن. ئۇ
قانداقتۇر جولىيېت، ئابىئېر، مارىيە، جېكلارنى ھەمدە ئۇ دۇن-

يانى چۆرگىلەپ يۈرگەندە ئۇچرىغان باشقا ئادەملەرنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى بىر خىل مېھىر بىلەن ئەسلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭدا گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان.

ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ماياك كۆرۈندى. ئۇنىڭ مېڭىسى تەبىئىي ھالدىلا ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. بۇ ماياكنى سۈرەتكە تارتىۋالايمۇ؟ بولدىلا، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان ئەتىگىنى ماياكنى تارتقان سۈرەتلەر ناھايىتى كۆپمۇ.

ئۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى، كاللىسىدا بولسا يەنە شۇ ماياك، سۈرەتكە تارتىش ـ تارتماسلىق ئۈستىدە ئويلىناتتى. بىر ماشىنا توختىتىش يولىغا كەلگەندە (ساياھەتچىلەر بۇ يەردە ۋىنىنېباگولار① نى يېنىغا تارتىپ، ئۇلار بىللەن بىللە يىراقتىكى دېڭىز مەنزىرىسىنى سۈرەتكە تارتاتتى) ئۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ سومكىسىدىن ياخشىراق پلىيونكا ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ماياكنى سۈرەتكە تارتىش نىيىتىگە كېلىپ بولغانىدى.

ئۇ دېڭىز بويىدىكى يولدا ماشىنىنى كەينىگە ئايلاندۇرۇپ ھەيدىدى، كۆزلىرى يەنىلا شۇ ماياكتا، سۈرەتكە قايسى نۇقتىدىن تارتسا ياخشى چىقىدىغانلىقىنى دىتلاپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر ئۆزى رازى بولغۇدەك بىر نۇقتىغا كەلگەندە ماشىنىنى يول بويىدا توختاتتى، سومكىسىدىن «نىكان F» ماركىلىق ئاپپاراتنى ئېلىپ، ئەڭ ياخشى پلىيونكىدىن بىرنى سالدى. ئۇ سۈرەتكە تارتقاندا كىيىدىغان پىنجىكىنى كىيىپ ئۈچ پۇتلۇق جازىنى ئالغاندا، ئىتى ماشىنىدىن پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ، ئادىتى بويىچە يەرلەرنى پۇراشتۇرۇپ، نەرسە ـ كېرەك ئىزدەش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى.

روبېرت كىنكاي ئۆتۈك كىيگەن پۇتى بىلەن ئۈچ پۇتلۇق

---

① ۋىنىنېباگولار — شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار، ھازىر ئامېرىكا ۋىسكونسىن گرېيىن ۋە نېبراسكا شتاتىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان.

جازىنىڭ بىر پۇتىنى بوشلا تېپىپ قويۇۋىدى، ئۇچ پۇتى تەكشى ئېچىلدى. ئۇ جازىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشىدى. ئاپپاراتنى قەيەرگە قويۇشقا كاللا قاتۇرۇپ يۈرمەيتتى. ئاپپاراتنى جازىنىڭ ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇپ، پىنجىكىنىڭ ئوڭ يانچۇقىدىن زاتۋورنىڭ يىپىنى ئالدى.

روبېرت كىنكاينىڭ چوڭ مېڭىسى جىددىي خىزمەتكە كىرىشتى. ئۇ قايتا - قايتا ئويلىناتتى، ئەڭ ياخشى كۆرۈنۈش تاللاشقا تىرىشاتتى، قانداق تېخنىكىدا تارتىش ئۈستىدە كاللا قاتۇراتتى. ئۇ زاتۋور يىپىنى ئاپپاراتقا سېلىپ بولغاندا، چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئىت بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— تايغىنىم، — دېدى ئۇ ئىتىغا، — مېنىڭ ئېچىلىپ كۆلۈشۈمدىكى سەۋەب، مەن شۇ تاپتا ئۆزۈم ئەڭ سۆيىدىغان ئىشنى قىلىۋاتىمەن، ئويلاپ باقسام يېقىندىن بېرى بۇ ئىش تاشلىنىپ قاپتىكەن.

روبېرت كىنكاي ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر كۈچنى ھېس قىلدى. بۇ كۈچ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى بېسىم ۋە بىچارىلىكتىن ئۇيقۇلۇق ھالەتتە تۇرغانىدى.

ئۆتكەن كۈنلەردىن خاتىرە قالدۇرىدىغان ئادەم، ئۆزى كۆرگەن شەيئىلەرنى سانسىزلىغان كىتاب ۋە ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان يېتىشلىك بۇ سېھىرگەر يەنە خىزمىتىنى باشلىدى. ئۇ سەل ئېگىلىپ، ئاپپاراتنىڭ كۆزىدىن تارتماقچى بولغان مەنزىرىگە قارىدى، سەل - پەل سىڭايان بولۇپ قالغان ئاپپاراتنى ئوڭشاپ سۈرەتكە تارتىشقا تەييارلاندى.

ئادەتتە ئۇنىڭ بىر مەنزىرىنى تارتىشقا ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئۆلچىمى بار ئىدى، يەنى تارتماقچى بولغان ئۇ مەنزىرىنى رامكىغا ئېلىپ تامغا ئاسقان چاغدىكى كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى، ئۇ سۈرەتنىڭ

يىنىدا بىرنەچچە ئاي، بىرنەچچە يىل تۇرسامۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلماسلىقىم كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلايتتى. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ سۈرەت پلىيونكا بىلەن زېھنىمنى خورىتىپ تارتقانغا ئەرزىيتتى، ئۇنداق بولمىغاندا، ئارتۇق ئاۋارە بولماي، نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرغان ياخشى.

ئۇ سۈرەتنىڭ ئەڭ ئاخىردا يۇيۇپ چىققان چاغدىكى ھەقىقىي ئۈنۈمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، قانداق ئۇسۇلدا يۇغاندا شۇ ئۈنۈمگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە كاللا قاتۇردى. ئاخىردا ئاپپاراتنىڭ نۇرىنى ياخشى تەڭشەپ مايا كنى سۈرەتكە تارتىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ باش بارمىقى زاتۇورنىڭ يېپىدىكى كۇنۇپكىنى باستى، نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەكتىن «چىرس» قىلغان ئاۋاز چىقتى. ئۇ بۇ ئاۋازدىن سۈرەتنىڭ ياخشى تارتىلغانلىقىنى بىلدى. ئارتۇقلۇق قىلماس دەپ، ئوخشاش بىر نۇقتىدىن يەنە بىر پارچە تارتتى.

ئۇ سۈرەتنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن ئاپپاراتنى مۈرىسىگە تاشلىدى، ئۈچ پۇتلۇق جازىنى جايىغا چۈشۈرۈپ يىغدى، ئاندىن ماشىنىسىدىكى چايداندىن بىر ئىستاكان قەھۋە قۇيۇپ سامانيولى ماركىلىق شاكىلاتتىن بىرنى ئالدى ئاندىن يوغان بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تىنچ ئوكيانغا نەزەر تاشلىغىنىچە، ئىتتىنىڭ قۇلاقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى. شۇ ئاردا، شوتلاندىيىگە سۈرەت تارتقىلى بارغاندا ئىككى ھەپتىچە بىللە تۇرغان بىر جۈپ ياشانغان ئەر - خوتۇننى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتى دەل بۇ بىر جۈپ قەدىناسنىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغانىدى. كەنتتە كاتتا كەچلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى، ئىسكىرىپكا ۋە رولىنكىلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. بىر قىز روبېرت كىنكايىغا شۇ يەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلىنى ئۆگىتىپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ ئېگىز - پەس

سەكرەپ، سورۇندىكىلەرنى ئۇچىيى ئۇزۇلگۇدەك كۇلدۇرگەن، ئۆزىمۇ قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ بىر جۇپ فارفور ئىستاكان بىلەن پەتنۇس سېتىۋېلىپ بوۋاي ـ مومايغا سوۋغات قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى توقـ قۇز يىلدا ئۇ ئاشۇ بوۋاي ـ مومايلار بىلەن ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىشىپ تۇردى، كېيىن بوۋاي ـ مومايلاردىن خەت ئۇزۇلۇپ قالدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بوۋاي ـ مومايلارنىڭ قوشنىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىككى ئاي ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتـ كەنلىكى يېزىلغانىدى. موماي ئاۋۋال ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋايمۇ كېتىپ قاپتۇ. قوشنىسىنىڭ خەتتە يېزىشىچە، بوۋاي مومىينىڭ پىراقىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خەتتە مومايىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى يېزىلمىغانىدى.

پىراقتىكى دېڭىز سۈيىنىڭ ئۈستىدە، تەخمىنەن 20 مىل يىراقلىقتىكى يەردە بىر توپ بۇلۇت پەيدا بولدى، لېكىن روبېرت كىنكاي ئولتۇرغان يەرگە قۇياش ئىللىق نۇرىنى چېچىپ تۇراتـ تى. ئۇ بۇ يەردە شاكىلاتنى ئاستا چاينىغىنىچە ئۇزۇن ئولتۇرـ دى، قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپمۇ ئولتۇرمىدى.

## فرانسىسكا

فرانسىسكا جونسون هايات سەپىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بېسىپ بولغان كۆنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى كۆنلۈك ئادىتى بويىچە سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشكە تەييارلىنىپ، پاشنىسى ئۇپرات كەتكەن ئايىغىنى كىيدى، ئۇزۇن چېچىنى تۈرمەكلەپ، ئۇستىگە بىرې ماركىلىق شىلەپىسىنى قوندۇردى، ئاندىن ئاشخانا ئىشىكى يېنىدىكى كىيىم ئاسقۇچتىن پوپايكىسىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇتىشىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بەكلا بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يالغۇز ئاياغ يولنى بويلاپ چوڭ يولغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، توم ۋىنكلېرغا يول ياساش ماشىنىسىنى ئەكەلدۈرۈپ قىش چۈشكۈچە بۇ يولنى ياسىتىۋەتسەم بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئىئوۋانىڭ قاتتىق قىشلىرى باشلىنىپ كەتسە ئەتىياز كىرمەي مۇنداق ئىشلارنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

نويابىر، يازىچە ئالەمنى بولۇشىغا قىزدۇرغان قىزغۇچ قۇياش ئەمدى ئاغرىقچان ئادەمنىڭ چىرايىدەك سارغۇچ تۇسكە كىرگەن، ئىسسىق بەرمەيتتى. لېكىن، هازىرغىچە ئادەمنى بىزار قىلغۇدەك شامال چىققۇدەك بولمىدى، ئاچچىق سوغۇق نەشتىرىنى سانجىپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ فرانسىسكاغا ئەتىگەنلىك ئايلىنىپ كېلىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك بىلىنىدۇ.

فرانسىسكا چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ روسمان كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى. دەسلەپكى يېرىم مىل ئارىلىقتا ئادەتتە ئادەم ئۇچرىمايدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپى بىر ئاي

ئىلگىرى زىرائەتلىرىنى يىغىۋالغان ئېتىز، ئىئوۋا شتاتى يەنە بىر ئۇزۇن قىشقا كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاشلىق توشۇيدىغان بىر ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ۋىنتېرسىت تەرەپكە كەتتى، شوپۇر ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلاتتى، فرانسىسكامۇ جاۋابەن قول پۇلاڭلىتىپ قويدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ يول بوشىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى يولنىڭ چېتىگە ئالدى.

كەلگەن ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ توختىدى. كابىنىكىدا فروید كراك ئولتۇراتتى، بۇ ئۇ يېڭى ئالغان چېۋرولېت ماركىلىق ماشىنا ئىدى.

— خەيرلىك سەھەر فلاننى[①]، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

— خەيرلىك سەھەر فروید. ھەي، نېمە دەيسىز، يەنە شۇ سىز كۆرگەندىكىدەك، يامان ئەمەس ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. ئۆينىڭ يىغىشتۇرىدىغان يېرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ چاپلايدىغان يەرلىرىنى چاپلاپ، ئەتىدىن كەچكىچە قىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش، — ئۇ فرويدنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى يەنە ئايرىم پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— ياخشى تۇرۇۋاتقان بولسىڭىزلا بولىدى. ئەگەر نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرىدىغان، يۆتكەيدىغانغا ئوخشاش ئىشلارغا ياردەم كېرەك بولسا ئوغلۇم مارتېر ئىككىمىز ھەر قانداق ۋاقىتتا ياردەمگە تەييار. ئوغلۇم ناھايىتى قاۋۇل يىگىت بولدى، بىزدەك يارىماس قېرىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئويلاپ باقسام ئۆمرىمىز ئىشلەش بىلەنلا ئۆتۈپتۇ، نېسىۋىمىزگە شۇكۇر قىلماپتۇق.

فرانسىسكا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلدى. ئىئوۋا يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەم-

① فلاننى — فرانسىسكانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ـمىسى دېگۈدەك ئالدى بىلەن بەلدىن كېتىدۇ. نۇرغۇن ئېغىر نەرسىلەر بار، خۇددى يۆتكەپ تـۇرمىسا يامـان بـولىدىغانـدەك نېرى - بېرى يۆتكەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ھە - ھۇ دەپ يۆتكىشىپ بەرگۈدەك ئادەم يوق. شۇڭا يالغۇز يۆتكەيمەن دەپ بەللىرىنى زورۇقتۇرۇۋالىدۇ كىشى. رىچاردمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا بەل ئاغرىقىنىڭ دەردىنى ئوبدانلا تارتتى.

فرانسىسكانىڭ قارىشىچە، بۇ ئارزۇ - ھەۋەس ئەقىل - ئىدراكنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى ئىدى. بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېنىق ئىدى. ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا قانداق بولىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق. مۇنداق ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى زادى نېمە، بۇ- نىڭغا كىممۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلەيدۇ.

فروید ئورنىدا جىم ئولتۇرالماي، ماشىنىنىڭ يانىنى كۆر- سىتىش ئەينىكىنى ھەدەپ ئوينايتتى. فرانسىسكا ئۇنىڭ قانداق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى سىرتلارغا تەكلىپ قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قالدى. مەسىلەن، قىسمەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى يىللىق تانسا كېچىلىكى دېگەن- دەك سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىدۇ.

فروید كراكنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق، باشقىلارنى جەلپ قىلغۇدەك يېرىمۇ يوق. فرانسىسكا ئۇنىڭغا مۇشۇنچىلىكلا باھا بېرەلەيدۇ. فرويدتىن ياخشىلىق كەلسۇن - كەلمىسۇن، فرانسىسكا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ. بۇ كىشىلەر بىكارچىلىقتا تېپىشى مۇمكىن بولغان سۆز - چۆچەكلەرنىڭ سەۋەبىدىنمۇ بولغان ئەمەس («مەن فروید كراكنىڭ فرانسىسكا جونسونغا مۇھەببەت قويغانلىقىنى كۆردۇم، ئۇنى ئەيىبلىمەيلى. فرانسىسكا ياشتا چوڭىيىپ قالغان بىلەن گۈزەللىكىنى قىلچە يوقاتمىغان، مارگى ھايات چېغىدىلا ئۇ فرويدنىڭ مەيلىنى تار-

تىپ يۇرگەن» ، «بىلەلمىدىم، ئارچ، جونسون خانىم باشقىچە بولۇپ قاپتۇ، بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، زادى قەيېرى ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ تازا بىلەلمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتە كۆپ ئارىلاشمايمىز ئەمەسمۇ» ) . ناھايىتى ئاددىي، فرانسىسكا مۇنداق ئىشلارغا قىزىقمايدۇ، ئۆزىنى مۇنداق ئىشلار ئالدىدا بىر خىللا تۇتىدۇ.

فرانسىسكا يالغاندىن بىر گەپ توقۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولدى.

— بۇ يىل قىش بۇ يەرنىڭ سوغۇقىدىن بىر مەزگىل قۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن. مىك مېنى فروردىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالدىم، بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن.

مىكنىڭ تەكلىپ قىلغىنى يالغان، لېكىن ئۇ چوقۇم تەكلىپ قىلىدۇ. فرانسىسكا ئىلگىرى مىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلگەن، شۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. نەۋرىلىرىگۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىغا ئورتاقلىشالمىدى، قورۇندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ كېلىنى، مىكنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئالغان خوتۇنى ئۇنىڭغا تازا ئوچۇق چىراي ئېچىپ كەتمىدى.

فرويد كراكىنىڭ چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆڭدى، لېكىن يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ھە، بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن. مارگى ئىككىمىزمۇ بىر نەچچە قىشنى تېكساس شتاتىنىڭ بروۋنسۋىل دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئۇ قىشنىڭ كۈنى تۇرىدىغان يەر ئەمەسمۇ.

فرانسىسكانىڭ ئېسىدە، مارگى تېكساسقا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئىشنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەرگەنىدى. بروۋنسۋىل سودا ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان گولف توپ مۇسابىقىسى دەمدۇ، كوكتېيل زىياپىتى دەمدۇ، بىرىنى

چۈشۈرۈپ قويماي سۆزلەپ بەرگەن.

فرانسىسكا گەپنى ئۇلغايتماسلىق ئۈچۈن بىرۋونسۇلىنىڭ گېپىنى چىقارمىدى، پۇتىنىڭ ئۈچىغا قاراپ جىم تۇرۇۋالدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان جىمجىتلىق پەيدا بولدى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى فرويد ئاخىر، — مەن بالدۇرراق ئۆيگە قايتاي، بولمىسا مارتېر فىرمىنى گۆرۈگە قويۇۋەتمىسۇن. ئۇ مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان كېڭەيتىش پىلانى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاۋاتىدۇ ئەمەسمۇ. فلاننى، يەرلىرىڭىزنى قولدىن چىقىرىۋېتىش خىيالىڭىز يوقتۇ؟

— ھە، ئۇنداق خىيالىم يوق، فرويد. بولمىسا ئۆي - مۈلۈك ۋاستىچىلىرى ھەر ھەپتە دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ يېرىمنى سېتىپ بېرىش توغرۇلۇق بېشىمنى ئاغرىتىپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن ھازىرغىچە سېتىشنى ئويلىشىپ باقمىدىم. يەرنىڭ باھاسى بەكلا ئۆرلەپ كەتكەندەك قىلىدىغۇ.

ئۇ يەرنى ساتماي، مادىزون ناھىيىسىگە قالدۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىمىدى. بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە روبېرت كىنكاي ئىسىملىك بىر ئەر دۇنيانىڭ مەلۇم يېرىدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمايدۇ. بۇ بىر خىل رومانتىك، ئەمەلىي بولمىغان خىيال، قىزلارغىلا يارىشىدىغان ئىش، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدتىن ۋاز كەچكۈسى يوق.

— راست، ھازىر تېرىلغۇ يەرلەر ئازلاپ كەتتى. بىزنىڭ يېنىمىزدىكى 240 ئاكر يەرنى ساتماقچى ئىكەن، مارتېر ئاشۇ يەرنى سېتىۋالساق دەپ قولىقىمنى بەك ئاغرىتىپ كېتىۋاتىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇر. ئۇ ئېيتقاندەك، يەر ئازلىسا ئازلايدۇكى كۆپەيمەيدۇ.

فرانسىسكا كۈلۈمسىرەپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ فرويدنىڭ





گېپىنى تەستىقلىغىنى ئەمەس، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگىنى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى، فرويدنىڭ بالدۇرراق يولغا مېڭىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن فلويد ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى.

— ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، فلاننى، خوش.

— خوش، فرويد، ماشىنىڭىزنى ئالايتەن توختىتىپ ئەھۋال سورىغىنىڭىزغا رەھمەت.

— سىز ئۇچۇن ھەر قانداق ۋاقىتتا شۇنداق قىلىشقا رازىمەن. كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىڭىزنى كۆرسەم كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ.

فرويد كراك چېۋرولېت ماركىلىق ماشىنىسىنى توڭلاپ كەتكەن ئۆڭغۈل - دوڭغۇل يولدا ماڭغۇزۇپ فرانسىسكانىڭ يېنىدىن ئايرىلدى ۋە ئوغلى مارتېرنىڭ كېڭەيتىش پىلانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئاخىردا قانداق بولدى؟ فرويد ئوغلى مارتېرنىڭ گېپىگە قوشۇلدى، 240 ئاكر يەرگە تېرىلغان زىرائەتلەرنى قوشۇپ ھېسابلاپ، ئىككى ھەسسە دېگۈدەك پۇل تۆلەپ ئۇ يەرنى سېتىۋالدى. يەنە 18 ئايدىن كېيىن ئىئوۋا شتاتىدا يەرنىڭ باھاسى 40 پىرسەنت چۈشىدۇ، چۈنكى، ئوتتۇرا شەرق تەرەپ قىيىنچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئۇ چاغقا بارغاندا، فرويد يەرلىك بانكىرلاردىن، مېنى سىلەر پاتقاققا پاتۇرۇپ قويدۇڭلار، دەپ ئاغرىنىدۇ.

فرانسىسكا فرويد كراك بىلەن خوشلىشىپ ئۆزۈن ماڭماي بىر ئايلانمىدىن ئايلاندى، بۇ يەردىن روسمان كۆۋرۈكى ئېنىق كۆرۈنەتتى. فرانسىسكا ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يۈرىكى ھاياجاندىن دولقۇنلىناتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا «ھاررى» دەپ ئاتىلىدىغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مۇشۇ يەردىن ئايلانغان، ئۇ ئاۋغۇستىنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى، قۇياش ئۆز نۇرىنى زېمىنغا ئايىماي چېچىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا، روبېرت

كىنكاي ئىسىملىك بىر ئەرنىڭ ئۈنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىر-گىنىگە تېخى بىر نەچچە مىنۇت بولغانىدى.
روبېرت كىنكاي كۆۋرۈكنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە چىرا-يىدا پەيدا بولغان يېقىملىق تەبەسسۇم فرانسىسكانىڭ هازىرمۇ ئېنىق ئېسىدە. شۇ چاغدا روبېرت كىنكاي: «قالتىس چىرايلىق مەنزىرىكەن، قۇياش يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدىكى مەزىرى-سىنى سۈرەتكە ئېلىۋېلىش كېرەك!» دەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تار يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقان هالىتى، مۇرىسىدە سومكا، كۆۋ-رۈكنى قايسى نۇقتىدىن سۈرەتكە تارتسا ياخشى چىقىدىغانلىقى ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇشلىرى فرانسىسكانىڭ ئېسىدە. ئۇ شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇ كۆۋرۈككە باشلاپ كەلگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن سېرىق جۇخار گۈلىدىن بىر دەستە تىزىپ ئۇنىڭغا تۇتقانىدى.
كېيىن ئۇلار ئاشخانىدا مۇزدەك چاي ئىچكەچ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى هەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، روبېرت كىنكاينىڭ ماشىنىسىدىكى توڭلاتقۇدىن ئېلىپ كىرگەن مۇزدەك پىۋىنى ئىچتى، فرانسىسكا ئەتكەن تاماقنى يېدى، ئاندىن ئىككىسى چارۋىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلدى، بىللە ئولتۇرۇپ براندى، قەهۋە ئىچتى.
نويابىرنىڭ ئەتىگىنى، روسمان كۆۋرۈكى جىممىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاجايىپ مىسكىن كۆرۈنىدۇ. غەربىي شىمال شامىلى دەرەخ شاخلىرىدىكى قالدۇق يوپۇرماقلارنى رەهىمسىز-لىك بىلەن تۆكمەكتە. كۆۋرۈكنىڭ سىرلىرىنىڭ رەڭگى ئۆچ-كەن، 1965 ـ يىلىغا قارىغاندا، خۇددى ئاستىدىكى سۇغا بەك-رەك يېقىنلاشماقچى بولغاندەك ئوبدانلا ئولتۇرۇشقانىدى. كۆۋ-رۈك يۈز يىل ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا جان تەسلىم قىلىۋاتقاندەك ئىدى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن هېچكىمنىڭ كارى يوق.

بۇ پەسىلدە مىدىل دەرياسىنىڭ سۈيى ئازلاپ باشقىچە سۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇزۇنغا قالمايلا توختاپ قىشلىق ئۇيقۇسىنى باشلايدۇ. سۇ شىرىلداپ ئېقىپ قورام تاشلارنىڭ ئەتراپىدا كۆپۈكچىلەر پەيدا قىلماقتا. روبېرت كىنكاي ئۆز ۋاقتىدا ئاۋۇ قورام تاش ئۈستىدە تۇرۇپ، فرانسىسكا جونسوننىڭ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى بىر ئارىلىقتىن ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى.

«بەزى نەرسىلەر مەڭگۈ يوقالمايدىكەن، — ئويلىدى فرانسىسكا، — قورام تاش ۋە ئېقىن، قەدىمىي كۆۋرۈك. بەزى نەرسىلەر مەڭگۈلۈك بولمايدىكەن، مەسىلەن، ئاۋغۇستتىكى ئاشۇ ئىللىق كېچە ۋە ئۇ ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەر. ئۇلار بولمىسىمۇ بىز ئوخشاشلا ياشاۋېرىمىز، ئاخىردا ئاستا ـ ئاستا ھاياتلىقتىن ئايرىلىمىز، ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ.»

ئۇ روبېرت كىنكاي سۆزلەپ بەرگەن بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. روبېرت كىنكاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىر قېتىم ئۇ باشقا بىر كۆۋرۈكنى سۈرەتكە تارتماقچى بوپتۇ. كۆۋرۈك ناھايىتى يىراقتا تۇرغاندەك كۆرۈنۈش چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ پۇتىغا رېزىنكە ئۆتۈك كىيىپ كۆۋرۈك ئاستىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ سۈرەتكە تارتىپ بولغۇچە ئۆتۈكى پاتقاققا ئوبدانلا پېتىپ بولغانىكەن. ئۇ ئايىغىنى پاتقاقتىن چىقىرالماي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپتۇ، ئاپپاراتتىن ئەنسىرەپ بېشى ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئاخىر بېرىپ پاتقاققا ئوڭدىسىغا يىقىلىپتۇ. قارىسا پۇتىدىن چىقىپ كەتكەن رېزىنكە ئۆتۈكى پاتقاق ئىچىدە تىككىدە تۇرغۇدەك.

— شۇنداق قىلىپ، پاتقاق ئىچىدە ئوڭدامغا يېتىپ ئۆزۈمگە تازا كۈلۈپتىمەن، كېيىن پاتقاق ئىچىدىن پايپاقچان چىقىپ، پاكىز سۇدا ئۇستۇۋېشىمنى يۇيدۇم. نېمىلا بولسۇن، سۈرەتنى تارتىۋالغانىدىم، ئەڭ مۇھىمى شۇ ئىدى.

— ئۇنـداق قىزىق ئىشـلار سىزگـە ئۇچـراپلا تۇرىدىكەن

دەڭا، — دېگەنىدى فرانسىسكا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ.

ئۇلار بىللە بولغان ئاشۇ بىر نەچچە كۈندە روبېرت كىنكاي يەنە بىر مۇنچە قىزىقچىلىقلارنى چىقارغانىدى.

— مەن باشتىن - ئاخىر شۇنداق قاراشتىمەن، — دېگەنىدى روبېرت كىنكاي كۈلۈپ تۇرۇپ، — پىشىپ - يېتىلگەنلىكنىڭ ئاساسلىق ئىككى بەلگىسى بولىدۇ. بىرى، ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلەلەيدىغان بولۇش. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ۋە تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئارتۇقچە ئەستايىدىل بولۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى يوق. ئۇلار مۇنداق ئەستايىدىللىقنىڭ قانچىلىك بىمەنە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. مەن ئۆزۈم قىلىپ قويغان ئەخمىقانە ئىشلارغا دائىم ئۇچىيىم ئۈزۈلگۈدەك كۈلىمەن، بۇنىڭ بىلەن ئىچ - قارنىم بوشاپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. مېنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىممۇ ناھايىتى كۆپ، شۇڭا كۆپ ۋاقتىم خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

— پىشىپ - يېتىلگەنلىكنىڭ يەنە بىر بەلگىسىچۇ؟ — سورىدى فرانسىسكا.

— باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت - ئۇتۇقلىرىغا ھەسەت قىلىش ئەمەس، ھەۋەس قىلىش نەزىرىدە قاراش، خۇشال بولۇپ ئىچىلىپ كۈلۈش دېمەكتۇر، — دېدى روبېرت كىنكاي ئويلانغان ھالدا، — ئېسىمدە قېلىشىچە، باختىنىڭ مۇزىكىسىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىمدا بىرىنچى ئىپادەم ئىچىلىپ كۈلۈش بولغانىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، باختىنىڭ مۇزىكىسىدىن كۆرە شۇ چاغدىكى كۈلكەم بەكرەك ئېسىمدە قاپتۇ. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى پارىژدىكى بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ قالدىم، ئۇ يەردە دىئانگو رايىنخارت ئىسىملىك بىر سىگان گىتار چالىدىكەن. ئۇ گىتارنى ئىككى تال بارمىقى بىلەن شۇنداق ياخشى چېلىۋېتىدىكەن، ئىككى بارمىقى ئوتتا كۆيۈپ ناكا بولۇپ قالغانىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ قالىسىز. مەن شۇ

چاغدىمۇ ئاشۇنداق كەيپىياتتا بولغان، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغان، ھەسەت قىلمىغان.

ئۇ ئۇزۇك تاقىغان سول قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى كىچىك بارمىقىنى پۈكتى، قالغان ئۈچ بارمىقىنى ئوينىتىپ گىتار چال-غان ھالەتنى دورىدى.

— مەن ساقلاۋاتقان سۈرەتلەر ئىچىدە دىئانگې راينخارتنىڭ بىر پارچە سۈرىتى بار. ئۇ بىر بىناغا يۆلىنىپ تۇرغان، ئاغزىدا تاماكا، مۇرىسىگە ھەربىيچە يامغۇرلۇق ئارتىلغان. ئۈچ تاللا بارمىقى بار قولى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، قارىسا ئادەم ھەيران قالىدۇ.

يەنە مېكسىكا ئىنقىلابىغا دائىر سۈرەتلەرمۇ بار. ئۇلار ئىسمى - شەرىپى نامەلۇم بولغان بىر فوتوگرافنىڭ قولىدىن چىققان، ئىشلەتكەن ئاپپارات ۋە پلېيونكىلىرى مەن ئىشلىتىۋات-قانلىرىغا قارىغاندا خېلى بۇرۇنقى نېمىلەر. ئۇ سۈرەتلەرنى تەڭ-داشسىز ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. ئىئودور روسزاكنىڭ ھەيكەل-لىرى، پىكاسسونىڭ رەسىملىرى، يەنە باشقا ئەسەرلەرنىڭمۇ بار. ئۇلارغا ھەسەت بىلەن ئەمەس، تەبەسسۇم بىلەن قاراش كېرەك، داۋاملىق تىرىشىپ، ئۆز خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئادەم دېگەن ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلار بىلەن كۈرەش قىلىشى، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قۇ-سۇر تېپىشقا ئۆزىنى ئاۋارە قىلماسلىقى كېرەك. لېكىن بۇ تەرىپى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئاساسەن بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئىش ئېيتماققا ئا-سان، قىلماققا تەس.

روبېرت كىنكاي بىر پەس تۇرۇۋېلىپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭدەك ئۆزۈن مەزگىل يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرگەن ئادەمگە ئاددىيلا بىر سوئال تاشلاپ قويسىڭىز، بىر تاغار جاۋابقا

ئېرىشىسىز، ئېرىشكەن جاۋابىڭىز بىلمەكچى بولغىنىڭىزدىن كۆپ بولىدۇ. كەچۈرۈڭ.

16 يىلدىن كېيىن، فرانسىسكا قولىنى لەمپىلىك كۆۋرۈكنىڭ سول تەرەپ رىشاتكىسىغا قويدى. ئۇ روبېرت كىنكايغا قالدۇرغان باغاقچىنى مۇشۇ يەرگە مىخلاپ قويغانىدى: «ئاق پەرۋانە قاناتلىرىنى كەرگەن» چاغدا كەچلىك تاماق يېگۈڭىز كەلسە، كەچتە ئىشلىرىڭىزنى تۈگىتىپ قاچانلا كەلسىڭىز بولىدۇ.

تۇۋا خۇدايىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قىلىش غەيرىتىنى بەرگەن قانداق كۈچتۇ؟ ئۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ، سانسىز قېتىممۇ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەن. ئۇ شۇنداق قاراملىق بىلەن قىلىنغان بىر ئىش ئىدى، بولمىسا ئۇنىڭ تۇرمۇشى نۇقسانسىز ئىدى.

«ھەي، — دەپ ئويلىدى فرانسىسكا، — ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەر قايتا كەلسە ئىدى. مەن گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويدۇم، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايمەن، مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايمەن، بەزىدە ئەپسۇسلىنىدىغان يەرلىرىم بار شۇ.»

بىر كەپتەر كۆۋرۈكنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ئۇچۇپ چىقىپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ كونىراپ كەتكەن ياغاچنى سىلاۋاتقان قولىنى تارتىۋېلىپ ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرىمۇ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇشىغا ئوخشاش رىتىملىق، تەرتىپلىك. بەزىدە ئۇنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغۇسى كېلىدۇ، لېكىن روبېرت كىنكاي ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئۇنى ۋارقىراشتىن توسۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالىدۇ.

## غەلىتە خىياللارنىڭمۇ ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ

روبېرت كىنكاي دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ مېڭىپ ئورېگوندىن ئۆتكەندىن كېيىن جەنۇبقا قايرىلدى. ئۇ بۇ يولدا ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم ماڭغان، لېكىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ باقمىغىلى يەتتە - سەككىز يىل بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا بۇ يوللار ئۇنىڭغا يەنىلا يېڭىچە كۆرۈنەتتى.

كويېس قولتۇقىدا بىر مۇنچە، ئەرلەر بىر پاراخوتتىن مال چۇشۇرۇۋاتاتتى. روبېرت كىنكاي ئاپپاراتىغا 200 مىللىمېتىرلىق كۆز سېلىپ، قوللىرىنى پولاتلىتىپ مال يۆتكەشكە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان پرېستان ئىشچىسىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى. باندوندا بىر ئايال بار ئىدى، ئۇنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئۆمرى دېڭىز بويىدا نەرسە - كېرەك يىغىش بىلەن ئۆتتى، ئۇ ئۆزى يىغىپ ساقلاۋاتقان قىممەتلىك نەرسىلەرنى بىر كىچىك ياغاچ ئۆيىنىڭ ئىچى، ئەتراپى ۋە ئۆگزىسىدە كۆرگەزمە قىلاتتى. ئۇنىڭ يېشى 80 دىن ئاشقانىدى، چارلاشقان چاچلىرى قالايمىقان، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلار يۈزىگە سانسىز ئىزلارنى سالغانىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ياشلارغا خاس زېھنىي كۈچكە ئىگە، جۇشقۇن ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى چىتلاقتا ئاز دېگەندىمۇ 50 تەك رەڭگىدىن كەتكەن ھەر خىل لەيلىمە بەلگىلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگەن روبېرت كىنكايىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— ھوي، ئەپەندى، بۇ ياققا كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ يەردە نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر بار، خاتىرە ئۈچۈن سېتىۋالسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ئايالدا ئاۋستىرالىيىنىڭ بوتۇلكىلىرى بار ئىدى. ئۇ بورانلىق يامغۇر ۋە تاشقىنلار دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇپ چىقىرىپ قويغان بوتۇلكىلار ئىدى. يەنە بېلىق تۇتىدىغان تورلارنىڭ پارچىلىرى ئىلىنىپ قالغان ياغاچلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا بىر كونا بېلىقچىلار قېيىقى تۇراتتى، ئۈستىدە بىر ئەسكى پالاقمۇ بار ئىدى، پالاقنىڭ سېپىدە يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن لەھەڭ چىشى ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ بەلگە ياغاچ[1] مەڭگۈلۈك مەۋجۇت نەرسىدەك ئىدى، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ بەزى تەپەككۇرلىرىنىڭ كارامەتلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، كەم ئۇچرايدىغان شەيئىلەردەك ئىدى.

روبېرت كىنكاينىڭ كۆزى ئاجايىپ بىر مەنزىرىگە چۈشۈپ قالدى: دېرىزە تەكچىسىگە شۇنداقلا تاشلاپ قويۇلغان چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان بوتۇلكىلارغا چۈشلۈك قۇياش نۇرى چېچىلىپ ئاجايىپ بىر مەنزىرە شەكىللەندۈرگەنىدى. روبېرت كىنكاي ئايالدىن بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتىۋالسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئايال نەرسىلىرىگە زىيان يېتىپ قالمىسىلا تارتسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە قولۇلە قاپلىرىنى رەتلەشكە كەتتى.

روبېرت كىنكاي بوتۇلكىلارغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. قۇياش نۇرى بىر گۈل چېكىلگەن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر يېشىل چوڭ بوتۇلكىغا چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن قايتقان نۇر ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋىنو بوتۇلكىسىنىڭ ئىچىگە چۈش-

① قەدىمكى دەۋردە بەلگە چېكىپ ئىسپات قىلىنىدىغان ياغاچ. ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېرىمى قەرز بەرگۈچىدە، يېرىمى قەرز ئالغۇچىدا ساقلىنىدۇ.

كەندى. بوتۇلكىنىڭ بىر يېنىغا: «ئىتالىيە 1940» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەندى. قۇياش نۇرى ۋە ھەر خىل رەڭدىكى بوتۇلكىلار بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەندى. جانسىز تەبىئەت مەنزىرىسىنى سۈرەتكە ئالماقچى بولغان ھەر قانداق بىر فوتوگراف ۋاقتى قانچە كۆپ بولغان، شارائىتى قانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭدىن ئېسىل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. روبېرت كىنكاينىڭ كاللىسىدا يېڭىلىق يارىتىش غەلىتە خىياللىرى ھەر ۋاقىت چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بۇنى ئۇ غەلىتە خىياللار گۈزەللىكى، دەپ قوياتتى. ئەگەر سەن قانداق كۆزىتىشنى ئۇقساڭ، بۇ خىل بەدىئىي تۈزۈلۈشنىڭ ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقايسەن. روبېرت كىنكاي تارتىدىغان نۇقتىنى تاللاشقا 15 مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلدى، زاتۋورنى بېسىشقا 20 سېكۇنتلا ۋاقىت كەتتى.①

روبېرت كىنكاي ئاپپارات سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئايالدىن ھېلىقى ئىتالىيە بوتۇلكىسىنى قانچە پۇلغا ساتىدىغانلىقىنى سورىدى. ئايال كېيىنىشلىرى تولىمۇ ئاددىي بۇ ئادەمگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ئىككى دوللار بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، روبېرت كىنكاي بوتۇلكىنى بۇلۇتسىمان قەغەزگە ئوراپ، لېنتا بىلەن ياخشىلاپ باغلىدى.

— ئەگەر ياقتۇرسىڭىز، ئۆينىڭ ئارقىسىدا يەنە كىتىنىڭ چىرايلىق ئومۇرتقا سۆڭىكى بار.

روبېرت كىنكاي ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ھازىرچە ئۇنداق

---

① روبېرت كىنكاينىڭ بوتۇلكا تارتىلغان بۇ سۈرىتىنى كېيىن بىر يىغىپ ساقلىغۇچى سېتىۋالغان، 1993 - يىلى سان فرانسىسكو گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمە قىلىنىشىغا بېرىپ تۇرغان، ماۋزۇسى: «ئامېرىكا فوتو ئەسىرى: سەييارىلىق تۇرمۇش ۋە پەۋقۇلئاددە بايقاش» — ئاپتور.

كىتتىنىڭ ئومۇرتقىسىغا موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى، ئاندىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دېڭىز بويلاپ جەنۇبقا يۈرۈپ كەتتى.

گولدبېچ[1] كۆرۈندى، روگۆۋې دەرياسىنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولدى. روبېرت كىنكاي يېرىم چۆكۈپ تۇرغان بىر قېيىقنى بەش پارچە سۈرەتكە تارتىۋالدى. بىر ئەر توختاپ ئۇنى گەپكە تۇتتى.

— مەن بۇ ماللارنى يۇقىرى ئېقىمدىكى بىر ساياھەت مېھمانسارىيىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، ئەگەر مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالىسىڭىز، چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيلى، — دېدى ئۇ ئەر.

ئېنىقكى، روبېرت كىنكاينىڭ ئىتى ئۇ ماتورلۇق قېيىققا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. لېكىن روبېرت كىنكاي ئۇنى قېيىققا يېتىلەپ چىقتى، قېيىق شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. ئىتنىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلدايتتى، كۆزلىرىدىن ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈچ سائەتتىن كېيىن روگۆۋې دەرياسى ئېغىزىغا يەنە قايتىپ كەلدى. روبېرت كىنكاي ئىشەنچلىك بىر قاتناش مېھمانسارىيىغا چۈشۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ۋاقىت چۈشتىن قايرىلىپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا، روبېرت كىنكاي كالىفورنىيىنىڭ شىمالىدا خېلى ئۇزۇن يولنى بېسىپ، ئورمان رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن مېندوكىنوغا يېتىپ كەلدى. بوران — چاپقۇنلاردا ئىسكەتىنى يوقاتقان ئۆگزىلىرى، ئېگىز چىتلاقلىرى، تاش ۋە ياغاچلاردىن بېزەلگەن گۈللۈكلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ يەر گويا غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا يېڭى ئېنگلاندتىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بېلىقچىلار كەنتىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تىنچ ئوكيانغا ئۇسۇپ كىرگەن بىر كىچىك يېرىم ئارالدا تىپتىنچ سوزۇ-

---

[1] گولدبېچ — ئورېگون شتاتىدىكى بىر يەرنىڭ نامى.

لۇپ ياتاتتى. ئۇ يەردىكى بىرىنچى نومۇرلۇق تاشيولنىڭ بويلى-
رى كەتكەن قىزىل شەمشادلىق ئىدى.
روبېرت كىنكاي يول بويىدىكى چېۋرولېت ماي پۇنكتىدا
توختاپ ماشىنىسىغا ماي قاچىلىدى. شۇ ئارىلىقتا ماشىنىسىنىڭ
ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قاراپ بىر ئايلىنىپ چىقتى. سول ئالدى
چاقىنىڭ ئەھۋالى ئۇنى سەل ئەنسىرىتىپ قويىدى، چاق ئوبدانلا
ماكچىيىپ تۇراتتى. ماي پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى چاقنى تەك-
شۇرۇپ چىققاندىن كېيىن:
— بىر يەردىن يەل قېچىۋاتقاندەك قىلىدۇ، تەكشۇرۇپ
باقمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.
روبېرت كىنكاي تەكشۇرۇپ بېقىشنى تاپشۇرۇپ، بىكار
تۇرغۇچە كوچا ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ كىتابخانا، ئا-
سارئەتىقە دۇكىنى ۋە ئىككى مەيخانا، بىر نەچچە قەھۋەخانا، بىر
نەچچە رەسىم كارىدورلىرىنى ئارىلىدى. ئۇ شىمالغا بۇرۇلۇپ
كاستان كوچىسىغا ئۆتكەندە، بىر رەسىم كارىدورىنىڭ دېرىزى-
لىرىدىكى ئەينەك ئىچىگە تىزىلغان فوتو ئەسەرلەر ئالدىدا تۇرۇپ
قالدى. فوتوگرافىنىڭ ئىسمى خېئاتېر مىنخائېلىس ئىدى. ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئادەتتىكىچە، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتى-
كى ئەسەرلىرى ياخشى چىققان، ئاساسەن رەڭسىز مەنزىرە سۇ-
رەتلىرى ئىدى.
روبېرت كىنكاي قوللىرى يانچۇقىدا، سۇرەتلەرگە قاراپ
خىيالغا پاتتى. ئىتى ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ يېنىغا چۆككەن،
قېتىپ تۇرغان ئىگىسىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.
رەسىم كارىدورىنىڭ ئىچىدە 55 ياشلار چامىسىدىكى زىلۋا بىر
ئايال تۇراتتى، ئۇچىسىغا كۆڭلەك كىيگەن، ئاق چاپىنىنىڭ
تۈگمىلىرىنى بوينىغىچە ئېتىۋالغان، بوينىغا قاراشارپا ئارتقان،
بىر خېرىدار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. روبېرت كىنكاي ئەي-
نەك سىرتىدىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، ئۇنىڭ

ئۇستىگە، ئايال ئۇنىڭغا يېنىنى قىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئايال-نىڭ ئېگىز قىلىپ تۇرمەكلىنىۋالغان ئۇزۇن چېچى، قانداقتۇر بىر ئەسەرنى ماختاۋاتقان چاغدىكى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشلىرى روبېرت كىنكاينىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئايالنى ئىلگىرى تونۇيدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا يالت قىلىپ ئەكس ئەتتى. بۇ تۇيغۇ تۇرۇپ غايىب بولاتتى، تۇرۇپلا يەنە پەيدا بولاتتى. بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرىنى غىدىقلايتتى. قايسى يەردە؟ قايسى ۋاقىتتا؟ ئۇزۇن چاچلار، مۇزىكىدەك ھەرىكەتلىنىدىغان ئاشۇ قوللار…

ئۇ ئايال ئەمدى تۇرۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، خېرىدارغا يەنە بىر رەسىمنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىنى ئەينەكتىن يەنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ يۈزىنى بايىقىغا قارىغاندا خېلىلا ئوچۇق كۆردى.

رەسىم كارىدورى، ۋېنى ماكمىللاننىڭ نەزىرى ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان خېرىداردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەينەك سىرتىدا قىزىقىسىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرغان ئەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ دىققىتىنى بىرىنچى بولۇپ تارتقىنى ئەرنىڭ ئۆزگىچە قىياپىتى ئىدى. روبېرت كىنكاي قېرىغان، لېكىن يەنە بىر قارىسا ئۇنچە قېرى كۆرۈنمەيتتى. ئورۇق، بويى ئېگىز، پادىچى ئىشتان، كاجى رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن، ئاسما باغ تاقىغانىدى. مېندوكىنوغا خېلىمۇ خىل ئادەملەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر خىل شىجائەت، ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇشتەك بىر نەرسە بار ئىدى.

قۇياش نۇرى يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، روبېرت كىنكاينىڭ يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، چارلاشقان ئۇزۇن چاچلىرىغا سىپىلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ئوتتۇرىدىن ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئارقىسىغا تارالغانىدى. دېڭىز شاملى ئۇنىڭ چاچلىرىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى، ئۇ يۈزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى قولى

بىلەن كەينىگە تارتتى، سېرىق ئاسما باغنى يۇقىرىغا تارتىپ قويدى، بەلۋېغىدىكى شۋېيتسارىيە پىچىقى سىلىنغان غىلاپنى ئوڭشىدى. قۇياش بىردىنلا بۇلۇتلار ئارقىسىغا يوشۇرۇندى، بۇنىڭ بىلەن روبېرت كىنكاي سايىگە ئوخشاپ قالدى. ھايال ئۆتمەي قۇياش يەنە ئۆز جامالىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئوتلۇق نۇرىنى چاچتى.

ۋېنى ماكمىللاننىڭ تېنى ئىختىيارسىز جۇغىدە قىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئەر بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى بىردىنلا پەيدا بولدى. قىرىشقاندەك دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ خېرىدارى بىر رەسىمنى ئالىدىغان بولۇپ قالدى. خېرىدار خېئاتېر مىخائېلسىنىڭ تامغا ئېسىلغان فوتو ئەسەرلىرىدىن بىرنى تاياق بىلەن كۆرسەتتى، ۋېنى ماكمىللان پۇل ئېلىش ماشىنىسى بىلەن ھەپىلەشكەچ، ئەينەك تەرەپكە پات - پات قاراپ قويىاتتى، ئۇ ئەرمۇ ئۇنىڭغا كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئايال خېرىدار ۋېنى ماكمىللاننىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ قالدى ۋە ئۇ قاراۋاتقان تەرەپكە قارىدى.

— سىز سىرتتىكى ئۇ ئەرنى تونۇمسىز؟ — سورىدى ئۇ، ۋېنىنىڭ مۇئامىلىسىدىن رەنجىگەندەك قىلاتتى.

— ھە، كەچۈرۈڭ، مەن... مەن بىر قارىسام ئۇنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن. ياق، ئۇنى تونۇمايدىغاندەكمۇ قىلىمەن.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئادەم ئىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — چىرايلىق كىيىنگەن خېرىدار ۋېنى بىلەن ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم سودا قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ئەركىن گەپ تاشلاۋاتاتتى.

— راست دەيسىز، ئۇ ئالاھىدىرەك ئادەم ئىكەن، لېكىن، بىلىسىز، مېندوكىنو دېگەن بۇ يەرگە ھەر خىل، ھەر قىسما ئادەملەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، — ۋېنى ماكمىللان سەنئەت بۇيۇمىنى چىرايلىق قەغەز بىلەن ئوراشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى

كۆتۈرۈپ سىرتقا يەنە بىر قېتىم قارىغاندا، ئەر نەگىدۇر غايىب بولغانىدى.

روبېرت كىنكاي چېۋروليت ماي پونكىتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ قولىنى ماشىنا ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىغا ئاپىرىپ يەنە توختاپ قالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ رەسىم كارىدورىغا يەنە بىر بېرىپ كەلگۈسى بار دەك قىلاتتى. ئۇ ئادەتتە تونۇشمايدىغان ئاياللار بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالسا بەكلا قورۇناتتى، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلەلمەي كېتەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە سانسىز ۋاقىت ۋە ئورۇنلار پەيدا بولدى، ئۇ خۇددى كاللىسىدىكى بۇ خىياللارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك بېشىنى چايقىدى، ئاندىن ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى.

ۋېنى ماكمىللان سائەت ئالتە بولغاندا دۇكاننى تاقاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. دېرىزە ئەينىكىدىن ئۇنىڭغا قارىغان ھېلىقى ئەرنىڭ قىياپىتى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنىڭغا زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىرتقا چىقىپ مىندوكىنونىڭ كوچىلىرىنى ئىككى سائەتچە ئايلاندى. ئاشۇ ئەرنى ئۇچراپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئىدى، لېكىن ئۇچرىمىدى. ئۇ دېڭىز تۇمشۇقىنى بويلاپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ پاتراق قاراڭغۇ چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشىگە قۇلاق سېلىپ ماڭالاتتى، يەنە تاشقىن قايتقان چاغدىكى دولقۇننىڭ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شامالدا شىلدىرلىغان ئاۋازى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىق ئېسىدە، ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، دېڭىز سۈيى داسۇر دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغاندا، ئۇ ئورۇش مەيدانىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن بىر ئەرگە شۇبېرتنىڭ مۇزىكىسىنى چېلىپ بەرگەن.

روبېرت كىنكاي دېڭىز بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ يەنە 50 مىل يول باستى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلگەن، ماشىنا چاقىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يولنىڭ ئاخىرى

داسۇرغا تۇتىشىدۇ، تاڭ ئاتقۇچە توختىماي ماڭغاندىلا ئاندىن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدا هايات، ئورۇن ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، بۇ ئۈچ بوشلۇقتىكى ئەسلىمە ئىدى. ئۇ بوشلۇق ئىچىدە خۇددى پىچاق ئاپپىلسىننى بۆلگەندەك، ۋاقىت ئەسلىمىلەرنى پارچە - پارچە قىلىپ بۆلۈۋەتكەنىدى، بۇ ئالاھىدە پىچاقنىڭ پەيدا بولغىنىغا نەچچە ئون يىل بولدى، ئۇ گاللاشتى، لېكىن ئۇنىڭدىكى قىزغىنلىق ئازراقمۇ سۇسلاشقىنى يوق، شۇڭا روبىرت كىنكاي كەينىگە قاراش ئەينىكىدىن پات - پات قاراپ قويىدۇ، مىندوكىنونى ئەسلەيدۇ. ئورۇن ۋە ۋاقىت غۇۋا بىر ئاساس بولۇپ شەكىللەنگەن. تاسادىپىيلىق، شۇنداق، تاسادىپىيلىق. بەلكىم شۇنداقتۇر. ئەگەر تاسادىپىيلىقنى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىشلار قاتارىدا چەتكە قېقىۋەتسەك، ئۇنداقتا، كىشىلىك هاياتنىڭ كۆپ قىسمىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ ئۇ چاغدا، ۋۇجۇدىمىزدا مەۋجۇت بولغان ئىشلاردىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. غەلىتە خىياللار ھەممە كاللىدا بار، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئۆزى بىر سىر. مەلۇم بىر يەردە، يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە مەلۇم ئادەم ياكى مەلۇم نەرسىلەر ئۇستىدىكى پۇرسەت ۋە ئۇلۇغۋار پىلانلار بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ يەردە مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەر مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن چىقىشنىڭ ئۆزى بىر ئۇسۇل - چارە.

شۇ كۈنى كەچتە، ئىككى مېھمانساراي ئۇنىڭ ئىتىنى ياتاققا ئېلىپ كىرىشكە ئۇنىمىدى. ئۇ ئاخىر سونومادىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېتىپ، يەنە مىندوكىنونى ئەسلەپ قالدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ياش ئىدى، تاراۋا دېڭىز ساھىلىدىكى كۈنلەردە، ئۇ ئۆزىنى يەتكۈچە ئاپتاپقا سالدى، بەدىنىنى پولاتتەك چېنىقتۇردى، قاچتى دەمسەن، قويۇپ بېرىلدى دەم-

سەن، بۇ سىنىڭ قانداق قارىشىڭغا باغلىق، ئىشقىلىپ، شۇ چاغدا روبېرت كىنكاي ئارقىسىغا بىر قىزنى مىنگەشتۈرۈپ داسۇرنىڭ ئەگرى - بۈگرى يوللىرىدا ئۇچقاندەك ماڭغان، قىز-نىڭ چاچلىرى شامالدا ئۇچۇپ ئارقىسىغا سوزۇلغان، خۇددى بىر بوۋاي روبېرت كىنكاي ئەسلىمەكچى بولغان نەرسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قول سوزۇۋاتقاندەك، تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندەك ئىدى. ئەگەر روبېرت كىنكاي ئۆزۈن مەزگىللىك ساداقىتى بىلەن زورۇقۇپ ئەسلىسە، بەلكىم ئۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئالالىشى مۇم-كىن.

شۇ كۈنى كەچتە، روبېرت كىنكاي ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى نۇقتىنى ئويلاپ قالدى: تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئىسىت، تاسادىپىيلىق بولۇپ قالسىچۇ، ياشلىقىمغا يەنە بىر قېتىم قايتقان بولسام، ياق، هازىرلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام.

## دا‌سۇر، 1945 ـ يىلى

ۋېنى ماكمىللان باس ئىسكىرىپكا بىلەن كىچىك چامادانىنى ئالدى، پوچتا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ داسۇرغا كەلدى. ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر ئېسىل خىسلەت بار، بۇ خىسلەت ياشاش جەريانىدا يېتىلگەن ئەمەس، بەلكى تۇغما. ئۇنىڭ قامىتى ۋە يۇرۇش ـ تۇرۇشىمۇ تېزلا نازاكەتلىك تۇسكە كىرەلەيدۇ، بىر قاتار ئېسىل خىسلەتلىرى تولىمۇ ئادەتتىكىچە كۆرۈنىدىغان چىرايىنى يېپىپ كېتەلەيدۇ، زىلۋا قامىتى، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئېۋەنسىز كۆرۈنىدۇ.

19 ياشقا كىرگەن يىلى ۋېنى ماكمىللاندا مۇزىكا چېلىش ۋە ئۆز نەزىرىدىكى رومانتىك تۇرمۇشتىن باشقا ھېچقانداق كونكرېت تۇرمۇش نىشانى يوق ئىدى. ياش بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيا كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىۋاتىدۇ، دېگەن ئۈمىدۋار تۇيغۇدا كۆڭلىرىنى كۆتۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. ئۈچ كۈن ئىلگىرى گېرمانىيە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولدى، ئامېرىكىنىڭ ھەممە يېرى بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى. يىراق نۇقتىدىن نەزەر تاشلىغاندا، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالدى. لېكىن، تىنچ ئوكيان تەرەپتە، ئوكىناۋا ـ جىما ئارىلىدا بىركىنېر قوماندانلىقىدىكى 10 ـ پولك ياپونلارنىڭ جاھىللىق بىلەن تىركىشىشىنى يېمىرىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. 10 ـ پولك تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ شىمالىغا 300 مىل كېلىدىغان يەردە، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ زېمىنىدىكى كيۇشۇ ئارىلىغا نويابىردا بىراقلا تېگىش قىلىنماقچى.

پوچتىكەش جىپ ماشىنىسىنى يىلان باغرى يولدا ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ يول ئۆز ۋاقتىدا تاغلارنى پارتلىتىپ ئېچىلغان، سول تەرەپ سانتالۇسىيە قىياسى، ئوڭ تەرەپ ئىككى يارد نېرىدا تىنچ ئوكيانغا تۇتىشىدىغان، ئارىلىقى 400 فۇت كېلىدىغان بىر يانتۇلۇق بار. بەزىدە ماشىنا ماتورىنىڭ قاپقىقى ئادەمنى چەكسىز خىياللار قوينىغا تارتىش ئۈچۈن ياسالغاندەكلا بىلىنىدۇ. ۋېنى ماكمىللان قاپقاق ئۈستىدىن قاراپ تىنچ ئوكيانغا ئۇسۇپ كىرگەن داسۇر قىياسىنى كۆردى. قىيا گويا قارا، ئېغىر يەردە جەنۇبقا سۇرۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

قىيانىڭ ئاستى ۋە جىلغىلارنى تۇمان قاپلىغان، دېڭىز يۈزىدە دولقۇنلار ئۆركەشلىمەكتە. دېڭىز قىرغىقىغا ھەر كۈنى 8 مىڭ دولقۇن ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. جىپنىڭ ماشىنىسى كەڭ چىملىققا چۈشۈپ، داسۇر جىلغىسىدىن ئۆتكەندە، ۋېنى ماكمىللان تەكشى ئېچىلىپ كەتكەن ئەپيۇنگۈل ۋە سېرىنگۈللەرنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە كەلگۈسى چەكسىز ئۈمىدكە تولغان.

ۋېنى ماكمىللان ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا ئېلىپ كىرىدىغان بۇ سەپەرگە نىسبەتەن يۈكسەك قىزىقىش تۇيغۇسىدا ئىدى. تىنچ ئوكياننىڭ قارشى قىرغىقىدا، داسۇردىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدىغان يەردە روبېرت كىنكاي بار، ئۇنىڭ تۇزۇكرەك يۈيۈنمىگىنىگە بىر نەچچە ھەپتە بولدى. ئۇنىڭ ئۇرۇش فورمىسى بەدىنىگە شۇنداق چىڭ كەلگەن، مۇسكۇللىرى پارتلاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ خەۋىرى يوق، ئۆتكەن ئىككى ئاي ئىچىدە ئۈچ پارچە سۈرىتى ئاساسلىق ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلدى. سۈرەتكە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن بىر-

دىنىي شەرەپلىك سۆزلەر[1] «ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەترىتىنىڭ سۈرىتى» دېگەن سۆزلەر ئىدى.

ۋېنى ماكمىللان يولغا چىققاندا، «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىنى سومكىسىنىڭ يان يانچۇقىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مۇقاۋىسىدا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەترىتىنىڭ بىر ئەسكىرىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئەسكەر ئوت چاچار بىلەن بولۇشىغا ئوت چېچىپ مېڭىۋاتاتتى، ئارقىسىدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بولسا تاغ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. روبېرت كىنكاي بۇ سۈرەتنى ئون كۈن ئىلگىرى تارتقان. ئوت چاچارنى تۇتقان ئەسكەر روبېرت كىنكاي سۈرەتنى تارتىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن مىنا دەسسىۋېلىپ قۇربان بولغان.[2]

ۋېنى ماكمىللاننىڭ ئۈچىسىدىكى نېپىز كىيىملەر بىلەن

---

① خەۋەر بەرگۈچى، ئەسەر بىلەن تەمىنلىگۈچى، كىنو ياكى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلىگۈچى، ئارتىس ۋە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىسمى ياكى ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئەسكەرتىلىدىغان سۆزلەر.

① روبېرت كىنكاينىڭ تىنچ ئوكيان ئۇرۇش رايونىدا تارتقان يەتتە پارچە سۈرىتى كېيىن «ئۇرۇشنىڭ كۆرۈش سېزىم سەنئىتى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان. بۇ سۈرەتلەر باشقا بىر فوتوگرافنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ فوتوگراف دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەترىتىدىن نېگاتىپنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇ سۈرەتلەرنى ئۆزۈم تارتقان دەۋالغان. ئېنىقكى، روبېرت كىنكاينىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق، ياكى ئۇ شۇ مىجەزى بىلەن مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپلا، مۇنداق خىيانەت قىلغان ئادەم ئاخىر جازاسىنى تارتىدۇ، دەپلا بولدى قىلغان. بەش يىلدىن كېيىن بىر فوتو تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى بۇ ساختىلىقنى سېزىپ قېلىپ، ماقالە يېزىپ بۇ خاتالىقنى تۈزەتكەن. لېكىن، 12 مىڭ پارچە كىتاب شۇ خاتالىق بىلەن تەڭ ھەممە يەردە تارقىلىپ يۈرگەن. روبېرت كىنكاينىڭ ئەسەرلىرىنى ئوغرىلىغان ئادەم بىر چوڭ ژۇرنالنىڭ داڭلىق فوتوگرافى بولۇپ قالغان. يەنە تېخى، بۇ خاتالىققا نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق سەۋەبچى، دەپ جار سالغان، روبېرت كىنكايدىن ئەپۇ سورىمىغان، ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىغا بۇ كىتابنى داۋاملىق كىرگۈزۈپ، كىتابتىكى بارلىق سۈرەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسىرى دەۋالغان — ئاپتور.

سىلىشتۇرغاندا، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى ئۇستىگە قوندۇرۇۋال-
غان قىشلىق شىلەپە بىر ئاز قوپال كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ
نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق كىيىنىپ چىققۇسى كەلدى، شۇڭا كى-
يىملىرىنىڭ رەڭگىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ماسلاشقان - ماس-
لاشمىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

ۋېنى ماكمىللاننىڭ دادىسى مونتېرېيدا ھـۆرمىتـى بار
ئەرلـەر كىيىم - كېچەكلىرى سودىگىرى ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ
كىيىم - كېچەككە بولغان قارىشىنى قوللىمايتتى، يالغۇز بۇلا
ئەمەس، قىزىنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىللىق تۇرمۇشىدىكى ھەر-
قانداق ئىشىنى ياقتۇرۇپ باققان ئەمەس، باش ئىسكىرىپكا بۇ-
نىڭ سىرتىدا. ماركوم ماكمىللان كەچلىك تاماقتىن كېيىن
قىزىغا باش ئىسكىرىپكا چالدۇرۇپ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى.
مۇنداق چاغلاردا ۋېنى ماكمىللاننىڭ ئاپىسى ئالىن (ئۇ ئاۋازسىز
كىنولارغا رويال چېلىپ بېرەتتى) قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇ-
رۇۋاتقان بولىدۇ. ماركوم ماكمىللان بولسا بويىندا كېپىنەك
گالستۇك، قاتۇرۇپ دەزمال سىلىنغان كۆڭلەك ۋە فلانېل ئىش-
تان كىيگەن، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۇلۇمسىرىگىنىچە تەۋرەنمە
ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرىدۇ، بېشىنى مۇزىكىنىڭ رى-
تىمىغا كەلتۇرۇپ ئىرغاڭلىتىدۇ. ھەر يىللىق پاسخا بايرىمى-
نىڭ يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ قىزى پرېسبىتېرلار[1] چېركاۋىنىڭ
ئەتىگەنلىك ئىبادىتىدە ئىسكىرىپكا چالغاندا، ئۇ قىزىدىن تولىمۇ
پەخىرلىنىدۇ، باشقىلارغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ باش لىڭشىتىدۇ،
باشقىلارمۇ جاۋابەن كۇلۇمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويىدۇ.

لېكىن، ماركوم ماكمىللان ۋېنىنىڭ باش ئىسكىرىپكىسى-

---

① بۇ 16 - ئەسىردە بۈيۈك برىتانىيىدە پەيدا بولغان دىنىي مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار ئېپىسكوپلۇق ھاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ، پەقەت پوپقا چوقۇنۇشنى ئېتىراپ قىلىدۇ، چېركاۋلار جامائەسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

دىن باشقا ھەر قانداق ئىشنى چۈشەنمەيتتى. خۇددى روبېرت كىنكايغا ئوخشاش، ۋېنى ماكمىللانمۇ مۇنتىزىم تەربىيىنى ئە- زەلدىن توغرا تاپمايتتى. ئۇنىڭ يالغان كېسەل بولۇۋېلىپ مەك- تەپكە بارمىغان كۈنلىرى كۆپ ئىدى. ئۇنداق كۈنلىرى ۋاقتىنى باس ئىسكىرىپكا چېلىش، كىتاب كۆرۈش، ماي بوياق رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ھەپتە ئاربلىقىدا راستىنلا ئاغرىپ قالغاندەك يۈرگىنى بىلەن شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى- نىڭ ياۋروپا ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىدىغان دورىلارنى قاچىلاپ ئورنىشىغا ياردەملىشەتتى.

ۋېنى ئون نەچچە يېشىدىلا دادىسىنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە غەلىتە كىيىنىپ يۈرىدىغان بولغانىدى. بوينىغا ئالىبۇ- لىماچ شارپا ئارتىپ، ئۇچىسىغا غەلىتە مايكا ۋە ئەرەنچە ئىشتان كىيىپ يۈرەتتى. بۇنى ئۆزى زىلۋا بەدىنىگە (بەزىلەر ئۇنى ئاۋاق دېيىشەتتى) يارىشىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنى تاسادىپىي سىرتلارغا تەكلىپ قىلىپ قالىدىغان يىگىتلەر ئىچىدە دادىسىنىڭ ئەخلاق مىزانىغا توغرا كېلىدىغان بىرەرى يوق ئىدى.

— ئالىس، قىزىمىزغا ئاربلىشىدىغان تۈزۈكرەك بىرەر يى- گىت چىقمىغانمىدۇ؟

— قىزىمىز ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولغۇدەك ياش- قا بېرىپ قالدى، ماركوم. مېنىڭچە، ئۇ سىز ماختاپ ھارمايدى- غان شوتلاندىيىلىكلەرنىڭ تەتۈر مىجەزىنى ئېلىپ قاپتۇ. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇنىڭغا دېمىگەن گېپىم قالمىدى، لېكىن ئۇ ھەر قېتىم كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي، ئاپا، بولدى قىلساڭچۇ، مېنىڭ ھازىرچە ئەرگە تەگكۈم يوق. مەن مۇزىكا ۋە گۈزەل - سەنئەت ساھەسىدە بىر مەزگىل ئىزدەنمەكچى. دادامغا قويۇپ بەرسەڭ، مېنىڭ 20 يېشىمدىلا بىرەر دوختۇر ياكى ئادۋوكاتنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ، باس ئىسكىرىپكىدا

ئەللەي مۇزىكىسى چېلىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ.» دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ.

شۇڭا، ۋېنى ئۆزىنىڭ داسۇر دېگەن بىر يەرگە بېرىپ رويالچى خارت كرووۋېردىن مۇزىكا ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئىككى يىل ئىلگىرى سالېرنوغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ئوغلىنىڭ پىراقىدا ئازابلىنىپ يۈرگەن ئاتا ــ ئانا ئامالسىز ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە باش چايقاپلا قويدى. داسۇرنىڭ قانداق يەرلىكىگە كەلسەك، ماركوم پەقەت ئۇ يەرنىڭ ئەركىن ئىدىيىدىكىلەر ۋە تاپتىن چىققانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ، داسۇرنىڭ جىنسىي ئەركىنلىك ۋە ھۆكۈمەتسىزلىككە ئەسەبىيلەرچە چوقۇنىدىغانلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى گېزىتتىن كۆرگەن. شۇڭا، ئۇ قىزىنىڭ بۇ قارارىدىن تولىمۇ ئازابلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخبارات ساھەسى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دەبدەبىلىك خەۋەرلەرگە بولغان جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن داسۇردىكى بەزى ئادەملەر توقۇپ چىقىدىغان يالغانچىلىقلار ئۇنىڭ ئازابلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىدىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ۋېنىنىڭ داسۇردىن يازغان خېتى ماركوم ماكمىللاننىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەرنى يېنىكلىتەلمىدى.

*مەن بىرىنچى نومۇرلۇق تاشيول بويىغا جايلاشقان بىنادىكى پارتلاتقۇچ دورا قاچىلايدىغان يەشىكلەردىن ياسالغان بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن. توڭلاتقۇ، توك دېگەن نەرسە يوق، ھاجەتخانام كەلكىنى دالا. پوچتىكەش جىبك مۇنتىبرېيدىن خەت ئېلىپ كەلگەندە كىرىسىن، كۆمۈر، تۇخۇم ۋە باشقا نەرسە ــ كېرەكلەرنى ئالغاچ كېلىدۇ.*

*بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدۇ. ئىخلاسمەن بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىدىنمۇ خېلى بار. ئېتنوگرافىيىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىرېلاندىيىلىك، يەنە سەنئەت،*

ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردە بىلىمى خېلى چوڭقۇر كىشىلەر بار. ھەيكەلتىراشلىق، شېئىرىي ئىجادىيەت، ياغاچچىلىق دەمسىلەر، ئىشقىلىپ، ھەممىلا ئادەم ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، داسۇر نۇرغۇن ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك دۇنيا ئەمەس ئىدىكەن. بۇ يەرگە مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ جان تىكىپ ئىشلەيدىكەن. بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئاتىلار ئۆزلىرىنى «خاس خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر» دەپ ئاتىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنى سەنئەتكار دەپ ئاتىۋالغان ساختا ئاتىلار كۆپرەك ئىكەن. ئۇلار قانداقتۇر بىرەر سەنئەت بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، بۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرمايدۇ. ئالدىنقى ھەپتە ئاشۇنداق سەنئەتكارلاردىن بىرى ئەگرى - بۈگرى يولدا ماشىنىنى بولۇشىغا ھەيدەپ قىيادىن دومىلاپ كەتتى. قىيا ئاستىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدىن ماشىنا سۇنۇقلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى. بىز قىزىقىپ ۋەقە چىققان يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلدۇق. جەسەتنى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ.

قىسقىسى، مەن كىروۋتېر ئەپەندىدىن مۇزىكا ئىشلەش ۋە مۇزىكىغا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدىم. ھە، راست، ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى ياۋروپادا مەشھۇر ئىكەن. ئۇنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپقانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر؟ تاشيول بويىدىكى ئېمىر ۋايتىنىڭ ئۆيى يېنىدىن تاپتىم. ئۇ رويال چېلىۋاتقانىكەن.

بولدى، ئەمدى باشقىلارغا ئوتۇن كەسلىشىپ بەرگىلى بارمىسام بولمايدۇ، ئاندىن بىز سلاتېر ئارىشىڭىغا بارماقچى، ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئانىدىن تۇغما بولۇپ سۇغا چۈشىدىكەن.

بۇ يەردىكى كۈنلىرىم ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ قويىمەن. ياش بىر ئايال بىلەن 80 ياشلىق بىر شائىرغا باش ئىسكىرىپكا دەرسى ئۆتۈپ، ئازراق بولسىمۇ كىرىم قىلىمەن. پاتىنىتون چوققىسىدىكى بىر كىچىك ئۆيدە كىمنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەقلىڭلارغا سىغدۇرالمايسىلەر، ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، خېنرى مىللېر. ئۇنىڭ بىلەن

*تېخى كۆرۈشمىدىم، لېكىن پات ئارىدا بىر كۆرۈشكۈم بار.*

*سىلەرنى سۆيۈپ:*

*ۋېنى*

— خېنرى مىللېر دېگىنى كىم؟ — سورىدى ماركوم ماكمىللان خوتۇنىدىن.

— ئۇ بىر يازغۇچى.

— ئۇ قانداق نەرسىلەرنى يازىدۇ؟

— ماركۇم، سىز ئۇنداق نەرسىلەرگە بەربىر قىزىقمايسىز، سوراپ نېمە قىلىسىز.

— ياق، مېنىڭ بىلگۈم بار.

— ئۇ يازغان ئەسەرلەر ئىچىدە «شىمالىي تروپىك سىزىقى» دېگەن بىر ئەسەر بار. لېكىن ئۇ ئەسەرنى ئامېرىكىدىن تاپقىلى بولمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شەھۋانىي ئەسەر دەپ چەكلىنىۋەتكەن.

— شەھۋانىي ئەسەر؟ قايسى جەھەتتىن؟

— ماركۇم، بايا دېدىمغۇ، سىز مۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقمايسىز.

ۋېنى ماكمىللان داسۇرغا كېلىپ تۆت ئايدىن كېيىن، موتىسىكلىت مىنگەن تەنها بىر سەيياھ دەل ئۇ ماڭغان يولنى بويلاپ مېڭىپ، يانكى تۇمشۇقىنى كېسىپ ئۆتتى، ئاندىن سور تاغ ئېغىزىنى كېسىپ چۇشۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ سەيياھ ئېگىز كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، ئەگەر سىز ماياك ئەتراپىدىكى يانار تاغ چوققىسىغا چىقىپ كىچىك - كىچىك ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ نېرىسىغا قارىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزگە سانتالۇسىيە قىياسىدىكى بىر قارا توچكا ياكى بىر كىچىك مەنزىرە بولۇپ كۆرۈنگەن

بولاتتى.

1929 - يىلى يارىل تۆت تىپلىق موتسىكلىت دۇنياغا كەلگەندىن بېرى كىشىلەر ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كەلدى. مۇھىمى ئۇنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق لايىھىلەنگەنلىكىگە ئەمەس، ماتورىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىغا قارىشىڭىز كېرەك. روبېرت كىنكاينىڭ موتسىكلىت توغرۇلۇق ھېچقانداق ساۋاتى يوق، ئۇ پەقەت بۇ موتسىكلىتنىڭ شەكلىنى ياخشى كۆردى، مىنىپ بېقىپ راھەت ھېس قىلدى. ئۇ ئۇرۇش يىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆزىنى ھەر قانچە قەيسەر تۇتسىمۇ، يۈرىكى پۇلاتلاپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھەربىي پاراخوت ۋە ئاكوپلاردا نۇرغۇن ئەرلەر بىلەن قىستىلىشىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن ئاشۇ يىللار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يارىل تۆت تىپلىق موتسىكلىت سان - فرانسىسكودىكى بىر ماگىزىندا خۇددى ئەركىنلىك قورالىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

— بۇ ئاز ئۇچرايدىغان ياخشى موتسىكلىت، ۋەتىنىنى قوغـداش ئۇچـۇن قايتـقان بىر ئەنگلىيىلىكـتىن سېتىۋالغانىدىم، — دېدى مال ساتقۇچى، — مىنىپ كۆرۈپ بېقىڭ، جەنۇب تەرەپتىكى ئاۋۇ ئايلانما يول بىلەن قىيا بويلاپ مېڭىپ باقسىڭىز موتسىكلىتنىڭ قانداقلىقىنى شۇ چاغدا بىلىسىز، لېكىن، دىققەت قىلىڭ، ماينى بەرسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنى ئوقشاپ بولغۇچە سائىتىگە 70 مىللىق سۈرئەتكە چۈشۈپ بولىدۇ.

داسۇر يازلىق تۇمان ۋە قىشلىق يامغۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ ئالتۇن پەسلىگە كىردى. روبېرت كىنكاي موتسىكلىتنى مىنىپ بىكسبىي دەرياسىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، چىنار، ئېرەن ۋە قارا كاۋچۇك دەرەخلىرى ئۆز گۈزەللىكلىرىنى نامايان قىلدى. ئۇ يېڭىلا چېكىنىپ چىققان ئۇرۇش مەيدانىدىكى

كۆرۈنۈشلەر بۇ يەردە يوق ئىدى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇخلاش خالتىسى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى رەتلىك تېڭىپ ئۆشنىسىگە ئارتىپ يۈرەتتى.

ئۇ دېڭىز بويلاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ياشىنىپ قالغان بىر ئەر بىلەن بىر قىزنىڭ كىچىك بىر ئۆينىڭ سىرتىدا رويال ۋە باس ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا توختىدى، ماتورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇلار چېلىۋاتقان مۇزىكىغا قۇلاق سالدى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى بىلەن مۇزىكا ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. روبېرت كىنكاينىڭ ھېسسىياتى دولقۇنلىدى، خىيال كەپتىرى قاناتلاندى، قەيەردىدۇر، تېخى يېقىندىلا مىنامىيوتلارنىڭ ئاۋازلىرى، ۋارقىرىغان ئاۋازلار ۋە تانكا چاقلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى بىزار قىلغان، مانا ئەمدى ئاڭلاۋاتقىنى مۇزىكا ئاۋازى، دەرەخلەرنىڭ رەڭدار يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى. بوۋاي ئېگىشكەندە ئالدىغا چۈشۈرۈۋالغان چارلاشقان چاچلىرىنى ئارقىسىغا ئېتىپ قويىدۇ، قىز بولسا پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرۇپ باس ئىسكىرىپكا چېلىۋاتىدۇ، رويالچىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇرىدۇ، بوۋاي بەزىدە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ مۇزىكىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

رويالچى بىر چاغدا چېلىشتىن پۈتۈنلەي توختاپ، قوللىرىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ قىزغا كۆرسەتمە بەردى:

— رىتىمنى تېز ئېلىڭ، ماكسىللان خېنىم. توغرا، لېكىن راخمانوفنىڭ مۇزىكىلىرى ئات بەيگىسى ئەمەس، شۇڭا رىتىمنى بەك تېز ئېلىشقا بولمايدۇ، تارغا بارماقلىرىڭىزنى يېنىك تەگكۈزۈڭ. ھە، 42 تاكتتىن باشلايلى، — ئۇ تاكت بېرىپ قويۇپ مۇزىكىنى باشلىدى، قىز ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

روبېرت كىنكاي 32 ياشقا كىردى، ئۇرۇش ئۇنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىنمۇ چارچاتقانىدى، شۇڭا ئۇ مۇزىكىنى موتسىكلىتىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى.

بىر پەستىن كېيىن يەنە بىر نەچچە ئادەم كېلىپ چىملىقتا ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى ئاددىي، بىر نەچچىسى قارىماققا ئورمان رايونىنىڭ ئادەملىرىدەك قىلاتتى، داسۇردا تۇرۇۋاتقان قاراشلىرى غەلىتە سەنئەتكارلارغا ئوخشىمايتتى. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار كېلىپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، دوستانە ئىدى. قىز باس ئىسكىرىپكىسىنى كاناپ قاپقا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئەر گەپ ئالدى:

— ھەر يىلى مۇشۇنداق چاغدا تەڭرى بىزگە كۈن ئولتۇرغان چاغدىكى گۈزەل مەنزىرىنى ئاتا قىلىدۇ. بىز ساھىلغا بېرىپ كۈن ئولتۇرغان مەنزىرىنى كۆرمەكچى، ئەگەر خالىساڭىز بىز بىلەن بىللە بېرىڭ. ئۇ يەردە خارۋېي دەريادىن يېڭى تۇتۇپ كەلگەن سالمون بېلىقىنى كاۋاپ قىلىدۇ، يېسىڭىز تەمى ئاغزىڭىزدا قالىدۇ. بىر كۈنى ئۇ يولدا ماشىنا بېسىپ ئۆلتۇرۇۋەتكەن پىنگۋىنىنىمۇ كاۋاپ قىلغان، سىزگە دېسەم، پىنگۋىننى كاۋاپ قىلىپ يېسە بەك تاتلىق بولىدىكەن.

كەچتە ئۇلار خارۋېي كاۋاپ قىلغان سالمون بېلىقىنى يېدى، كېيىن خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، خۇگ ئىسىملىك بىر ئىرېلاندىيىلىك ئارفا بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلىدى. دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاقتا دەھشەتلىك ئۇرۇلغان ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلانغان ئۇرۇش پاراخوتلىرىدىكى زەمبىرەك ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى. قان ۋە ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان ئۇرۇش مەيدانىدىن يېڭىلا ئايرىلغان روبېرت كىنكاي ئۈچۈن بۇ كۆڭۈلدىكىدەك دۇنيا ئىدى، ئۇ ھەم راست، ھەم يالغان بىلىنەتتى. ئۇ تىنچ مۇھىت ۋە يېنىك كۈلكە ئاۋازلىرى ئىچىدىن، پەلسەپە، سەنئەت ۋە مۇزىكا ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر ئىچىدىن بىراقلا دومىلاپ، ئۆزى ئىلگىرى بارغان يەرلەر ۋە كۆرگەن ئىشلار ھەققى-

دىكى كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر ئىچىگە چۆشىدۇ. ئۇنىڭ تېرىلد-
رى قارامتۇل، كۆزلىرىنىڭ خۇنى يوق، بىرەيلەن ئۇنىڭ تۇر-
مۇشى ھەققىدە گەپ سورىغاندا ئۇ سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتۈۋا-
تىمەن، دەپلا گەپنى تۈگەتتى.

باس ئىسكىرپىكچى قىزنىڭ ئىسمى ۋېنى ئىدى. ئۇ رو-
بېرت كىنكاينىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى جىممىدە ئولتۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئۇنى جىمجىتلىق ئىچىد-
دىن سۆرەپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، روبېرت كىنكاي
بىلەن قول ئېلىشتى، روبېرت كىنكايمۇ ئۇنىڭغا ئىسمىنى ئېيت-
تىپ بەردى. لېكىن، مۇنداق سورۇنلاردا ئېيتىپ بەرگەن ئى-
سىم ئادەمنىڭ كاللىسىدا قالمايدۇ، مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قې-
لىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىسى 20 مىنۇتچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن
ۋېنى سورىدى:

— كەچۈرۈڭ، ئىسمىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەر-
گەن بولسىڭىز؟

— روبېرت، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز...
ۋېنى، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، شوتلاندىيىلىكلەرنىڭ ئىسمى، — ۋېنى ئىس-
مىنى بىر ھەرپ، بىر ھەرپتىن ئېيتىپ بەردى، — دادام
ئەجدادىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدۇ.

ۋېنى بىردە يورۇپ بىردە سۇسلىشىپ تۇرىدىغان گۇلخان
يورۇقىدا روبېرت كىنكايغا سەپسالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەر
قانداق ئادەمنى بىرىنچى قاراشتىلا ئۆزىگە تارتىدىغان ئالاھىدى-
لىكىگە — كۆزىگە دىققەت قىلدى. بۇ كۆزلەردىن ھېچنېمە
قېچىپ قۇتۇلالمايدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە ھەرىكد-
تىدە ئادەمنى ئەيمەندۇرىدىغان ھەم ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەل-
تۈرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى، بۇ ھەم ئەسكەرلەرگە

خاس، ھەم شائىرلارغا خاس ئالاھىدىلىك ئىدى، گويا ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان دەۋرنىڭ ئادىمىدەك ئىدى. ۋېنى شۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، ئەگەر روبېرت كىنكاينىڭ ئالدىغا بىر ئەينەكنى قويسا، ئۇنىڭدا بەلكىم مەلۇم غەلىتە، ئىپتىدائىي ئوبراز ئەكس ئېتىشى مۇمكىن.

— سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟ دېمەكچى بولغىنىم، نېمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىسىز؟ سىز بايا، كۆڭلىرىم سەرگەردانلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ، دېگەندەك قىلىۋېدىڭىز.

— مەن جەنۇبىي تىنچ ئوكيانغا بارغان، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدا تۇرغان، يېقىندا ئۇ يەردىن بوشىنىپ قايتىپ كەلدىم. مەن ئۇرۇشتىن ئىلگىرى فوتوگراف ئىدىم، ئەمدى شۇ كەسپىمنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى.

— قىسمىدا نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— يەنە شۇ فوتوگراف بولدۇم.

روبېرت كىنكاي ئالدىدىكى قۇملۇققا قارىدى. ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنى سەزدىكى، ئۇ شۇ تاپتا ئوقلار ۋىژىلداپ تۇرغان قۇملۇقتا ئەمەس، تىمتاسلىقتا چۆمگەن قۇملۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا ئۇرۇش مەيدانىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى، يېنىدىكى ياردەمچىسىگە قاراپ تۇرۇپ دوختۇرنى ھەدەپ ۋارقىرايتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن بەزى كۆڭلىرى چۈشتىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىسكىرىپكا مەشىق قىلىمەن. ئەگەر خالىسىڭىز ئەتە بىرلىكتە دالىدا غىزالىنايلى.

گۇلخان ئۆچۈشكە باشلىدى، كىشىلەر تاغ ئۈستىدىكى ۋە جىلغىدىكى ئۆيلىرىگە بىرلەپ ـ ئىككىلەپ قايتىشقا باشلىدى.

روبېرت كىنكاينىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھېچقىسى يوق. جېك چارشەنبە كۈنى كىرىسىن ئالغاچ

كېلىدۇ، بىر نەچچە ئاي يەتكۈزدەك ئالغاچ كېلىشنى ئېيتقانىدىم، تەلەك ئىشلەتمەيمىزمۇ.
كىشىلەر روبېرت كىنكاي بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى، ئاندىن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كۆزدىن غايىب بولدى. لاۋرېنس ئىسىملىك بىر ئەر روبېرت كىنكاينىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدى، روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ تەكلىپىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.
دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا دەھشەتلىك ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا دولقۇن ئاۋازى ئامېرىكا ئۇرۇش كېمىلىرىدىكى ئۇزۇلمەس توپ ئاۋازىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. بىتتىنئو ئاراللىدا بىر ھەربىي دوختۇر روبېرت كىنكاينىڭ يەردە ياتقان ياردەمچىسىگە ئېڭىشىپ قاراپ: «ئەپسۇس، ئۇ جان ئۈزۈپ بوپتۇ، يىقىلماي تۇرۇپلا جان ئۈزۈپ بولغانىكەن. ھەي، ئىپلاسلارنىڭ ئوقى نەق تېگىپتۇ» دە، ــ دېدى ۋە روبېرت كىنكايدىن سۈرەت تارتىشنى ئۆگىنىمەن دەپ كەينىدىن قالماي يۈرگەن يىگىتنىڭ بوينىدىن سالاھىيەت كارتىسىنى ئېلىۋالدى. ئۇ تېخى بىر بالا ئىدى، ــ بېشىگىزنى تۆۋەن قىلىڭ، ئاۋۇ تەرەپتىكى ياپونىيە سودا پاراخوتى خەتەرلىك.
ــ ھەي، سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، ــ بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ــ دالا تامىقىغا بارالامسىز؟
ــ ھە، كەچۈرۈڭ، ھى... بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن... ياخشى گەپ بولدى، مېنىڭ ئوتتەك بارغۇم بار.
ــ ئۇنداقتا چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن يېرىدە سىزنى ساقلايمەن. ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە كۆرۈشەيلى. ئۆگۈنلۈككە خېنرى مىللېر بىلەن كۆرۈشكىلى بارماقچى، خالىسىڭىز بىللە بېرىپ كېلەرمىز.
روبېرت كىنكاي خېنرى مىللېرنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ كىتابى

ئامېرىكىدا چەكلەنگەن بىلەن چەت ئەلدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا بىردىن دېگۇدەك بار ئىدى.

— بارسامىمۇ باراي، ئۇنى ياقتۇرۇپ كېتىشىم ناتايىن، شۇنداقتىمۇ بىر بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي.

— خېنرى هازىرقى ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئادەمگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، باشقىلارغا ئوخشاش ئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى ئارىلاپ يۈرىدۇ، ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلاردىن ئىمكان بار ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ. بەزى ئادەملەر بار، بۇ يەرگە مەخسۇس پەسكەش ئىش - ھەرىكەتلەرنى تاماشا قىلىپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

ماركوم ماكمىللان قىزىغا 15 ياشقا كىرگەن چاغدىكىدەك قارايدۇ. ئىنكاسى تازا تېز ئەمەس بەدىنىگە تۈزۈك گۆش قونمايدۇ، ئۇ دائىم شۇنداق ئويلايدۇ.

— قىزىمىزغا تاماقنى كۆپرەك زورلاش كېرەك، — دەيدۇ ئۇ خوتۇنىغا.

— ماركوم، سىز دىققەت قىلماپسىز، قىزىمىز بويىغا يېتىپ قالدى. ئۇ ئازادە كىيىنىپ يۈرگەچكە بۇ تەرىپى تازا بىلىنىپ كەتمەيدۇ. ھازىر يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ ئۇنچە كالانپاي ئەمەس، ئۇنى تولىمۇ نازاكەتلىك قىز بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

روبېرت كىنكاي موتسىكلىتىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ يول بويىدا تۇرغان ۋېنى ماكمىللاننىڭ يېنىدا توختاتتى. ئۇ ۋېنىنىڭ ئۈچىسىدىكى كەڭتاشا ئىشتان ۋە سۇس رەڭلىك پوپايكا ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تولىمۇ زىلۋا ئىكەنلىكىنى سېزىپ بولدى. روبېرت كىنكاينىڭ ئايال زاتىغا بولغان قىزىقىشى تېخى يېقىندىلا ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئاشۇ يىراق قاقاس ئارالدا، ئۇرۇش شارائىتىدا بارلىق ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى ئۇنتۇغان ئاشۇ كۈنلەردە، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ھايات قېلىش ۋە باش چۆكۈرۈپ

ئىشلەشكە قاراتقانىدى. ئۇ كۈنلەردە ئۇرۇش مەيدانىدا خۇددى پىيادە ئەسكەرلەردەك تىنىم تاپماي نىرى - بېرى يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان سېستىرالارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئايال زاتى سەنئەت بويۇمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەسكەر توشۇيدىغان پاراخوتنىڭ تار بۆلۈمچىسىگە چاپلاپ قويۇلغان رىتا خايۋورتنىڭ سۈرىتى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدىكى بىر ئەسكەر مەيدە يانچۇقىغا قاتلاپ سېلىۋالغان لاۋرېن بېككېر-نىڭ سۈرىتى بار ئىدى، يەنە بەزىلەرنىڭ خوتۇنى ۋە سۆيگىنىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. مۇنداق سۈرەتلەر قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرات-تى، غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى، ئەرمەك بو-لاتتى. ئەلۋەتتە، يەنە «توكيو ئەتىرگۈلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەچچە قىزنىڭ رادىئودىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ماموقتەك يۇمشاق ئاۋازىمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى ئۇمىدسىز ئىشتىن قول ئۈزۈپ، قاچاق ئەسكەر بولۇشقا قۇترىتاتتى.

لېكىن، ھازىر قۇياش ئۆزىنىڭ يېقىملىق نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ، روبېرت كىنكاي ئۆزىنى يېڭىچە بىر ھاياتلىققا ئېرىش-كەندەك ھېس قىلماقتا. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭرىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن مۇكاپاتى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆزى سۈرەتكە تارتى-ۋاتقاندا ئوق يەپ يىقىلغان ئاشۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا ھايات پەيزىدىن بەھرە ئېلىشقا ھەقلىق. 16 مىليون ئامېرىكىلىق ئۇرۇشقا قاتنىششقا سەپەرۋەر قىلىنىدى، 400 مىڭ ئادەم ئۇ-رۇش ۋە ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۆلدى، ياپونىيە 2 مىليون ئەسكىرىدىن ئايرىلدى.

ــ ياخشىمۇ سىز؟ ــ روبېرت كىنكاي موتسىكلىتتىن پۈتىنى ئېلىۋاتقاندا ۋېنى ماكمىللان ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ روبېرت كىنكايغا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ ياخشىمۇ سىز؟ بۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى،

شۇنداقمۇ؟ — دېدى روبېرت كىنكاي ۋە مۇنداق چاغدا كۆلۈمسىرەش كېرەكلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. ئۇ كۆلۈمسىرەش ۋە نورمال كىشىلەردەك قاقاقلاپ كۈلۈش ماھارىتىنى يېڭىۋاشتىن يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى.

— داسۇرنىڭ ھاۋاسى ھەر قانداق ۋاقىتتا مۇشۇنداق ياخشى. بۇ يەردە ئۆزۈڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ تۇرسىڭىز بۇنى ھېس قىلىپ قالىسىز، — قىز ئۇنى ئۆزۈڭىزنى تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەۋاتقاندەك بېشىنى سىڭايان قىلدى.

روبېرت كىنكاي بۇ چاغدا چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ موتسىكلىتىنىڭ ئورۇندۇقىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ، قىزنىڭ يېنىدا تۇرغان باس ئىسكىرىپكا سېۋەتكە قارىدى.

— قارىغاندا، بىزگە ئارقا سەپكە مەسئۇل يەنە بىر ئوفىتسېر بولمىسا بولمىغۇدەك، ھازىر ئەھۋالىمىز گۋادالكانالدا قورۇقلۇقتا چىققانغا ئوخشاپ قالدى، ئۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىزغۇ بەك پاجىئەلىك بولغانىدى. مەن ئىككى قولۇمنى رولدىن ئايرىيالمايمەن، سىزنىڭ سېۋىتىڭىز بىلەن ئاپپارات بار سومكامنى موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىغا باغلىۋالساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز باس ئىسكىرىپكىنى مۇرىڭىزگە ئېسىپ ئارقامدا ئولتۇرالىسىڭىز مەن ئاندىن خاتىرجەم ماڭالايمەن، موتسىكلىتنى سۇغا ھەيدەپ كىرىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەرمەيدۇ.

يولغا چىنار دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يانتۇ يول دېڭىز ساھىلىغا تۇتىشىدۇ، قۇياش نۇرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ يولغا تەڭگىدەك شولىلارنى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇ تاپتا تىنچ ئوكياندىن 30 يارد يىراقلىقتىكى بىر قىيا يېنىدا تۇرىدۇ. روبېرت كىنكاينىڭ نەزىرىدە بۇ يەر تاشقىن كۆتۈرۈلىدىغان يەردىن يىراق.

ۋېنى ماكمىللان شىمال تەرەپنى كۆرسەتتى:

— بىز دېڭىز بويلاپ ماڭساق بولىدۇ، ئاۋۇ تەرەپتىكى

تۇمشۇقنى ئايلىنىپ ئۆتسەك شامالدىن دالدا چاققانغىنا بىر ساھىلغا چىقىمىز. ئەمما، دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن پەخەس بولمىساق بولمايدۇ. ھازىر دېڭىز سۈيى پەسەيگەن ۋاقىت، دېڭىز سۈيى ئۆرلىگەندە، قىيا ئۈستىگە چىقىۋېلىش ياكى دېڭىز سۈيىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال يوق، تومشۇق ئەتراپىدىن كەتكۈدەك يول تاپقىلى بولمايدۇ.

روبېرت كىنكايىنىڭ بىر تەرىپىگە ئەسكەرلەر ئىشلىتىدىغان سۇدان، يەنە بىر تەرىپىگە شۋېتسارىيە خەنجىرى، ئوڭ مۈرىسىگە باس ئىسكىرىپكا، سول مۈرىسىگە ئاپپارات سومكا ئېسىلغانىدى. ۋېنىنىڭ قولىدا ساندۇق، سالات ۋە ئىككى بوتۇلكا ۋىنو سېلىنغان سېۋەت بار ئىدى. ئۇ باشتا ۋىنودىن بىر بوتۇلكىلا ئالغانىدى، كېيىن تۈنۈگۈن كەچتە گۇلخان يېنىدا غېرىبسىنىپ ئولتۇرغان ئەرنى ئېسىگە ئېلىپ، ئارتۇقلۇق قىلماس دەپ يەنە بىر بوتۇلكا ئېلىۋالدى. بەزى ئىشلارغا ئالدىن بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغۇ.

ۋېنى ماكمىللان مۇزىكا، دېڭىز توغرۇلۇق، ئۆزىنىڭ داسۇرنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىدى. روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ قول ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلدى، ھەرىكىتى ئارابېسكىنىڭ باليېت ئۇسسۇلىدەك يېقىملىق، مۇزىكا تۇيغۇسىغا باي ئىدى. ئۇ ۋېنىنىڭ قۇلۇلە قېپى تېرىشىگە قاراپ تۇردى، خىيالىغا بىر ئىش كەلدى. ئۇلار ساھىلغا ئېتىلىپ چىقىۋېتىپ قۇلۇلە قېپى ئۈستىگە يىقىلغاندا ياكى قۇلۇلە قېپىنىڭ ئۈستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتكەندە قۇلۇلە قېپى ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى زەخىملەندۈرەتتى، بولمىسا ئۇنىڭ قۇلۇلە قېپىغا دىققەت قىلمىغىنىغا ئۇزۇن بوپتىكەن.

ۋېنى روبېرت كىنكايغا قايرىلىپ قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن يەنە باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىز بەلۋېغىڭىز بار تۇرۇپ يەنە ئاسما باغ تاقىۋالىدى-

كەنسىزغۇ؟ بۇنىڭ ئىچىگىزدىكى بىر ەر دەرد ـ ئەلەم بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ قانداق؟

روبېرت كىناكي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ مەن دائىم مۇنداق قىلمايمەن، بۇ مېنىڭ قانداق ئىش قىلىشىم بىلەن باغلىنىشلىق. بەلۋېغىمغا سۇدان، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېسىۋالغاندا ئىشتىنىم تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئاسما باغ تاقىۋالىمەن.

ئۇلار قۇملۇقتا يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن تۇمشۇقتىن ئايلىنىپ ئۆتتى. روبېرت كىنكاي يول بويى قىزنىڭ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە بولغان قىزىقىشى ۋە ھاياجىنىنى تاماشا قىلىپ ماڭدى، قىز ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭغاندا ئۇنىڭ ساغرىلىرىنى ئوينىتىپ مېڭىشلىرىدىن ھۇزۇرلاندى.

روبېرت كىنكاي كېيىن مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇردى:

*چۇشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا بىر پارچە قۇملۇققا يېتىپ كەلدۇق، ئاياغلىرىمىزنى سېلىۋېتىپ، تاغ ئارىسىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇزۇك ئېرىق سۇيىگە چۈشتۇق. بۇ سۇ ساھىلدىن ئېقىپ ئۆتۈپ تىنچ ئوكيانغا قۇيۇلاتتى. سۇنىڭ رەڭگى غەلىتە، سۆسۈن رەڭدە ئىدى. بۇنىڭ سۇ دېڭىزغا قۇيۇلۇشتىن بۇرۇن يانار تاغ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى كېيىن بىلدىم. دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاقتىكى قورام تاشلارغا دەھشەتلىك ئۇرۇلۇشىغا قاراپ تۇرۇپ، ئايىغىم ئاستىدىكى غەلىتە بىر ئىزغا تازا دىققەت قىلماپتىمەن، ئۇ ئىز ئۈچ فۇتچە كەڭلىكتە، يۇمىلاق شەكىلدە ئىدى.*

*مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىزنى سىلىدىم، گويا بۇ ئىزلار ئۆزلىرىنى قانداق مەخلۇقنىڭ قالدۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغاندەك ئىدى. ئۇششاق دولقۇنلار ۋە ئۆزۈمنىڭ نەپەسىمنىڭ ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كائىنات تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. كۆزلىرىم سۇ بويىغا قاراپ كەتكەن ئىزنى قوغلاپ ماڭدى. ئۇ*

غەلىتە ئىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قوڭۇر رەڭلىك قانداقتۇر زور بىر مەخلۇق تۇراتتى. ئۇ مەخلۇق ئورنىدىن يۆتكىلىۋاتاتتى. مەن قىزغا لەپپىدە قارىدىم، ئۇ غەلىتە نەرسىنى قىزمۇ كۆرگەنىدى.

سومكامدا يېقىن ئارىلىقتىن تارتالايدىغان بىرلا ئاپپارات بار ئىدى، مەن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەچ ئاپپاراتنى چىقاردىم، قەدەملىرىمنى تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئالاتتىم. بۇ يەر مېنىڭ زېمىنىم ئەمەس، بۇ يەرنىڭ ئورمانلىرى ۋە دېڭىز ئىچىدىكى ياۋايى مەخلۇقنىڭ يوغانلىقى ئادەمنىڭ تېنىنى شۇركۇندۇرەتتى، مەن قۇملۇقنى ئايلىنىپ مېڭىپ ئۇ مەخلۇقنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولدۇم، ئارىلىقىمىز 30 ياردچە كېلەتتى.

مەن ئۇنىڭ نەچچە مىڭ قاداق كېلىدىغان زور بەدىنىدىكى يۇزىنى كۆردۇم. ئۇ غەلىتە، مىسكىن كۆرۇنىدىغان يۇز ئىدى، ئۇنىڭغا جايلاشقان قوڭۇر كۆزلەر ساھىلدىكى شېغىل تاشلاردەك پارقىراق، سىلىق كۆرۇنەتتى، بۇرنى پىلنىڭ خارتۇمىغا ئوخشايتتى. ئۇ مەخلۇق كالتە پۇتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ساھىل بويلاپ دېڭىز تەرەپكە سۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۇپ قالدى، مېنى ئېنىقراق كۆرۇۋالماقچى بولغاندەك بېشىنى كۆتۇردى، ئارقىدىنلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خۇددى گىلەم ئۇستىگە تاشلانغان ئىتتەك، قۇملۇقتا يېتىپ، كۆزلىرىنى لىپىلداتقىنىچە ماڭا قارىدى.

20 فۇت يىراقلىقتا بىر جۇپ قوڭۇر كۆز ئاپپاراتنىڭ كۆزىدە ئېنىق كۆرۇندى. مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ياخشىراق چىقىدىغان تەرەپنى تاللاۋاتقىنىمدا، ئۇ مەخلۇق كۆزلىرىنى مەندىن ئۇزمەي تۇردى، بۇ كۆزلەر قارىماققا قورقۇنچلۇق ئىدى، ئۇلاردىن سەگەكلىك، قىزىقسىنىش چىقىپ تۇراتتى. مەن باشقا جانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشتىن پەيدا بولۇۋاتقان يۇرىكىمدىكى ئارامسىزلىقنى بېسىشقا تىرىشتىم، ئېنىقكى، قىز ئىككىمىز بىزگە پەقەتلا موھتاج بولمىغان تىنچ مۇھىتقا بۆسۇپ كىرگەنىدۇق.

مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ياۋايى ھايۋانلار قوللانمىلىرىدا كۆرگەن ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى كۆڭۇل خاتىرەمدىن ئىزدەشكە

باشلىدىم. مەن ئۇ مەخلۇقنى تونۇشۇم كېرەك ئىدى، لېكىن تونۇيالمىدىم، ئېسىمگە ئالالمىدىم. يىلپىز ئەمەس، بۆرىنى ئوخشىمايدۇ، بەك يوغان، دېڭىز پىلىمۇ ئەمەس، لېكىن گەۋدىسىنىڭ كېلەڭسىزلىكى ۋە ھەرىكىتى بەك ئوخشاپ تۇرىدۇ. مەنغۇ ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋېلىشقا ئەزەلدىن قىزىقىپ كەتمەيمەن. ئەمەلىيەتتە مەن باشتىن - ئاخىر شۇنداق قارايمەن، بىز ئۆزىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۇنيانى تونۇش جەھەتتە بەكرەك قىزغىن. شۇنداقتىمۇ، كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەخلۇقنىڭ ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالمىغانلىقىمدىن بەك ئەپسۇسلاندىم.

سۈرەتنى ياخشىراق تارتىمەن دېسەم، ئۇ مەخلۇقنىڭ تۇرغان ئورنى ياخشى ئەمەس ئىدى. قۇمدا يېتىپ تۇرۇپ تارتسا بەك پەس بولۇپ قالىدۇ، ئۇ مەخلۇقنىڭ ئارقىسىدىكى قورام تاش بىلەن مەخلۇقنىڭ رەڭگى ئوخشاپ كېتىدۇ. بولدى قىلايلا، مەن ئاپپاراتنى پەسلەتتىم. قانداق چىقسا شۇنداق چىقار. ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى! ئۇ مەخلۇق دېڭىز پىلى ئىكەن. 19 - ئەسىردە ئوۋچىلار ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئاساسەن قۇرۇتۇۋەتكەن، ھازىر كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. ئۇ مەخلۇق يىراقتىن بىر كۈن، بەلكىم بىر كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بۇ ساھىلغا كەلگەن، بىز ھەممىمىز ئەڭ ئاخىردا قىلىدىغان ئىشقا ئوخشاش، تىرىشىپ - تىرمىشىپ دېڭىز سۈيىگە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

دېڭىز پىلى سۇنىڭ تېيىز يېرىگە چۈشكەندە، ئالتە فۇت كېلىدىغان بىر قاتار دولقۇن قورام تاشلارغا ئۇرۇلدى، دېڭىز پىلى دەرھال ئورنىدا توختاپ، مەن بىلەن قىزغا قايرىلىپ قاردى. ئۇ سۇغا بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غايەت زور بەدىنىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇ سۇ سىرتىدا تۇرغاندا گويا بىر دۆۋە لايغا ئوخشايتتى، سۇ ئىچىدە بولسا باشقىلا بىر تۇسكە كىرىپ قالاتتى. ئۇ سۈرئىتىنى بىردىنلا تېزلىتىپ سۇنىڭ چوڭقۇرىسىغا ماڭدى، ئىككى قورام تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار ئارىلىقتىن ئۆتۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن ئۆرە بولۇپ قىزغا قارىدىم. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ،

بىر قولى بىلەن بېلىمدىن قۇچاقلىدى. مەن يەنىلا دېڭىزغا قاراپ تۇراتتىم. قىز كۆڭلىكىمنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويىدى، مەن ئېـ-ڭىشىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ئۇ بـەك غــەلىتە مەخــلۇقــكەن، روبېرت، — دېدى قىز، — بۇ يەردە ئۇنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، — قىز كۇلۇمسىرىگىنىچە ماڭا قارىدى.

بىر پەستىن كېيىن ئۇ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى:

— ئۇ سىزگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، مېنىڭچە ... بەلكىم، كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

قۇم ئۇستىدە ئۇچ فۇت كەڭلىكتە ئىز قالدى، ئۇ ئىز تىنىچ ئوكيانغا تۇتىشاتتى. مەن ئاپپاراتنى سومكىغا سالدىم، ئاشۇ بىر جۈپ قوڭۇر كۆز خىيالىمدىن كەتمەيتتى. ئۇ كۆزلەر ماڭا بەك قاراپ كەتتى، خاتىرىسى ۋە قوللانمىلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر مېنى تونۇۋالدى، ئاندىن دولقۇن يېرىپ ئىرغاڭلاپ ماڭغىـ-نىچە سۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، كۆزدىن غايىب بولدى.

قىز ئۇستى تەكشى يوغان تاش ئۇستىگە بىر پارچە رەختنى يايدى، ئاندىن باس ئىسكىرىپكىنى قېپىدىن چىقىرىپ تارلىرىنى تەڭشىدى ۋە تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ چېلىشقا باشلىدى. مەن يۇمشاق قۇم ئۇستىدە يېتىۋېلىپ، ئۆتكەن ئۇچ يىلدا بارغان يەرلىرىمنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۇم، كېيىن يەنە ئۇلارنى ئويلىـ-ماسلىققا تىرىشتىم، قۇم تولىمۇ يېقىملىق ئىدى، ئۇ يەردە ئۇ-زۇندىن - ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم، باشقا ھېچقانداق يەرگە بارغۇم كەلمىدى.

ئەتىسى سەھەر، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلىغان. روبېرت كىنكاي تاڭ ئاتقۇچە دېگۇدەك يېنىپ ئۆچۈپ قالغان گۇلخاننى قايتىدىن ياندۇرۇش ئۇچۇن، تۇتاشتۇرغۇدەك نەرسە ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ۋېنى ماكمىللان بىلەن قۇم ئۇستىدە تاڭ ئاتقۇچە قۇچاقلىشىپ ياتتى. ئۇ ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەك سېزەتتى، شۇ تاپتا ئۇرۇش كۆلەڭگىلىرىدىن يىراق، ئۆزىنى يېڭى بىر

ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

ۋېنى ماكمىللان مۆزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ چىرايلىق قىلىپ تۇرمەكلىنىۋالغان چاچلىرىنى چۇشۇرۇۋەتتى، چىرايىدا تەبەسسۇم، روبېرت كىنكايىنى قانماي ئارقا - ئارقىدىن سۆيەتتى. ئىككىسى تاڭ قۇياشى تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئاجىز نۇرىنى چاچقۇچە بىر - بىرىنى قانماي سىلىشىپ ياتتى، بۇ ئۇلارنىڭ قۇملۇققا كەلگەنىدىن بېرى ھايات پەيزىدىن ئۇچىنچى قېتىم ھوزۇرلىنىشى ئىدى.

— ئۇنداقتا بۇ يەردە قەپقالالامسىز؟ — سورىدى ۋېنى ماكمىللان كېيىن.

روبېرت كىنكاي ئورنىدا تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىغا يېپىشىپ قالغان قۇملارنى چۇشۇرۇۋەتتى، ئايغىنى كىيىپ، يىپلىرىنى باغلىدى.

مەن بۇ يەردە قەپقالالمايمەن. مەن ئىشلىشىم كېرەك، «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»غا تېلېفون بېرىپ، مەن قىلغۇدەك ئىش بار - يوقلۇقىنى سوراپ باقاي. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىشىنى قىلىپ بەرگەنىدىم. مەن سان - فرانسىسكو تاغلىق رايونىغا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، ئۇ يەر يىراقمۇ ئەمەس، بىز دائىم كۆرۈشۈپ تۇرالايمىز.

— بۇنى بىلىمەن. لېكىن، بەزىدە مېنىڭ تۇرمۇشۇم مانا مۇشۇنداق، تۈنۈگۈن كەچتىكىگە ۋە بۈگۈن ئەتىگەندىكىگە ئوخ - شايدۇ، — دېدى ۋېنى. ئۇ روبېرت كىنكاينىڭ نەملىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ياقىسىنى ئوينايتتى.

روبېرت كىنكاي بېشىنى ئۇنىڭ بېشىغا يېقىن قىلىپ تۇراتتى، قىزنىڭ چاچلىرىدىن دېڭىزنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بىر توپ ساقا قۇش تۇمانلارنى يېرىپ چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئۇچۇشى تازا رەتلىك ئەمەس، سۇ بېغىرلاپ جەنۇب تەرەپكە

ئۈچۈپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇمان ئىچىدە غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەمدى چايكىلار ئۈچۈپ كەلدى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل دەقىقىلەر ئىدى. روبېرت كىنكايغا مەلۇم، بۇ گۈزەل دەقىقىلەرنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئۇلار تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر خىل ئاجايىپ تۇيغۇ ئۆرلەشكە باشلىدى، يېڭىچە بىر هايات كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، ئۇ بۇ هالەتتىن هوزۇرلىنىشقا ئالدىرىدى.

ۋېنى ماكمىللان روبېرت كىنكاينىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئۈستۈنكى ئىككى تۈگمىسىنى ئېچىپ كۆكرىكىنى سۆيدى، مەڭزىنى يېقىپ خېلىغىچە تۇرۇپ كەتتى، روبېرت كىنكاي بولسا قىزنىڭ چاچلىرىنى توختىماي سىلايتتى. قىزنىڭ چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا قوڭۇر بار ئىدى. قىز ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا يۆلەندى، دېڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، كىتلار بۇ ئەتراپقا 3 - ئايدا كېلىدىكەن.

## 1981 - يىلى كۈز

داسۇرنىڭ ئالتۇن كۈز پەسلىدىكى قۇملۇقتا ئۆتكەن ئاشۇ گۈزەل مىنۇتلارغا مانا بۈگۈن 36 يىل ئۈچ ئاي بوپتۇ. جەنۇبىي داكوتا شتاتىنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان نويابىر ئېيى ھېچ چىقىپ كېتەي دېمەيدۇ، بۇ قاتتىق قىشنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن ئېنىق بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇچار قۇش ۋە قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ جەنۇبقا كېتىدىغىنى كەتتى، تۇپراق ئاستىغا پاناھلىنىدىغىنى پاناھلىنىپ بولدى. كارلىل ماكمىللان كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايى بىر قىسمىلا، يۈزىنىڭ گۆشلىرى تارتىلغان، بىر نەچچە ئاي سىرتقا چىقماسلىقنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ھەتتا ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ ئۆزگىرىپ قالغاندەك، قىڭغىر - مايماق كۆرۈنىدۇ. گويا بەدىنىگە بىر قاپ ئۆسۈپ چىققاندەك، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، نەپسىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. ئۇلار كېلەر يىلى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئايلار كېلىپ قار - مۇزلار ئېرىگەندە ئەسلىگە كېلىدۇ.

راپىدس شەھىرىدىكى كۇتۇپخانىنىڭ ئىچى پاردا شۇنداق ئىسسىتىۋېتىلگەن، تارىخ سەھىنىسىدىن چېكىنىش ئالدىدا تۇرغان كونا پارقازان شىكىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلار بولۇپ قالغان مەزگىل، كۇتۇپخانىنىڭ ئىچى بوشاپ قالغان، پارقازاننىڭ شىكىلدىغان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشانغان بىر ئايال نېمىنىدۇر ئىزدەپ گېزىتنى نېرى - بېرى ئۆرىگەندە چىققان شىرىق - شىرىق ئاۋازلا بار.

يەنە بىر كۇتۇپخانا خادىمى ئىسكان بار ئاۋاز چىقارماي كىتابلارنى جاي - جايىغا تىزىۋاتىدۇ. كۇتۇپخانا خادىمى كارلىل تەرەپكە پات - پات قاراپ قويىدۇ، كۆڭلىدە بىر شۇبھە بار: روسىبۇد ياكى ۋوندېدكىندىن كەلگەن ئىندىئانمىدۇ؟

كارلىل «مەشھۇر زاتلار قامۇسى» دىن روبېرت كىنكاينىڭ ئىسمىنى تاپتى، لېكىن ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. پايدىلانما خاراكتېرلىك كىتابلارنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقان كۇتۇپخانا خادىمى كىتابلار كاتالوگىنى ئاختۇرۇپ، «مەشھۇر زاتلار قامۇسى» تۈرىگە كىرىدىغان بىر كاتالوگ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا مەخسۇس فوت ساھەسىدىكى زاتلارغا دائىر ئۇچۇرلار توپلانغانلىقىنى كارلىلغا ئېيتىپ بەردى.

— مېنىڭچە پايدىلانما خاراكتېرلىك كىتابلارنىڭ ئىككىنچى رەت جازىلىرىدا بولۇشى كېرەك. سىز بايا «مەشھۇر زاتلار قامۇسى» نى ئالغان يەرنىڭ يېنىدا.

كارلىل سۇرتۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەن ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئۈستەل تولىمۇ سىپتا ياسالغان، يەنە تېخى ياسالغان ۋاقتى چىرايلىق قىلىپ بىر چېتىگە ئويۇپ قويۇلغانىدى. كارلىل ئالدىدىكى كىتابقا يۈزلەندى، كىتابنى ۋاراقلاپ «ك» قىسمىغا كەلگەندە كۆزلىرىنى قۇرمۇقۇر تۆۋەنگە سىيرىدى.

روبېرت. ل. كىنكاي، 1913 - يىلى 1 - ئاۋغۇست ئوھىئو شتاتىدىكى بارنىسۋىلدا تۇغۇلغان؛ دادىسى توماس. خ. كىنكاي، ئاپىسى ئاگنېس كىنكاي، خوتۇنى مارىئان ۋاتېرسون، 1953- يىلى توي قىلغان، 1957- يىلى ئاجرىشىپ كەتكەن. 1931 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە، 1942 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدا تۇرغان. ئېرىشكەن ئاساسلىق مۇكاپاتلىرى: ئامېرىكا فوتوگرافلار

جەمئىيىتىنىڭ «گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى»؛ «خەلقئارا فوتو سۈرەت ژۇرنىلى»نىڭ «ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى». ئەركىن فوتوگراف، ئاساسلىقى «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»نى ئەسەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ خىلدىكى ئاساسلىق ژۇرناللاردىن «تۇرمۇش»، «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى، «يەر شارى ساياھەتچىلىرى» قاتارلىقلارنىمۇ ئەسەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. فوتو - ئاخبارات مۇخبىرى، مەخسۇس چەت ئەللەرگە، بەزىدە خەتەرلىك رايونلارغا سۈرەتكە تارتىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۆرپ - ئادەت تېمىلىرى ۋە باشقا تېمىلارنى ناھايىتى لىرىكىلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر. ئادرېسى ئېنىق ئەمەس.

روبېرت كىنكاي مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، ھازىر 68 ياشقا كىرىپ قالغان بولىدۇ، دەپ ئويلىدى كارلىل. ئۇ ماتېرىياللار ئىچىدىن قانداق يىپ ئۇچى چىقىپ قالار، دېگەنلەرگە باش قاتۇردى. ئۇ كۇتۇپخانا ئىسكىلاتىغا كىرىپ «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»نىڭ توپلاملىرىنى تاپتى. 1978 - يىلىدىن ئىلگىرىكىلىرىدىن بىرمۇنچە كۆتۈرۈپ چىقىپ يەنە بىر ئۈستەلگە بېرىپ ئولتۇردى. بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ژۇرناللارنى ئىتتىك - ئىتتىك ئاختۇرۇپ چىقتى، ئارىلىقتا ئۆزى قىزىقىپ قالغان ئىككى ماقالىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى. لېكىن روبېرت كىنكاي ئىسىملىك ئادەم توغرۇلۇق ھېچقانداق نەرسە تاپالمىدى.

كارلىل ئەمدى تەرتىپ بويىچە ئىزدەشكە باشلىدى. ژۇرناللارنىڭ يىل تەرتىپى بويىچە ئالدىدىن كەينىگە قارىتىپ بىر سان بىر ساندىن ئىزدىدى. 1975 - يىلى فېۋرالدا چىققان بىر ساندا چوڭ تۈزلەڭلىكتىكى بۇغداي ئورۇۋاتقان مەنزىرە تارتىلغان سۈرەت توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە بار ئىكەن، ئۇنىڭدا روبېرت كىنكاينىڭ سۈرەتكە تارتىش ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغانىدى.

ئۇ 1974 ـ ۋە 1973 ـ يىللىرىدىكى ژۇرناللاردىمۇ روبېرت كىنكاي تارتقان بىر نەچچە پارچە سۈرەتنى تاپتى. 1972 ـ يىلىنىڭ بىر سانىدىكى ئاكاردىيە دۆلەت باغچىسى توغرۇلۇق يېزىلغان بىر ماقالىنىڭ ئارقىسىغا روبېرت كىنكاينىڭ ئىلگىرى سۈرەت تارتىش جەريانىدا بىر پۈتىنى سۇندۇرۇۋالغانلىقى ئەسكەرتىپ قويۇلغانىدى. كارلىل روبېرت كىنكاي ئىسىملىك بۇ ئادەمنىڭ فوتو ئەسەرلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىللە، ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي شۇنچىلىك ئىرادىلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى. روبېرت كىنكاي 59 ياشقا كىرىپ قالغاندىمۇ ھەر خىل ئاپپاراتلار سېلىنغان سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ نەمۇنە يۈرگەن، ئەڭ خەتەرلىك يەرلەرگە بارغان.

كارلىل شەھەر مەيدانىدىكى بىر قەھۋەخانىدا چۈشلۈك تاماقنى يېگەندىن كېيىن يەنە كۇتۇپخانىغا قايتىپ كىرىپ ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ژۇرناللارنى يىل تەرتىپى بويىچە كەينىگە سۈرۈپ ئاختۇرغانسېرى روبېرت كىنكاينىڭ ئەسەرلىرى شۇنچە كۆپ ئۇچراشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىردا، 1967 ـ يىلىنىڭ بىر سانىدىكى غايىب بولغان شەرقىي ئافرىقا ئورمانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان بىر ماقالىدىن كارلىل ئۆزى ئىزدەۋاتقان نەرسىگە ئېرىشتى، ئۇ روبېرت كىنكاينىڭ مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىگە بېرىلگەن سۈرىتى ئىدى. سۈرەتتىكى روبېرت كىنكاي ئافرىقىدىكى بىر دەريا بويىدا روھسىزىپ ئولتۇراتتى. ئېنىقكى، ئۇ ئالدىدىكى قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىنچىكە كۆزىتىۋاتاتتى، قولىدا ئاپپارات بار ئىدى. ئۇزۇن چاچلىرى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يېپىپ تۇراتتى. بوينىغا بىر كۈمۈش زەنجىر ئېسىلغان، ئۇنىڭدا مۇكاپات مېدالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسە ئېسىلىپ تۇراتتى.

بۇ سۈرەتنى كۆرۈپ كارلىلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ، كارنىڭ

بىناسىنىڭ ئېگىز تورۇسىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. سۈرەتتىكى ئەر سېرىق ئاسما باغ تاقىۋالغانىدى. بۇ ئاسما باغ ۋېيىنىنىڭ ئېسىدە ئىدى.

بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆتۈپخانىغا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، مۇئەللىمىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغىلى، سىلىق يەردە تېيىلىپ ئويىنىغىلى تۇردى. كارلىل شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە مىنۇت ئولتۇردى. ئۇ دەريا بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان، قولىدا ئاپپارات، مۇرىسىدە ئاسما باغ بار ئاشۇ ئەرگە تويماي قارايتتى. ئاخىردا ئۇ شۇ ئارىلىقتا بىر پارچە قەغەزنى قىستۇرۇپ قويۇپ يەنە داۋاملىق ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

كارلىل روبېرت كىنكاينىڭ فوتو ئەسەرلىرى بېرىلگەن ماقالىدىن 28 پارچىنى تاپتى، بۇلار 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا بېرىپ چېتىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە پارچە ماقالىنى روبېرت كىنكاي ئۆزى يازغانىدى. روبېرت كىنكاينىڭ تۆت پارچە سۈرىتى تېپىلدى، ئۇلار ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى 1948 - يىلنىڭ بىر سانىغا بېسىلغانىدى، ئۇ روبېرت كىنكاينىڭ چېچى تېخى ئاقارمىغان مەزگىل ئىدى. كارلىلنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ كارامىتىمۇ قانداق، ئۇنىڭ چېچىنىڭ رەڭگى روبېرت كىنكاينىڭ چېچىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايتتى، بۇرنى بىلەن ياڭاق سۆڭەكلىرىمۇ ئوخشايدىكەن، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى باردەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، كارلىل روبېرت كىنكايغا قارىغاندا خېلىلا بەستلىك، ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۇنىڭ شوتلاندىيىلىكنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىنىڭ شاراپىتى ئىكەن.

كارلىل روبېرت كىنكايغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى، يەنە تۆت پارچە سۈرىتىنىمۇ بىر نۇسخىدىن كۆپەيتىۋالدى. ئۇ ئەسلىدە يەنە 30 - يىللاردىن بۇيانقى باشقا ئاساس-

لىق ژۇرناللارنىمۇ كۆرۈپ چىقماقچى ئىدى، لېكىن خىزمەتچى
خادىملارغا يىغىن ئاچىدىغان بولغاچقا، كۇتۇپخانىنى بالدۇر تاقى-
ۋەتتى. كارلىل كۆپەيتىۋالغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ ماشىنى-
سىغا قايتىپ چىقتى. ئۇ سالاماندىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاش-
قان ئۆيىگە بارغۇچە بولغان 40 مىل يولدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى
ئويلاپ ماڭدى. ئويلاپ باقسا، ئۇ ئىزدەش نىشانىنى پۈتۈنلەي
روبېرت كىنكايغىلا مەركەزلەشتۈرۈۋاپتۇ، باشقا ئېھتىماللىقلار-
نىڭ ھەممىسىنى چەتكە قېقىۋېتىپتۇ. شەك - شۈبھىسىزكى،
يەنە نۇرغۇن «روبېرت»لار بار، لېكىن نىمىشقىدۇر، روبېرت
كىنكاي دېگەن بۇ ئىسىم كارلىلنىڭ كاللىسىغا كىرىپلىۋالدى،
«كىنكاي» فامىلىلىك باشقا بىرەر فوتوگرافىنىڭ «جۇغراپىيە
ژۇرنىلى»دا ئەسەر ئېلان قىلىش ئېھتىماللىقى بار - يوقلۇقىنى
پەقەتلا ئويلىمىدى.

كارلىل ماشىنىنى بىر خىل سۈرئەتتە ھەيدەپ كېتىۋاتى-
دۇ، ماشىنىنىڭ ئالدى چىرىغىنىڭ يورۇقىدا نويابىر ئېيىنىڭ
كېچە مەنزىرىسى باشقىچە كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ھەيران، ئويلى-
غانسېرى تېگىگە يېتەلمەيدۇ، «كىنكاي» فامىلىلىك بۇ سىرلىق
ئادەمگىلا يېپىشىپ قېلىشىغا زادى قانداق كۈچ تۈرتكە بولۇۋاتى-
دۇ؟ ۋېنى ماكمىللاننىڭ داسۇردا تونۇشۇپ قالغان ئەرنى سۈرەت-
لەپ بەرگىنى بىلەن بۇددىنىڭ مۇتىسكلىت توغرۇلۇق ئېنىقلاپ
بەرگەنلىرى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىپ قالغانلىقى ئۇچۇنمۇ؟
كارلىل ئۆزىنى مۇشۇنىڭغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، كارلىل كۆپەيتىۋالغان ماتېرىياللارنى
يەرگە يېيىپ ئۇلارنى ئورۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ چىقتى. كۆپ
قىسمى ھىندىستان، ئافرىقا، گۋاتېمالا، ئىسپانىيە، ئاۋسترالى-
يە دېگەندەك يىراق يەرلەردە تارتىلغان سۈرەتلەر ئىدى. كانادا-

نىڭ ئىككى يېرىمۇ بار ئىدى. ئامېرىكىدىكى يەرلەردىن ئىئوۋا شتاتى، لۇئىسىئانا قولتۇقى، ماين شتاتى، يەنە يىراق غەربتىن ئىككى يەر بار ئىدى.

ئۇنىڭ مۇشۇكى «موللاقچى ماشىنا» تۇيۇقسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، يۇگۈرۇپ كېلىپ ماتېرىياللار ئۇستىگە چىقىۋالدى ۋە مىياڭلىغىلى تۇردى.

— هەي، سۆيۈملۈك هەمراهىم، كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە؟ كەچۈرگىن، سېنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن.

«موللاقچى ماشىنا» تۇننۇس بېلىقى كونسېرۋاسىنى يەۋاتقاندا، كارلىل ئاشخانىدىكى چىراغ يورۇقىدا بىر ماتېرىيالغا تولىمۇ ئىنچىكىلەپ قاراۋاتاتتى. روبېرت كىنكاي ئىسىملىك ئەر نېپىز قەغەز ئۇستىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ سۇرەتنى يەرگە قويۇپ، يەنە قايتىدىن قولىغا ئالدى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ قاراشقا باشلىدى. مانا قارا، ئۇ شۇنداق ئېنىق تۇرغان بىر نەرسىگە دىققەت قىلماپتۇ ئەمەسمۇ! روبېرت كىنكاينىڭ ئوڭ بېغىشىدا بىر بىلەزۇك تۇراتتى، ۋېنى بىلەزۇكنىڭ گېپىنى قىلغان. ئاسما باغ، بىلەزۇك، موتسىكلىتنىڭ ماي باكىدىكى «A» هەرپى، يەنە 1945 ـ يىلى موتسىكلىتنى تىزىمغا ئالدۇرغان روبېرت. ل. كىنكاي ئىسىملىك ئادەم.

كارلىل ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ ئىلگىرى سىزىپ قويغان جەدۋەل ۋە ئەڭ دەسلەپتە تىزىملاپ قويغان نەرسىلەر ئۇستىدە كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن بىر پارچە سېرىق قەغەزگە بىر جەدۋەل سىزدى. ئۇ يىپ ئۇچلىرىنى سىلىشتۇرۇپ بەلگە ئۇرۇۋاتقاندا قوللىرى نېمىشقىدۇر تىترەپ كەتتى، بۇ قېتىمقىسى مۇكەممەل جەدۋەل بولغانىدى.

| روبېرت نا. كىنكاي | |
|---|---|
| ✓ | ياربل تۆت تىپلىق موتسكلىت = «A» |
| ✓ | 1945 ـ يىلى سان فرانسىسكودا تىزىملاتقان |
| ✓ | فوتوگراف |
| ✓ | دائىم ساياھەتتە |
| ✓ | ئەركىن كەسپتە |
| ✓ | ژۇرنال |
| ✓ | 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى |
| ✓ | دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمى |
| ✓ | بىلەزۈك |
| ✓ | ئاسما باغ |
| ✓ | 1945 ـ يىلى 32 ياش =30 ياش ئەتراپىدا |

ــ «موللاقچى ماشىنا»، ئەھۋال بارغانسېرى قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ــ دېدى كارلىل ئولتۇرغان مۇشۇكىگە قاراپ مۇشۇك ئۆزىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى يالاپ ئولتۇراتتى، كارلىل دېرىزە تەكچىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، جەنۇبىي داكوتا شتاتىنىڭ خىرە كېچىلىك مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇ كەلمىدى. تام مەشتىكى ئوتۇننىڭ چاراسلاپ كۆيگەن ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ياتتى، روبېرت كىنكاينى، ئۆزى كۆرگەن ماقالىلەرنى ئويلىدى. پادىچى ئىشتان، كاجى رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن، ئاسما باغ تاقىغان ئۇ ئەرنىڭ تۇرمۇشى دۆلەتمۇ دۆلەت ئارىلاپ يۈرۈش بىلەن ئۆتۈپتىكەن، ئۇ سەرگەردانىنىڭ يەر شارىدا ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ ۋېنىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ ئەر بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى يىتتۈرۈپ قويغىنىغا ئەجەبلىنىپ كەتمىسىمۇ بولغۇدەك. كارلىلىنىڭ ئاپىسى ياش ۋاقتىدا بىر يەردە تۇرماي ئېرى - بېرى كۆچۈپ يۈرگەن، ئېنىقكى، روبېرت كىنكايمۇ بىر ئورۇندا ئۇزۇنراق تۇرۇپ باقمىغان. كارلىل روبېرت كىنكاينىڭ كۆزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، گويا ئۇ شەرقىي ئافرىقىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراۋاتقاندەك بىلىندى.

راپىدس شەھىرىدىكى كۈتۈپخانىدىن يىپ ئۇچى تېپىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، كارلىل ماكمىللان ۋاشىنگتون كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونىدىكى «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمىگە تېلېفون بەردى. ئۇ ئىككى يەرنىڭ ۋاقتى بىر سائەت پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. بىر كاتىپ ھەممەيلەننىڭ چۈشلۈك تاماققا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەن ياردەم قىلالىشىممۇ مۇمكىن، — دېدى كاتىپ ئايال گېپىنىڭ ئاخىرىدا، — يەنە بىر قېتىم ئېيتىڭا، كىمنى ئىزدەيمەن دېدىڭىز؟

— ئىسمى روبېرت كىنكاي. قولۇمدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇ 1930 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە سىلەرنىڭ ژۇرنىلىڭلارنى نۇرغۇن ئەسەر بىلەن تەمىنلەپتىكەن. مېنىڭ

ئۇنى ئىزدەۋاتقىنىمغا خېلى بولدى، ئۇ ماڭا تۇغقان چىقىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— توغرا قىپسىز، هازىر ھەممە ئادەم دېگۇدەك ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەسەبنامىسىنى تۇرغۇزۇۋاتىدۇ، مېنىڭ ئىرىممۇ ئائىلە نەسەبنامىسى تۇرغۇزۇش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، تېلېفوننى قويۇۋەتمەي تۇرۇڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ساقلاپ تۇرىمەن، — كارلىل قولىدىكى قېرىنداشنى خاتىرە دەپتەر ئۈستىگە تاقىلدىتىپ ئۇرغىنىچە ساقلاپ تۇردى. «موللاقچى ماشىنا» كارلىلنىڭ قوچىقىغا سەكرەپ چىقىپ قېرىنداشقا ئېسىلدى. كارلىل قېرىنداشنى ئۈستەلنىڭ قىرىغا قويۇپ، ئالدى - كەينىگە تېز - تېز ھەرىكەتلەندۇردى، مۈشۈكنىڭ بېشىمۇ تەڭ ھەرىكەتلىنەتتى، ئۇ قېرىنداشقا تۇرۇپ - تۇرۇپ ئېتىلىپ قوياتتى. سىرتتا ھاۋا باشقىچە تۇتۇلۇپ كەتكەن، مۇزدەك يامغۇر تامچىلىرى دېرىزىگە توختىماي ئۇرۇلاتتى.

كاتىپ تېلېفون يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— كەچۈرۈڭ، ئۇزۇن ساقلىتىپ قويدۇم. ئارخىپتىن ئىزدەيدىغان گەپ ئەمەسمۇ. ئەگەر بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز ئوخشاش بىر روبېرت كىنكاي بولسا، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك چىقتى، ئۆتكەن نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئۇ بىزنىڭ ژۇرنال ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىپتىكەن. بىزنىڭ ئارخىپقا يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ بىزگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىش قىلىپ بەرگەن ۋاقتى 1975 - يىلى ئىكەن. ئېنىقكى، ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى سىرتلاردا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئارخىپىنىڭ باش تەرىپىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىكەن: «ھەرقانداق يەرگە ئەۋەتسە بارىدۇ، قانچىلىك تۇرۇشقا توغرا كەلسە شۇنچىلىك تۇرىدۇ، ئىشەنچىلىك، ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندايدۇ.»

— سىلەرنىڭ ئارخىپىڭلاردا ئۇنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەنلىكى توغرۇلۇق خاتىرە بارمىدۇ؟ — سورىدى كارلىل. قارشى تەرەپنىڭ قەغەزلەرنى ۋاراقلاۋاتقان ئاۋازى تېلېفوندا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھە، بار ئىكەن، ئۇ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدا تۇرۇپتىكەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ قىسقىلا بىر تەرجىمىھالى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا دېيىلىشچە، ئۇ 1945 ـ يىلى سېپتەبىردە قىسمىدىن چېكىنىپتىكەن، شۇ چاغدا 32 ياش ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىشى ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ. تىكەن. 1935 ـ يىلى قىسمىدىن چېكىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ئۇچۇن ئىشلەپتۇ. كېيىن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئۇنى قىسىمغا قايتۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدا تۇرغان. ئۇ ئوھىئو شتاتىنىڭ بارنېسۋىل دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، شۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغانىكەن. ئۇ توغ- رۇلۇق مۇشۇنچىلىكلا نەرسە بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزگە يېزىپ بەرگەن ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى بار ئىكەن، ئۇلارنى ئېيتىپ بەرمىسەممۇ قولىڭىزدا بار ئوخشايدۇ.

كاتتىپ ئايال بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك بىر پەس جىمىپ كەتتى.

— يەنە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ، — بىر يىل ئىلگىرىغۇ دەيمەن، روبېرت كىنكاي ئىسىملىك مۇشۇ ئادەمنىڭ ئارخىپىنى بىر قېتىم ئاختۇرغاندەك ئېسىمدە تۇرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى باشقا بىر ئادەم سۈرۈشتە قىلغان.

— ئۇ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ سىزدە تەسىر قال- دۇرغان بىرەر يېرى بارمۇ؟ ئۇ ئەرمۇ ئايالمۇ؟

— توختاڭ، ئويلاپ باقاي، ئېسىمدە قېلىشچە ئايالغۇ

دەيمەن، لېكىن تازا كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەينى چاغدا مەن بۇ يەرگە يېڭىلا خىزمەتكە چۈشكەن، شۇڭا تېلېفونغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنى چاقىرىپ قويغانىدىم. ئۇ ماڭا مۇشۇ ئارخىپنى تاپقۇزۇپ چىققانىدى. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىكلا. ئاشۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ باقسىڭىز بولاتتى، بىراق ئۇ شۇ ئىشتىن كېيىن تەھرىر بۆلۈمىدىن چىقىپ كەتتى، ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

— سىزدە كىنكاي ئەپەندىنىڭ ئادرېسى ياكى تېلېفون نومۇرى بارمۇ؟

— ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ بېللىنھام دېگەن يېرىنىڭ ئادرېسى تۇرىدۇ، يەنە بىر تېلېفون نومۇرىمۇ بار.

كارلىل ئادرېس بىلەن تېلېفون نومۇرنى خاتىرىلىۋالدى، ئايالىنىڭ ياردىمىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېللىنھامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستى. ئەگەر تېلېفوننى روبېرت كىنكاي ئېلىپ قالسا نېمە دەيدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىشىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشقا كاللا قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. تېلېفوننى مەلۇم سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ۋەكالەتچىسى ئالدى. ئۇ كارلىلغا، ئىككى يىل ئىلگىرى يېڭى تارماق شىركەت تىجارەت باشلىغاندا مۇشۇ تېلېفون نومۇرىنىبەرگەنلىكىنى ئېيتتى، ياردەم قىلالمىغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئاخىردا كارلىلدىن ئۆزلىرى يېڭىدىن يولغا قويغان پېنسىيە پۇلى تۈرىگە قىزىقىدىغان - قىزىقمايدىغانلىقىنى سورىدى، كارلىل قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئۇ بېللىنھامدىكى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا تېلېفون بېرىپ باقتى. شەھەرنىڭ تېلېفون نومۇرى دەپتىرىگە قارىغانىدى، بېللىنھامدا روبېرت كىنكاي ئىسىملىك ئادەم يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ خاتىرىلىۋالغان ئادرېسنىڭ ئورنىدا ھازىر

سودا ساراي بار ئىكەن، 1979 ـ يىلى سېلىنغانىكەن. كارلىل تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى، بۇ ئىشتىن رايى قايتىپلا كەتتى، گويا دۇربۇننى تەتۈر تۇتۇپ قاراۋالغاندەك ھېسسىياتتا كېلىپ قالدى. ئۇ بىر مەزگىل كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەيلا دەپ قالغاندەك قىلـ غان، ئەمدى ھازىر ئىشلار پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. روـ بېرت كىنكاي ئىسىملىك ئۇ ئادەم بەلكىم قانداقتۇر بىر يەردە يۇرىدىغاندۇ ياكى ئالىبۇرۇن تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ بولغانـ دۇ.

كارلىل پۈتۈن پىلانىدىن ۋاز كېچىدىغان يەرگىمۇ كېلىپ قالدى. سۈرۈشتۈرۈۋاتقىنى ئۇزۇن يىل ئاۋۋالقى ئىش بولغاچـ قا، قەدەمدە بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بار ـ يوقنىڭ ئورنىدىكى ئىسپات بىلەن تۇراقسىز بىر سايىنى ئىزدەۋاـ تاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى روبېرت كىنكاي ئىسىملىك ئادەمنى تېپىش ئىدى. ئۇنىڭدىن 1945 ـ يىلى كۈزدە داسۇردىكى بىر قۇملۇقتا بىر قىز بىلەن بىللە بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سوراپ باقسىلا ئىش ئايدىڭلىشاتتى. بىراق، شۇنداق ئىش بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىشنى يەنىلا تولۇق مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ۋېنى ئېيتىپ بەرگەندەك، داسۇر ئەينى چاغدا ئاجايىپ بىر ئەركىن دۇنيا بولسا، ئۇنداقتا ۋېنىنى يەنە باشقا ئەرلەر بىلەنمۇ بىللە بولمىدى دېگىلى بولمايدىـ غۇ. كارلىلغۇ ھازىرغىچە مۇنداق ئويلىمىدى، ئويلىغان تەقدىرـ دىمۇ ئانا بولغۇچىدىن بۇنى سورىماق تەسقۇ.

كارلىل چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ئىككى ساـ ئەتچە ئۇخلىۋالدى، ئاندىن ئوبدان بىر يۇيۇنۇۋېلىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يېزا مەنزىرىسىگە، شالاڭ بۇلۇت ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋولفبېيت تېغىغا نەزەر تاشلىدى. كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ تام مەش ئالدىدا ئولتۇردى، راپىدس شەھىرىدىكى كۇتۇپخانىدىن كۆپەيتىۋالغان ماتېرىيالنى قايتا قوـ

لىغا ئېلىپ، دىققەت قىلمىغان بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۇمىدتە يېڭىۋاشتىن ئىنچىكىلەپ كۆرۈشكە باشلىدى.

كارلىل ماكمىللان تام مەش يېنىدا ئولتۇرغان يەرگە سەككىز مىل كېلىدىغان يەردە يېشىل رەڭلىك بىر ماشىنا جەنۇبىي داكوتا شتاتىغا قاراشلىك سالاماندىنىڭ چوڭ كوچىسىدا كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ ئىككى ئىشىكىگە بېسىلغان «ۋاشىنگتون ـ بېللىنھام ـ فوتوگراف كىنكاي» دېگەن خەتلەر ئاساسەن ئۆچۈپ كەتكەن، پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. روبېرت كىنكاي ماشىنىسىنى توختىتىپ لېروي ناملىق بىر مەيخانىغا كىردى. بېشىغا ستېرسون قالپىقى، پۇتىغا پادىچىلار ئايىغى كىيگەن بەستلىك ئۈچ ئەر پەشتاختا يېنىدا بولۇشىغا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار روبېرت كىنكاي كىرىشىگىلا كۈلكىسىنى توختىتىپ، تولىمۇ دوستانە بولمىغان نەزەردە ئۇنىڭغا قاراشتى.

مەيخانا خوجايىنى لېروي پەشتاختا ئارقىسىدىن چىقىپ ناتونۇش خېرىدارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە نېمە ئىچىدىغانلىقىنى سورىدى.

— رەھمەت، ماڭا ھازىرچە بىر نەرسە كېرەك ئەمەس، — دېدى روبېرت كىنكاي، — مەن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بازارنىڭ غەربىدىكى ئاسارئەتىقە كولىغان يەردە سۈرەتكە تارتقاندا ماڭا يول باشلىغۇچى بولغان ئادەمنى سۈرۈشتۈرۈپ كىرگەنىدىم.

— ھە، ئۇ بار، ئۆيى مۇشۇ كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدە، ئىلگىرىكى لېستېر تېلېۋىزور سايمانلىرى ماگىزىنىنىڭ ئۈستىدە. بۇرۇنقى سەپرالىقى يەنىلا قالمىدى.

روبېرت كىنكاي بىر نەرسىنى ئويلاپ، لېروينىڭ مەيخانىسىدىن ئالتە بوتۇلكا قاچىلانغان بىر يەشىك پىۋا ئېلىۋېلىپ ۋە

كوچىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتتى. لېستېر ماگىزىنىنىڭ ئۇس-
تىدىكى بىر ئۆينىڭ چىرىغى يېنىق تۇراتتى. روبېرت كىنكاي
پەلەمپەي بىلەن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىكنى چەكتى،
ساقلىغاچ ئېگىشىپ ناكا پۇتىنى ئۇۋۇلىدى.

— ۋاي ئاناڭنى! كىمسەن، نېمە ئىشىڭ بار؟ — ئىچكى-
رىدىن بىر قېرىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

روبېرت كىنكاي ئۆزىنى تونۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئى-
شىك ئېچىلدى.

— ئوھوي، غەربنىڭ ئىشقۋاز فوتوگرافى كېلىپ قاپتى-
غۇ! — ئۇ روبېرت كىنكاينىڭ مۇرىسىگە ئۇردى، — سەنغۇ
ئىشقۋازلىقلاردىن يىراق، لېكىن ئاناڭنى، ئاشۇ ئۇزۇن چاچلى-
رىڭنى كۆرسەملا بىكار تەلەپ ئىشقۋازلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋا-
لىدۇ. قېنى، ئۆيگە كىر، ئەلۋەتتە قولۇڭدىكى پىۋىنىمۇ ئالغاچ
كىرىسەنغۇ. ھە... بۇ يەرگە ئاياغا بېسىپ باقمىغىنىڭغا قانچە
يىللار بولۇپ كەتتى!

— سەككىز يىل بولدى، — دېدى روبېرت كىنكاي، —
ئىتىم چوڭيولنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرسەم بولامدۇ؟ ئۇ ماشىنى-
دا قالغانىدى.

— قاملاشمىغان گەپنى قىلمىغىنا، ئەكىرسەڭ نېمىشقا
بولمايدىكەن! — دېدى بوۋاي، — مەن ئۇنى تېخى كۆرۈپ باقمى-
غان، ئىتنى ياخشى كۆرىمەن، بەكلا ياخشى كۆرىمەن. لېكىن
مەن ئۇچراتقان ئىتلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئىشەنچلىك،
سادىق، سەمىمىي، ئىشقىلىپ ھەممىسى ياخشى تەبىئەتلىك.
ئەمما، مەن ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ كۆپىگە ئۇنداق باھا بېرەل-
مەيمەن.

ئۇ چوڭيولنى يېتىلەپ، ئۇستىدە بىرلا چىراغ يېنىپ تۇر-
غان، دەسسىسە «غىچىر ـ غىچىر» ئاۋاز چىقىپ تۇرىدىغان
پەلەمپەي بىلەن چىقىۋاتقاندا، روبېرت كىنكاي ئويلاپ قالدى:

بۇ قىرنىڭ دۇنيا قارىشى باشقىچە - دە. ئامال يوق، ئورېگوننىڭ ئاستورىيە دېگەن يېرىدە قاتناش مېھمانسارىيى ئېچىشقا تازا لايىق ئادەم ئىدى.

كېچە ئاستا - ئاستا خورىماقتا. ئۇلار ھايات ۋە تۇرمۇش يوللىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، ئۇرۇش يىللىرى، ياشلارنىڭ ئەركىنلىككە بولغان قارىشى توغرۇلۇق پىكىر ئالماشتۇردى. ئاخىردا بۇ بوۋاينىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پارىژ ئازاد بولغاندىن كېيىن بىر فرانسۇز قىزغا بولغان ئۇلۇغ مۇھەببىتى توغرۇلۇق قىزىق پاراڭلاشتى.

— لېروي مەيخانىسىدا ئانچە - مۇنچە گارمون چېلىپ يۈرىدىغان بىر يىگىت بولىدىغانغۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى روبېرت كىنكاي بىر چاغدا.

— ھە، گابىنى دەيسەن، ئۇ ھازىرمۇ شۇ يەردە گارمون چېلىۋاتىدۇ، شەنبە كۈنى كەچتىلا چالىدۇ. سەن بالدۇر كېلىپ قاپسەن، ئەگەر شەنبە كۈنىگىچە تۇرالىغان بولساڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قانغۇچە بىر ئىچىشەركەنمىز. ئەگەر ئۇلار يەنە گابىغا، پادىچىلارغا خاس مۇزىكىلارنى چالماي، كەچكىچە تانگو مۇزىكىسىلا چالىدىكەنسەن، دەپ ۋارقىرىغان بولسا، بىزمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋارقىراپ، ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قوياتتۇق-تە. قىزىق ئىش دەيمەن، مەن پارىژدا ۋاقتىمدا گابىمۇ پارىژدا ئىكەن. ئۇ ئاشۇ يەردىكى قەھۋەخانىلاردا يۈرۈپ مۇزىكانتلاردىن تانگو مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ، شۇنىڭدىن بېرى تانگو مۇزىكىلىرىغا كىرىشىپلا قالدى. شەنبە كۈنى كەچتە يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن تانگو مۇزىكىلىرى ياڭرىغاندا كۆڭلۈمنى مىسكىنلىك قاپلاپ كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ. پارىژنى... ئەمرىيەنى ئەسلەپ قالىمەن.

— مېنىڭچە بۇ يەردە خويمۇ تۇرغۇم بار ئىدى، لېكىن ئەتە ئەتىگەن مېڭىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى روبېرت كىنكاي.

— بوپتۇ، ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ مەنمۇ سېنى تۇتماي. خالىساڭ ساپادا ياتقىن، تازا راھەتقۇ ئۇخلىيالمايسەن. تاماكاڭدىن بىر تال بەرگىنە، كۆڭلىكىڭنىڭ تۆش يانچۇقىدا تاماكا باردەك قىلىدىغۇ. تاماكام تۈگەپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى، مۇشۇ پۇتۇمنىڭ كاساپىتىدىن سىرتقىمۇ چىقالمىدىم. 1973 - يىلى سەن كېلىپ بىر - ئىككى يىلدىن كېيىنغۇ دەيمەن، پۇتۇم مال قاچىلاش ماشىنىسىنىڭ ئاستىدا قېلىپ سۇنۇپ كەتكەنىدى، شۇنىڭ دەردى يېقىندا يەنە قوزغىلىۋالدى.

روبېرت كىنكاي چوڭكىيولنى ئېلىپ ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. سىرتتا قار ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى. لېروي مەيخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە ماشىنىدىن باشقا پۈتۈن سالاماند كوچىسىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، ئۇخلاش خالتىسىنى ئالغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ ئۆيىگە تۇتىشىدىغان پەلەمپەي بىلەن ئۆرلىدى. پەلەمپەينىڭ يېرىمىغا چىققاندا كۆكرىكىگە دەھشەتلىك بىر سانجىق ئولاشتى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى، نەپىسى جىددىيلىشىپ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىۋاتاتتى، گويا پۈتۈن ئورگانىزملىرى خىزمەتتىن توختاش ئالدىدا تۇرغاندەك ئىدى. سانجىق بىر - ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن قويۇۋەتتى. ئۇ داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىدى، ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى.

ئۇلار كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بوۋاي سوراپ قالدى:

— سەن سۈرەتكە تارتىپ كەتكەندىن كېيىن ئاسار ئەتىقە كولىغان يەر توغرۇلۇق غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

روبېرت كىنكاي بېشىنى چايقىدى.

— سەن كېتىپ بىر ئىككى ئايغا قالمايلا ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەر تارقىلىپ كەتتى، نۇرغۇن غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىپ-

تۇمىش. ۋولفبېيت تېغىنىڭ چوققىسىدا بىر نۇرلۇق چىراغ
پەيدا بولۇپ قاپتۇمىش، ناھايىتى چوڭ بىر قۇش كېچىسى
ئاسارئەتىقە كـولىغان يـەرنى ئايلانـغۇدەك. ئىشـقىلىپ، بى-
ردىن - بىرى غەلىتە ئىشلار. ئاسارئەتىقە كولاشقا مەسئۇل
بولغان ئادەم ھاڭدىن يىقىلىپ ئۆلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەردە
ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۇدە - كـۆرپىسىنـى يىغىشتۇرۇپ
نە - نەلەرگە تارقىلىپ كەتتى.

روبېرت كىنكاي بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— غەلىتە ئىش. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئارخېئولوگلار بىر
خىل قەدىمكى ئېتىقاد توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقان، بۇ قانداقتۇر
ئايال كاھىنغا چوقۇنىدىغان ئېتىقاد ئىكەن. ئاسىيادىن كەلگەن
قانداقتۇر مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا كېرەك.

— بولدى، چوڭ گەپ يوق، ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، —
دېدى بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بىر يىگىت ۋولفبېيت
تېغىغا يىراق بولمىغان يەردىكى ۋىللىستون تاغا ئولتۇرغان يەرگە
كۆچۈپ بېرىپتۇ. يىگىت ئۇنداق نەرسىلەردىن ئۇنچە قورقۇپ
كەتمىسە كېرەك. بولدى، ئۇ گەپلەرنى قويايلى، ھەر ئىككى-
مىزنىڭ ئۇيقۇسى كەلگەندەك قىلىدۇ، چىراغنى ئۆچۈردۈم ئە-
مىسە.

— بولىدۇ، — دېدى روبېرت كىنكاي، — ماڭىمۇ ھار-
دۇق يېتىپتۇ.

ئەتراپ قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ، ئەمدى قار
رەسمىي چۇشۇشكە باشلىغانىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە روبېرت
كىنكاي ماشىنىسى ئۇستىدىكى قارلارنى تازىلىدى. ئالدى تەرد-
پىدىكى بىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن بىر بوۋاي دېرىزىدىن
بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇنداق ئۇزۇن يوقاپ كەتمەي كېلىپ تۇرغىن، بۇ يەردە
ئىشىكىمىز ساڭا ھەر قاچان ئوچۇق.

روبېرت كىنكاي ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، ماشى-
نىسىنى كەينىچە ھەيدەپ يولغا ئېلىپ چىقتى، ئاندىن شەرققە
بۇراپ ئىئوۋا شتاتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## باشقا ئېھتىماللىق

كارلىل ماكمىللان مېندوكىنو رەسمىي كارىدورىدىكى ئاپپ-
سىغا تېلېفون بەردى.

— كارلىل، ماۋۇ ئىشنىڭ بولىدۇ، — ئاپىسىنىڭ ئاۋازى-
دىن خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى، — ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا
مۇشۇ بىر نەچچە ھەپتە خېلى تېلېفون بېرىپ تۇرۇۋاتىسەن.

— ۋېنى، شەخسىيىتىڭىزگە تاقاشسىمۇ سىزدىن بەزى
ئىشلارنى سورىۋالمىسام بولمىدى. ئەسلىدە مەندە مۇنداق خىيال-
لار تۇغۇلماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ مەن تەكشۈرۈۋاتقان
ئىشتا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ قالدى.

— ھە، — دېدى ۋېنى، ئاۋازى ناھايىتى بوش، سەگەكلى-
شىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — قېنى سۆزلىگىن، نېمە
ئىش ئىدى؟

— سىز ئىلگىرى. . . دېمەكچى بولغىنىم. . . ۋاي خۇدا،
ئاپىسى بولغان ئادەمدىن مۇنداق ئىشنى سورىماق ئەجەبمۇ تەس-
كىنا. . . سىز داسۇردا باشقا بىرەر ئەر بىلەن غەيرىي مۇناسى-
ۋەتتە بولغانمۇ؟ — كارلىل چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى، — مەن
بىر ئادەمنى ئىزدەپ يۈرىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

مېندوكىنو تەرەپ بىر پەس جىمىپ كەتتى.

— كارلىل، مەن ئەزەلدىن سەندىن بىر ئىشلارنى يوشۇ-
رۇپ كەتمىگەن، سەن شۇنداق سېزىۋاتامسەن؟ بۇ سوئالىڭ سەل
چەكتىن ئېشىپ كەتتى.

— بۇنى بىلىمەن، بىراق، بايا دېگىنىمدەك، بۇ ناھايىتى

مۇھىم ئىدى. مەن بەلكىم خاتا ئىزدەپ يۈرگەندىمەن، پۈتۈنلەي خاتالاشتىمىكىن دەيمەن.

— سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى ۋېنى ماكمىللان، ئاۋازى يەنىلا شۈنداق پەس، بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

كارلىل جىممىدە ساقلاپ تۇردى، ئاپىسىنىڭ جىمىپ كەت-كەنلىكىدىن پەرىزىنىڭ خاتا چىقمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ۋېنى ماكمىللان ئاخىر گەپنى ئۇچۇقلا قىلدى:

— شۇنداق ئىشلار بولغان، يەنە باشقا ئىككى ئەر بىلەنمۇ ئارىلىشىپ قالغان. ماڭا ئىشەنگىن، مەن بويۇمدا قالغاندىن كېيىن ئۇ ئىشلار ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. x ئەپەندىگە كەل-سەك، ۋاقتى توغرا كەلمەيدۇ، ئەگەر سەن ئۇنىڭدىن قالغان بولساڭ 11 ئاي قورساق كۆتۈرگەن بولىمەن. y ئەپەندى بىلەن بويۇمدا قالغاندىن كېيىن ئارىلاشقان، لېكىن بۇنىمۇ تازا جەزمە-لەشتۈرەلمەيمەن. ئوغلۇم بىلەن... سەن بىلەن مۇنداق ئىشلارنى سۆزلىشىش بەك تەس ئىكەن.

— ۋېنى... گېپىمنى ئاڭلاڭ... مەن سىزنى ئەيىبلەش ئۈچۈن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈۋاتمايمەن، ئاپامغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر كېرەك، باشقا نىيىتىم يوق، سىزدىن مۇشۇنداق سوئاللار-نى سورىغىنىمدىن تولىمۇ خىجىلمەن. باشقا يول تاپالماي ئامال-سىزلىقتىن شۇنداق قىلدىم.

— بۇنى چۈشىنىمەن. ھەي، بىر خېرىدار كېلىپ قالدى، ئالدىغا باراي، كېيىنكى قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشكەندە ئاشۇ كۈن-دىكى ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن.

— ئەگەر مۇھىم بولسا ھازىرلا ئېيتىپ بەرگەن بولسى-ڭىز.

— مۇھىم ئەمەس، مۇنداقلا خىيالىمغا كېلىپ قالغان

گەپلەر.

— ئەمىسە بوپتۇ. رەھمەت، ۋېنى.

— ھەي رەھمىتىڭنى قوي. كېيىنكى قېتىم تېلېفون بەرگەندە ھاۋا رايى ئەھۋالى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەرسەن.

— بولىدۇ، خوش ئەمىسە.

— خوش، كارلىل.

كارلىل تېلېفون يېنىدا ئۇزۇنغىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇ-رۇپ كەتتى، كۆزلىرى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان ماتېرىيالدىكى روبېرت كىنكاينىڭ چىرايىدا ئىدى.

## روسمان كۆۋرۈكى

فرانسىسكا جونسون مېھمانخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ تۇرىدۇ. تاڭ سۈزۈلگەندىن بېرى يامغۇر بىردەم ياغىدۇ، بىردەم توختايدۇ، بىردەمدىن كېيىنلا يەنە شارىلداپ قۇيۇۋېتىدۇ. فېرما بىر خىل يېقىملىق تۇسكە كىرگەنىدى. مىدل دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان يىراق جىلغىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان تاغنىڭ سۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ سۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. دېس موينېس[1] رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 30 گرادۇسقا چۈشكەندە، كەچكە يې-قىن قار يېغىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئاشخانىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان تېلېفون جىرىڭلىدى. جى-رىڭلىغان ئاۋاز جىمجىت ئۆيدە تولىمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ھەم مىسكىن ئاڭلىناتتى. فرانسىسكا تېلېفون تۇتىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا تۇرۇپكىنى ئالدى.

— ياخشىمۇسىز، ئاپا؟ سىزدىن ئەھۋال سوراي دەپ تېلېفون بېرىشىم، — تېلېفوننى ۋېرمونت شتاتىنىڭ بۇرلىڭ-تون دېگەن يېرىدىكى قىزى كارولىن بەرگەنىدى.

فرانسىسكا كۈلدى. بالىلىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە يەنىلا كى-چىك بالىلىرىنىڭ ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلىسا، ئۇلار چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. كارولىن 32 ياشقا كىردى، مىك

---

[1] ئىئوۋا شتاتىنىڭ مەركىزى.

ئۇنىڭدىن بىر ياش چوڭ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشۋاتىدۇ. كارولىنىنىڭ ئىككىنچى بالىغا قورساق كۆتۈرگىنىگە سەككىز ئاي بولدى. ئانا - بالا ئىككىسى بەش مىنۇتچە پاراڭلاشتى، گەپ ئاساسەن قورساقتىكى بالا توغرۇلۇق بولدى.

— تۇغۇتۇمدا كېلەلەمسىز؟ — سورىدى كارولىن، — يەڭگىيدىغان ۋاقتىم ئېنىق، ئۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇن دەرسىم تۈگەيدۇ، ئاندىن ئارام ئالىمەن، مېلىندارغا قارايمەن. ئىلمىي ماقالە يېزىشتىن ئىلگىرى بوشىنىۋالىمەن.

— ئىمكان بار بارىمەن، ياق... دېمەكچى بولغىنىم، چوقۇم بارىمەن.

— ماقۇل ئاپا، ئۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي ئانچە - مۇنچە سىرتلارغا چىقىپ تۇرغىنىڭىز ياخشى. دائىم ئويلايمەن، دادام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەردە بەكلا يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدىڭىز.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن بۇ يەردە شۇنداق ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، كارولىن، مەندىن ئەنسىرىمىگىن. قىلىدىغان ئىشلىرىم ناھايىتى نۇرغۇن، زېرىككۈدەك ۋاقتىممۇ يوق، — بۇ گەپلىرى ئاساسەن راست ئىدى، — كۆپرەك ۋاقتىم كىتاب كۆرۈش بىلەن ئۆتىدۇ. تەكلىپ بويىچە ۋىنتېرسېتتا دەرس ئۆتۈۋاتىمەن، ئايدا بىر - ئىككى قېتىم ئۆتۈپ قويسام بولىدۇ.

— ئوقۇغۇچىلارنى شائىر قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرىمەن دەڭا.

— راست دەيسەن، لېكىن ھازىرغىچە بىرەرىنى شائىر قىلىپ بولالمىدىم.

فرانسىسكا ھەر قېتىم ئوقۇغۇچىلارغا B. W يېتسنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇتقاندا، روبېرت كىنكاي ۋە ئۇ دېكلاماتسىيە قىلغان «سەرگەردان ئانگوس ناخشىسى»نى ئەسلەپ قالى-

دىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى.

— فروىد كراك هازىرغىچە كەينىڭىزگە كىرىپ يۈرەمدۇ؟

— هەئە، — فرانسىسكا خىرىلداپ كۈلدى، — هازىرغىچە ئۇنىڭ تەكلىپلىرىنى رەت قىلىپلا كېلىۋاتىمەن، هەرقانداق بولسىمۇ بىر نەرسىنى چۈشەنگەندۇ دەيمەن.

— فروىد كراكمۇ قىزىق ئادەمكەن دەيمەن. ئۇنىڭغا ئوچۇقلا بىر نېمە دەۋەتسىڭىز بولىدىغۇ، — دېدى كارولىن ياشلارغا خاس كەسكىنلىك بىلەن.

— هە، شۇنداق قىلساممۇ بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بەزىدە مېنى بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىششقا تەكلىپ قىلىشىمۇ ياخشى كۆڭلى. ئۇ مارگىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئىچىم ئاغرىيدۇ، لېكىن ئىچىم ئاغرىدى دەپلا تەكلىپنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىكەن.

فرانسىسكا ئاشخانا دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى، زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان ئېتىز كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يامغۇرلۇق كۈز پەسلى يېتىپ كەلمەكتە. بۇ يەرنىڭ هاۋاسىغا ئىشەنچ يوق، تېخى بۈگۈن كەچتىلا قىش مەنزىرىسىنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن.

ئۇلار پارىڭىنى داۋاملاشتۇردى، هەممىسى يەنە شۇ تۇرمۇش توغرۇلۇق گەپلەر.

— گېپىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئاپا، — دېدى كارولىن ئاخىردا، — داۋىد بۈگۈن ئىشتىن بالدۇرراق چۈشۈپ قايتىپ كەلمەكچى، ئىككىمىز بىللە لامازغا دەرس ئۆتكىلى بارماقچىدۇق. تۈنۈگۈن فىلوريدادىكى ئاكام مىك بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتۈم. ئۇ تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلغانىدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، ئىككىڭلار بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ پاراڭلىشىۋالسام كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، سىلەرنىڭ تۇر-

مۇش ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇم كېلىدۇ.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئاپا. خەير - خوش، ئۆزى-ڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ. سىزنى سۆيىمەن، توغۇلغان كۈنىڭىز-دە تېلېفون بېرىمەن.
— مەنمۇ سېنى سۆيىمەن، كارولىن.
چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىمدىن ئاشقان مەزگىل، فرانسىسكا قارا ئىش قىلغاندا كىيىدىغان رېزىنكە ئايىغىنى كىيى-دى، پوپايكىسىنىڭ ئۈستىگە سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇقنى يې-پىنچاقلاپ، چاچلىرىنى باشىنىڭ ئۈچىگە تىقتى، ئاندىن سىرتقا چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سەيلىسىنى باشلىدى. تار يولنىڭ ئايىغىغا چىققاندا ئوڭغا بۇرۇلۇپ روسمان كۆۋرۈكى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

روبېرت كىنكاي روسمان كۆۋرۈكىگە بارىدىغان يولدا ۋېن-تېرستقا كىرمىدى. بۇنىڭدا بىرى، فرانسىسكا جونسوننىڭ ئا-شۇ كۈنى بازاردا بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان، يەنە بىرى، ۋېنتېرستتىن لەمپىلىك كۆۋرۈككە بارىدىغان يول فراد-سىسكانىڭ فېرمىسىدىن ئۆتەتتى. روبېرت كىنكاي ئۇزۇندىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈشنىڭ ئەھمىيەتسىز بىر ھالەتتە بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى، ئۇنداق بولۇپ قالسا فرانسىسكا ئىككىلىسىگە ياخشى بولمايتتى. تېخى فرانسىسكا ھازىر مادىسون ناھىيىسىدە بارمۇ - يوقمۇ، بۇمۇ بىر گەپ. كىم بىلىدۇ، ئۇ ئېرى بىلەن ئارىزونا شتاتىنىڭ پېنسىيىگە چىققانلار رايونىغا كۆچۈپ كەتتىمۇ. ئۇ ئوتتۇرا غەرب تەرەپتىكىلەرنى شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئاڭلىغاند-دى.
لەمپىلىك كۆۋرۈك بازارنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توققۇز مىلچە كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. روبېرت كىنكاي گرېنايىلدىتا جە-

نۇبقا بۇرۇلۇپ، 92 ــ نومۇرلۇق تاشيولغا چۈشتى، ئاندىن شەرققە قاراپ بىر ئاز مېڭىپ شىمالغا قايرىلىپ، يىراققا سوزۇلغان نۇرغۇن يوللارنى باستى، لەمپىلىك كۆۋرۈككە ئاز قالغاندا شېغىل ياتقۇزۇلغان تار يولغا چۈشۈپ ماڭدى. لەمپىلىك كۆۋرۈككە يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ نەپسى قىيىنلىشىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سانجىقى كېسەللىكى ياكى باشقا ئەزالىرىدىكى ئاللىقانداق كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرىدىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، چىركاۋغا يېقىن يەردىكى بىر يانتۇ يولغا چىقتى. مىدل دەرياسى پەستە سوزۇلۇپ ياتاتتى، كونا كۆۋرۈك بىر يۈز يىللىق ئۆزگەرمەس ئورنىدا بۇرۇنقىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ماشىنىسىنى لەمپىلىك كۆۋرۈككە يۈز ياردچە كېلىدىغان يەردىكى دەرەخلىك ئارىسىدا توختاتتى، ئاندىن ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىر ئاپپاراتنى جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە تىقتى، كالتەك توپ تەنھەرىكەتچىلىرىگە خاس شەپكىسىنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ كىيدى.

— چوڭيول، — دېدى ئۇ ئىتىغا، — سەن ماشىنا ئىچىدە تۇرۇپ تۇرساڭمىكىن، بۇ ئىشنى ئۆزۈم يالغۇز قىلغۇم بار. ئىت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىككىنى قاۋاپ قويدى، شېغىللىق يول بىلەن پەسكە قاراپ ماڭغان ئىگىسىگە تەلمۈردى. روبېرت كىنكاي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە قايتىپ كەلدى:

— بولدى، بولدى، مەن بىلەن بارساڭ بارغىن.

ئىت يەرلەرنى پۇراشتۇرغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاتىردى. ئىككىسى بىر پەستىن كېيىن قايرىلىپ يانتۇ يولدىن پەستىكى كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى

تەقدىردىن ئاغرىنىش ئورۇنسىز؛ دۇنيادا سەۋەبسىز قىل

تەۋرىمەيدۇ، ئۇنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. تەقدىردىن ئاغرىنىش ئىش بىلەن شامالدىن رەنجىگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش، ئۇ ساڭا غەم ـ قايغۇدىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئاخىرغا بارغاندا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن، تەقدىر ساڭا ئاتا قىلغان ھەممە نەرسىنى ئۆزۈڭگە يۈك قىلىپ داۋاملىق ياشاۋېرىسەن.

فرانسىسكا جونسون يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە، بۇ سۆزلەرنى قەيەردىن ئوقۇغانلىقىنى ئەسلەشكە تىرىشتى، كىتاب سالونى ئەۋەتكەن بىرەر كىتابتىن كۆرگەن بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مىزانى بويىچە، تەقدىردىن ھەرگىز ئاغرىنمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلىلا رازى. ئۇنىڭ ئازابلانغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ 16 يىل ئىلگىرى روبېرت كىنكاينىڭ كەينىدىن كەتمەي، ئائىلىسىنى دەپ قەپقالغانلىقىغا ئازابلانمايدۇ، تەقدىر ۋە ئۆز ھېسسىياتى تۈپەيلىدىن ئېغىر تاللاشقا دۇچ كەلگەنلىكىدىنلا ئازابلىنىدۇ.

رىچارد جونسون ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن فرانسىسكا روبېرت كىنكاي ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن گۈزەل چاغلار توغرۇلۇق ئەسلىمىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان بولدى، ئەكسىچە روبېرت كىنكاينىڭ يۈرىكىگە ئەركىن بوشۇپ كىرىشىگە يول ئېچىپ بەردى. توۋا دېگۈلۈك، روبېرت كىنكاي شۇ چاغدا ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇدانىڭ ئۆزى ئىدى، زېھنىي كۈچى، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى، غېرىب ـ مىسكىنلىكلىرىنى توختىماي سۆزلەيتتى. ئىككىسى بىللە بولغان ئاشۇ كېچىلەردە، بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىر نەچچە كۈندە فرانسىسكا بىر خىل ئاجايىپ قايناق ھېسسىياتتا روبېرت كىنكاينىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببىتىنى بەردى. بۇ خىل ھېسسىيات

نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بېسىلىپ ياتقان، مەلۇم نەرسىگە بولغان ئۈتەك تەشنالىقنىڭ پارتلاپ چىققىنى ئىدى. روبېرت كىنكاي ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھەتتا ئۆزى تەشنا بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى.

فرانسىسكا بەزىدە كارىۋاتتا جىممىدە يېتىپ، كارولىن قالدۇرۇپ كەتكەن كونا پاتېفوندىن «كۆز ياپراقلىرى» دېگەن مۇزىكىنى ئاڭلايدۇ، ئۆزىچە ھېسسىياتلىنىپ كۆكسىلىرىنى سىلايدۇ، روبېرت كىنكاينى يېنىدا ھېس قىلىدۇ. ئەنە، روبېرت كىنكاي ئۇنى باغرىغا باستى، يىلپىزدەك ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇنى ئىلكىگە ئالدى... ئۇ كۆندىلىك خاتىرىسىدە روبېرت كىنكاينى يىلپىز دەپ ئاتىغانىدى. بۇ تېخى 16 يىل ئاۋۋالقى ئىشقۇ؟ ئەمما، فرانسىسكاغا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى، باشقا بىر دەۋرگە مەنسۇپ ئىشتەك بىلىنىدۇ. بەزى كېچىلىرى روبېرت كىنكاي خىيالىغا كىرىۋالغاندا، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بايىلا بىللە بولغاندەك ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالىدۇ.

فرانسىسكانىڭ نەزىرىدە روبېرت كىنكاي ئالدى بىلەن بىر ئالىي پەزىلەتلىك ئەر، بىر خىل ئەخلاققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن، كۆندىن ـ كۈنگە خارابلىشىش گىردابىغا كېتىۋاتقان ئەخلاق. روبېرت كىنكاي شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ۋاستىلەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان بولسا تامامەن بولاتتى. لېكىن، فرانسىسكا ئۆزىنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ، بۇ يەردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە ئۇ فرانسىسكاغا قاتتىق ھېسداشلىق قىلغان. دېمەك، روبېرت كىنكاي ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ فرانسىسكانى ئازابلىماسلىق ئۈچۈن جىممىدە يوقاپ كەتكەن.

فرانسىسكا بەزىدە ئويلاپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار قايتا ئۇچ-

رىشىپ قالسا قانداق ئەھۋال يۈز بېرەر؟ فرانسىسكانىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇنىڭغا ياش ۋاقتىدىكىدەك ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلالارمۇ؟ روبېرت كىنكاي تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىكىدەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قورۇنۇپ ئولتۇرارمۇ؟ ئۇلاردا يەنە بىللە بولۇش ئىستىكى بولارمۇ ياكى ئاشخانىدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنەرمۇ؟ ئەمما، فرانسىسكا ئۇنىڭ ئۆزىنى باغرىغا بېسىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

فرانسىسكا روبېرت كىنكاي توغرۇلۇق ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىدىن ھازىر قانداق ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە شۇنداق تىرىشىدۇ، لېكىن كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى يەنىلا روبېرت كىنكاينىڭ يازنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشكەن چاغدىكى ئوبرازى. ئۇنىڭغا روبېرت كىنكاينى قاچانلا كۆرسە شۇ ھالەتتە تۇرىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

فرانسىسكا بەزىدە روبېرت كىنكاينى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇ بۇ خىل ئېھتىماللىقنى قوبۇل قىلىشنى مەڭگۈ خالىمىسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىيالنىڭ سالمىقى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئېغىرلاپ بېرىۋاتاتتى.

فرانسىسكانىڭ ئارقىسىدىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى. خارمون ئىكەن، فلويد كراكنىڭ ياللانما ئىشچىسى. ئۇ فرانسىسكاغا پاتقاق چاچرىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ماشىنىنى ئاستا ھەيدەپ ئۆتتى، ئاندىن سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، فلويد كراكنىڭ ئۈچ مىل يىراقلىقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى. فرانسىسكا يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ رېزىنكە ئايىغى پاتقاقنى سۈمۈرۈۋاتقاندەك «شاپ ـ شاپ» ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ يەنە بىر مىل ماڭسا روسمان كۆۋرۈكىگە يېتىپ باراتتى.

روبېرت كىنكاي لەمپىلىك كۆۋرۈكنى يىراقتىن كۆزەتتى، كۆۋرۈك ئەتراپىدا ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاستا پەسلەپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. قىرىشقاندەك كۆۋرۈك-نى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغانىدى، تۇمان بىردەم تارقىلىپ كې-تىپ، ئارقىدىنلا يەنە ئوراپ كېلەتتى.

كۆۋرۈكنىڭ لەمپىسى ئىچىدىن گۈپۈلدەپ سېسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى، نەملىشىپ چىرىگەن ياغاچ، كەپتەر مايىقلىرى ۋە سېسىغان يوپۇرماقلارنىڭ پۇراقلىرى بىر - بىرىگە ئارىلى-شىپ كەتكەنىدى. كۆۋرۈكنىڭ يان ياغاچلىرىغا قالايمىقان سى-زىۋېتىلگەن نەرسىلەر بار ئىدى، بەزىلىرى يېڭى، بەزىلىرى 20 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزىلغان. بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت-لۇقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇھىم ئادەم ئىكەنلىكىنى دۇنياغا بىل-دۇرۇشتە باشقا ئامال تاپالمىغانلار سىزغاندەك قىلاتتى.

ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. روبېرت كىنكاينىڭ ناكا پۇتىنىڭ ئوشۇقى تارتىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئېڭىشىپ ئوشۇقىنى ئۇۋۇ-لىدى، بىر ئاز ئوڭشالغاندا ئاندىن بولدى قىلدى. يانچۇقىدىن كىچىك بىر بوتۇلكا ئاسپىرىننى ئېلىپ ئىككى تالنى قۇرۇقلا يۇتۇۋەتتى.

مىدل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈك ئاستىدا شەرققە قاراپ تولغى-نىپ ئېقىۋاتقان سۈيىنىڭ ئاۋازى روبېرت كىنكايغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ بىر تال يان تاختىيى چۈشۈپ كەتكەن ئارىلىقتىن سىرتقا قاراپ، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۆزى ئۇس-تىدە تۇرۇپ فرانسىسكا جونسونغا قارىغان ھېلىقى قورام تاشنى كۆردى. شۇ يىلى ئاۋغۇستتا مىدل دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى-دا گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ فرانسىسكاغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بىر دەستە گۈل تىزغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن بەكلا خۇشال بولدى، بۇ قېتىم كېلىپ خاتا قىلمىغانىدى. بۇ يەردە، بۇ قەدىمىي

كۆۋرۈكنىڭ ئىچىدە ئۇ ئاجايىپ بىر خىل تىنچلىق، خاتىرجەم-لىك ھېس قىلدى، مۇشۇ كەيپىيات ئىچىگە چۆمۈلۈپ، ئىچ-ئىچىدىن راھەتلەندى، ئاشۇ دەقىقە ئىچىدە ئاجايىپ بىر تەسەللى-گە ئېرىشكەندەك بولدى، چۈنكى ئۇ بۇ يەرنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ماكانى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. كۆز-لەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ جەسەت كۆلى مىدىل دەرياسى ئارقىلىق مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇسى، جەسەت كۆلى-نىڭ بىر قىسمى مۇشۇ كۆۋرۈك، مۇشۇ يەرنىڭ تۇپرىقى بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتسە، يەنە بىر قىسمى داۋاملىق ئېقىپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئولتۇرغان قىستا - قىستاڭ ھەربىي پاراخوت ۋە كېچىلىك چارلاشقا چىققان ئايروپىلانلار ئۆتكەن دېڭىزغا سىڭىپ كەتسە.

يامغۇر تامچىلىرى كۆۋرۈك لەمپىسىنىڭ قاغجىراپ كەتكەن تۆپىسىدىن چۇشۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر تۈۋرۈككە يۆلەندى. 16 يىل ئاۋۋالقى ۋە ھازىرقى ھېسسىياتلار يىغىلىپ ئۇنى چىرمىۋال-دى. ئۇنىڭغا مەلۇم، ئۇ بۇ قېتىم ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەلگەن، بۇ ئۇنىڭ فرانسىسكا جونسون بىلەن ۋىدالاشقىنى.

— ھىم، ھەممە نەرسە قانداق باشلانغان بولسا شۇنداق ئاخىرلاشسۇن، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پەس ئاۋازدا. بۇ سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلىدى، — ... قانداق باشلانغان بولسا شۇنداق ئاخىرلاشسۇن.

ئۇنىڭ ئاۋازى قاھىرەنىڭ شىمالىدىكى پاراخوت ماتورىنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى، يەنە يېڭى گۋىنېيا چاتقاللىقىدىكى تومۇزغىنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا مىك تىلگماننىڭ «سەپەر ئۈستىدە يېزىلغان نەسىرلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىر بابىغا يېزىپ بەرگەن مۇنۇ پارچىنى ئەسلەپ قالدى:

ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى مېنىڭ كاللامغا بىرلا ئىش، يەنى
سىرتلارغا چىقىش كىرىۋالغانىدى. دەسلەپكى چاغلاردا نەگە بې-
رىشىم بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدىم. ھازىر بىر نەرسىنى
ئېنىق تونۇپ يەتتىم، ئويلاپ باقسام، مېنىڭ فوتوگرافچىلىقنى
كەسىپ قىلىۋېلىشىم بىر تەرەپتىن قىزغىنلىقتىن بولغان بول-
سا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇنيانى
ئايلىنىپ چىقىش ھەۋىسىدىن بولغانىكەن، مەن يۈز يەرگە باردىم
(بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەندۇ). ئۆزۈمنى بىر نەچچىگە
پارچىلىيالايدىغان كارامىتىم بولسىچۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.
شۇنداق بولغاندا ھەربىر بارغان يېرىمگە ماكانلىشىپ، شۇ يەردە
تۇرمۇش كەچۈرەتتىم، باشقىلارغا ئوخشاش، كۆپ ساندىكى كى-
شىلەرگە ئوخشاش، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىلەن تونۇشۇپ،
ئىچ - سىر ئېلىشاتتىم. مەن يېڭى مېكسىكا شتاتىنىڭ شەرقىگە
جايلاشقان، توپا - چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان بازارغا بىر مىلىچمال-
لار دۇكىنى ئاچاتتىم ياكى تېكساس شتاتىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق
شەھەردە رېمونتخانا ئاچاتتىم. يا بولمىسا پىرىنېئوستا قوي باقات-
تىم ياكى مېكسىكىنىڭ مەلۇم بېلىقچىلىق كەنتىدە بېلىقچى
بولۇپ كەتكەن بولاتتىم.

مەيلى نېمە دېيلى، نەتىجىسى ئىككى تەرەپلىمە، ئازابلىق
بولاتتى، بۇ تەڭشەپ مېڭىش مەسىلىسى. داۋالغۇپ تۇرغان تۇر-
مۇش ۋە تىنچ تۇرمۇش. مەن 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغۇچە بۇ
ئىش توغرۇلۇق ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدىم، كېيىن مەن بىر
ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەر-
سىدىن، سەيياھلىق تۇرمۇشۇمدىنمۇ ۋاز كېچىشىم تامامەن مۇم-
كىن ئىدى. لېكىن، ئوتتۇرىمىزدا توسالغۇ بار ئىدى، ئۇ مەن
ئۈچۈن بىردىنبىر پۇرسەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە
ئاپپارات سېلىنغان سومكامنى مۈرەمگە ئارتىپ نەمۇ - نە ئايلى-
نىپ يۈردۈم. ھازىر يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، سىرتلاردا
قاتراپ يۈرۈشتىن قالدىم، لېكىن يەنىلا تىكەندەك يالغۇز ئۆتۈۋا-
تىمەن. نۇرغۇن ۋاقتىم سىرتلاردا ئۆتكەن ئاشۇ مەزگىللەر (ئۆ-
زۈمنىڭ يالغۇزچىلىقنى خالايدىغان، باشقىلارغا ئاسانلىقچە يېقىن-

لىشالمايدىغان مىجەزىمەۇ بار) مەندە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان خاراكتېر يېتىلدۇرمىگەنىكەن.

شۇڭا، سەن كىچىسى خىرە چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇ-ۋاتقاندا، ئاشۇ يىراق يەرگە بولغان قىزىقىشىڭ ئېشىپ، ئاشۇ يەرلەرگە، مەن تۇرغۇن قېتىم بارغان يەرلەرگە بىر بېرىپ كېلىش ئارزۇسىدا يېنىۋاتقان ۋاقتىڭدا، مەن دېرىزەڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولىمەن، يۈرىكىمدىكى ئارزۇلار دەل سېنىڭ-كىنىڭ ئەكسىچە بولغان بولىدۇ. مەن ساڭا ئوخشاش ئورۇندۇق-لىرىم، چىرىغىم، ئائىلەم ۋە دوستلىرىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىد-مەن. مەن سېنىڭ ئىشىكىڭ ئالدىدىن بەلكىم يامغۇرلۇق كېچى-دە ئۆتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. مېنىڭ پۈتۈن مال - بىساتىم يېنىمدىكى ئورۇندۇقتا تۇرىدۇ، مەن كىچىنى بەك ئاۋارىچىلىكى يوق بىر يەردە ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك، مەن مۇنداق يەرنى تاپالاي-مەن، ئۇ يەردە بىر كېچە تۈنەپ ئەتىسى ئەتىگەن سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرىمەن، ئۆيۈڭدىكى ئاشۇ چىراغ يورۇقى خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالىدۇ.

لېكىن مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە ئىش تۇتتۇم. مېنىڭ بىر يېرىم، ئالدىمغا قاراپلا ماڭىمەن، ئارقامغا قايرىلمايمەن، ئار-قامدا قالغان نەرسىگە ھەرگىز تارتىنمايمەن، بىر ئاشۇ ئايالنى بۇنىڭ سىرتىدا. مۇشۇ مىجەزىم بولغاچقا، ئۆيىدىكى چىراغدىن ۋاز كېچىپ سىرتلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشىنى گۈزەل كۆردۈم، بوگۇنكى ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزۈم، ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا كىمدىن ئاغرىناي.

روبېرت كىنكاي بېشىنى چايقاپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويىدى. بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەمنىڭ مۇنداق غەلىتە خىياللاردا بولۇشىدىمۇ ئارتۇق كۈلكىلىك ئىش بولامدۇ. ئۇ بىر تۇرۇپ شۇنداقمۇ ئويلاپ قالدى، بەلكى بۇ مېنىڭ ئارزاق بولىسمۇ ئادەمگەرچىلىكىم بارلىقىنى ئىسپاتلا.

ئۇ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن كۆۋرۈك لەمپىسى ئاستىد-

دىن قايتىپ چىقتى. ئۇ ئارزۇسىغا قانغان، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئورۇنداپ بولغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئۆز خاتىرىسىدىكى ئىشلارنى ئىسپاتلىغىلى كەلگەن، فرانسىسكا تۇرغان يەردە تۇرۇپ، ئۆزىدە ئەينى يىللاردىكىدەك كۈچلۈك ھېسسىيات بارمۇ ـ يوق، سىناپ باقماقچى بولغان. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى، ھېسسىياتىدا قىلچە ئۆزگىرىش يوق ئىكەن. ھەر قانداق ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۇلۇغ مۇھەببەتكە ئېرىشسىلا كۇپايە. فرانسىسكا ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەڭ سۆيگەن ئادىمى ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق. ئۇ بۇ قېتىم فرانسىسكا بىلەن ۋىدالاشقىلى كەلدى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ يان ياغىچىغا شاپىلاقلاپ قويدى، ئاندىن ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىدە كۆرۈلمىگەن يېنىك قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئىتى كۆرۈنمەيتتى. قورسىقىغا بىر نېمە ئىزدەپ كەتكەن بولسا كېرەك. روبېرت كىنكاي كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئىسقىرتىپ قويدى، ئىتى بىردەمدىلا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىدۇ. جانىۋارنىڭ ماشىنا ئىچىدە سولىنىپ يۈرگىنىگە نەچچە كۈنلەر بولدى، يۈگۈرۈپ قېنىۋالسۇن. ماشىنا قاپتالغا يېقىنلاشقاندا، ئىت ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى، كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى.

— شۇنداق، روبېرت كىنكاينى تونۇيمەن، — «سېئاتل دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ فوتو سۈرەتلەر تەھرىرى ئېدېر مۇللىنگس تولىمۇ ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدى.

— ئۇنىڭ بىلەن خېلى پىششىق تونۇشامسىز؟ — سوردى كارلىل ماكمىللان. ئۇ خاتىرە قالدۇرۇۋېلىش ئۇچۇن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئوڭ قولىغا يۆتكىدى. بىر خىل خۇشاللىق ھېسسىياتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چۇلغىۋالدى، روبېرت كىنكاينىڭ

36 يىللىق ھايات مۇساپىسىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان بىر ئادەم ئاخىر چىققانىدى!

— مۇنداق گەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇچراشقان بولساممۇ ئۇنى تازا چۈشەنمەيمەن. فوتوچىلىقنىڭ مەلۇم تەرىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پەۋقۇلئاددە كاتتا شەخس. شۇڭا، فوتو مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئاشۇ يوغانچى شۇمتەكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ئۇنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك بىلىدۇ. لېكىن، روبېرت كىنكاي بىلەن ھال - مۇڭ بولۇپ ئۆتۈشكەن بىرەرى يوق. ئۇ غەلىتىلا بىر ئادەم. بۇ ئۇنى يامان دېگىنىم ئەمەس، ئۆزى ياخشى، قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم، لېكىن جىمىغۇر، ئۆزى بىلەن ئۆزىلا. تارتىپ كەلگەن سۈرەتلىرىگە قارىسىڭىز، ھازىرقى زاماندا پۈتۈنلەي ئاقمايدىغان، بىر - بىرىدىن غەلىتە نەرسىلەر. يېقىنقى يىللاردا ئوچېركلارغا ئۇنىڭ بىر نەچچە پارچە سۈرىتىنى ئىشلەتتۇق، ھەممىسى دېگۈدەك سەپەر تېمىسىدىكى ئەسەرلەر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن نەرسىلەر ناھايىتى ئىنچىكە، نازۇك، شۇڭا ئادەتتىكى قەغەزدە ئۇنۇمى تازا ياخشى چىقمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ سۈرەتلەر كۆپ سانلىق كۆرۈرمەنلەر ئۈچۈن تولىمۇ ئابستراكت بىلىنىدۇ.

— مەن ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى كۆردۈم، كۆپ قىسمى «جۇغـراپىيە ژۇرنىلـى» نىڭ ئىلگىرىكـى سانـلىرىغا چىققانىكەن،— كارلىل مۇخبىردىن تېخىمۇ كۆپرەك تەپسىلاتلارغا ئېرىشەرمەن دېگەن ئۈمىدتە بۇ گەپنى قىستۇردى.

ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك، مۇلىنگىسنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ھە، سىزگە دېسەم، روبېرت كىنكاي نۇرغۇن يەرلەرگە بارغان، ئۇنىڭ بارمىغان يەرلىرى قالمىدى دېسەممۇ بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ ئېپىندائىي، ئەڭ قورقۇنچلۇق يەرلەرگىمۇ بار-

غان. بىزلەر تۇنجى قېتىم برووۋنى[1] ئاپپاراتىغا ئېرىشىشتىن 25 يىل ئىلگىرىلا ئۇ يەرلەرگە بېرىپ بولغان. ئۇنىڭ تېكساس شتاتىنىڭ غەربىدىكى مەلۇم يەردە پويىزنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان بىر سەرگەرداننى تارتقان سۈرىتى بار. ئۇ سەرگەردان ئاجايىپ بەستلىك، كىيىملىرى جۇل - جۇل، قارا كۆزەينەك تاقىغان، تارتۇق بىلەن تولغان قوللىرىدا بىر پارچە تۆمۈرنى چىڭگىدە تۇتۇۋالغان. مەندە ھەۋەس قوزغاپ، فوتوچىلىقتا سۆرەپ كىرگىنى دەل مۇشۇ سۈرەت. يىراقتىكى مەنزىرىلەرنىڭ غۇۋا چىققىنىدىن قارىسام، روبېرت كىنكاي بۇ سۈرەتنى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقىپ تارتقاندەك. بۇ سۈرەتنىڭ ياخشى چىققانلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ، ھەي، ئالامەت سۈرەت ئۇ! ئۇ سەرگەردانىنىڭ يۈزىدىكى ھەربىر قورۇقنىمۇ شۇنداق ئېنىق چىقارغان، يەنە قوللىرىدىكى تارتۇقلارچۇ، لاپپىدە كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ. نامى ئانچە چىقمىغان بىر ژۇرنالدا بۇ سۈرەت «قاقاس ئېگىزلىكتىكى رېلىس» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان. بۇ 30 يىل ئاۋۋالقى ئىشلار بولسا كېرەك، مەن شۇ سۈرەتنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن.

كارلىل ئالدىدىكى قەغەزگە «قاقاس ئېگىزلىكتىكى رېلىس» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ قويدى.

— ئۇ سۈرەتنى بىر نۇسخا كۆپەيتىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى ماتېرىياللىرىم ئىچىدىن تاپالىسام. ئادرېسىڭىزنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟

كارلىل ئادرېسىنى دەپ بېرىپ، ئارقىدىن يەنە سورىدى:

— ئۇنى قانداق تاپقىلى بولار؟ مەن بەزى تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتاتتىم.

---

[1] ماركا ئىسمى، ئامېرىكا كونىكا شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان ئەزران باھالىق ئاپپارات.

— تېلېفوننى قويۇۋەتمەي تۇرۇڭ، مەن گوتتېر فىلىپتىن سوراپ باقاي، ئۇ تەجرىبىخانىدىن تېخى يېڭىلا چىقتى. ئۇ مۇشۇ يەردىكى بىر مەيخانىدا روبېرت كىنكاينى دائىم كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندەك قىلغان.

تەھرىر تۇرۇپكىنى قاتتىق بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويغان بولسا كېرەك، تاراقىىدە قىلغان ئاۋاز چىقتى.

— ھەي، گوتتېر... گوتتېر، بۇ ياققا كەلگىنە، سەندىن سورايدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى، — مۇللىنگس تېلېفوندىن يىراقلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاۋازى ئاڭلانماي قالدى. گوتتېر... قانداق ئادەمدۇ ئۇ؟ ئۇ روبېرت كىنكاينى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ بۇ تەرىپى كارلىلغا قاراڭغۇ. بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوققۇ.

ئېرىدا دېيىلىۋاتقان گەپلەر ئېنىق بولسىمۇ، كارلىل بىر نەچچە ئېغىز گەپنى ئاڭلىۋالدى.

— شەھەر مەركىزىدە؟ شەھەر مەركىزىنىڭ قەيېرىدە؟ نېمە؟ 99 - نومۇرلۇق يول، يەنچۇ؟

تەھرىر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى، ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى.

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن، ئاڭلاۋاتامسىز، گوتتېرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ روبېرت كىنكاينى سورتېبىل دېگەن يەردە كۆرۈپتىكەن. ئۇ شەھەر مەركىزىدىكى بىر قەدىمىي مەيخانا. 99 - نومۇرلۇق يول بىلەن سپرىنگ كوچىسى كېسىشكەن يەرنىڭ شەرقىدىكەن. كۆمىنس دېگەن بىر ئادەم ھەر سەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۇ يەردە ساكسوفون بىلەن مۇزىكا ئورۇنلايدىكەن. گوتتېر ئۆزى ئوبدان ئادەم، بەزىدە ئاشۇ مەيخانىغا بېرىپ كۆمىنسنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ كېلىدۇ. ئۇ روبېرت كىنكاينى شۇ يەردە كۆرگەنىكەن، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باقماپتۇ، روبېرت كىنكايدىن ئەيمىنىدىكەن. گوتتېرنىڭ دېيىشىچە، رو-

بېرت كىنكاي دائىم ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز پىۋا ئىچىپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇ كۇمىنس بىلەن تونۇشسا كېرەك.

كارلىل مەيخانا ئىسمى، ئورنى، ساكسوفونچىنىڭ ئىسمى قاتارلىقلارنى ئىنتىك - ئىنتىك خاتىرىلىۋالدى.

— سىز ھازىر سېئاتلدىمۇ ياكى باشقا يەردىن تېلېفون بېرىۋاتامسىز؟ — سورىدى تەھرىر، — روبېرت كىنكايغا ئەجەب قىزىقىپ قاپسىزغۇ؟ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىمەن دېدىڭىزمۇ؟ سىزمۇ فوتوگرافمۇ؟

— ياق، مەن جەنۇبىي داكوتا شتاتىدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن. مەن جەمەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتىم. مېنىڭ قارىشىمچە، روبېرت كىنكاي ئۆزۈن مەزگىل ئالاقە ئۆزۈلۈپ قالغان، بىزگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم شەخس بولۇشى مۇمكىن. سىزنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن.

— رەھمەت ئېيتقۇدەك ئىش ئەمەس، ماكمىللان ئەپەندى، سىزگە ياردەم قىلالىغان بولسا‌ملا خۇشالمەن.

— چوڭ ياردەم قىلدىڭىز، سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن، ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ بېرەرسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئىسمىم ئېدېر مۇللىنگس، ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشۇ ئۈستەلنى بېقىپ ئولتۇرىمەن. سىرتلارغا چىقىپ تۇزۇكرەك بىر ئىش قىلىشقا ۋاقتىمۇ چىقىرالمايمەن. سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

كارلىل تېلېفوننى قويۇپلا، راپىدس شەھىرىنىڭ تېلېفون دەپتىرىدىن بىر ساياھەتچىنى، ئورنىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتى. ئۇ يەرگە تېلېفون بېرىپ، راپىدستىن سېئاتلغا بارىدىغان ئايروپىلان ۋە بېلەت باھاسىنى سورۇشتۇردى.

ھاۋا شۇنچىلىك سوغۇق ئىدى. فرانسىسكا جونسون روس-

مان كۆۋۈۋكىگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى ئاغزىدىن ھور بولۇپ چىقاتتى. ئۇ لەمپىلىك كۆۋرۈكنىڭ ئىچىگە قەدەم قويغاندا، يۈرىكىنى نېمىشقىدۇر بىر خىل ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. قەدىمىنى توختىتىپ كۆۋرۈكنىڭ ئىچى تەرىپىگە قۇلاق سالدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدىن كەپتەرلەرنىڭ گۇگۇلدىغان ئاۋازى ۋە كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن نېرىراقتىكى ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئېڭىشىپ يەرگە قارىدى، يەردە پاتقاق ئاياغنىڭ ئىزى تۇراتتى. پاتقاقلار تېخى قۇرۇپ كەتمىگەن، تېخى يېڭىلا دەسسىگەن ئاياغ ئىزىدەك قىلاتتى.

فرانسىسكا يامغۇرلۇق چاپىنىغا بەكرەك ئورانىدى، ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، بۇ شۈركۈنۈش سوغۇقتىن ئەمەس، بەلكى قاراڭغۇ لەمپە ئىچىدە ئادەم باردەك ھېس قىلغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى.

— ھەي! — ئۇ ۋارقىراپ باقتى، — ئادەم بارمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى روسمان كۆۋرۈكنىڭ بوشلۇقىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

— ھەي! — ئۇ يەنە ۋارقىرىدى، يۈرىكىدىكى ۋەھىمە تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

ئۇ كۆۋرۈكتە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىدى. يامغۇر قارغا ئايلىنىپ لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى كىرىش ئېغىزىغا بېرىپ، لەمپىنىڭ دالدىسىغا كىردى ۋە قار ئاستىغا كۆمۈلۈشكە باشلىغان پاكار تاغقا قارىدى، تاغ ئۈستىدىكى پاكار دەرەخلەر لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردا ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. فرانسىسكا غەلىتىلا بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى، قانداقتۇر بىر ئادەم، قانداقتۇر بىر نەرسە ئاشۇ تاغدىكى دەرەخلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تۇيۇلدى. تاغ ئۈستىدىكى يۈز ياردچە كېلىدىغان يەرنى قاردا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى،

قوڭۇر بىر نەرسە يولدىن ئوقتەك ئۆتۈپ دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى، دېھقانلارنىڭ ئېتىدۇر بەلكىم. فرانسىسكا تاغ-دىكى دەرەخلەر ئارىسىدا ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

كارلىل ماكمىللان كېلەر دۈشەنبە كۈنى راپىدستىن سې-ئاتلغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىدىن بىرنى تىزىملىتىپ قويدى. ئارىلىقتا دېڭىزدا توختاپ ئۆتىدۇ. لېۋېرموردا بىر ئاشخانىنى ئۆزگەرتىپ ياسايدىغان ئىش ئۈنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇ ئىشنى پۈتتۈرۈ-ۋەتسە، ئۆي ئىگىسىنىمۇ خاتىرجەم قىلىدۇ، ئۆزىمۇ ئايروپىلان بېلىتىگە يېتىپ ئاشقۇدەك پۇل تېپىۋالىدۇ.

كارلىل لېۋېرموردىكى ئادەمگە تېلېفون بېرىپ، ئەته چۈش-تىن بۇرۇن بېرىپ ئاشخانىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن بۇلۇڭغا قويىدىغان يۈمىلاق ئۈستەلنى ئوبدان قىلىپ ياساپ قويغانلىقىنى، ئەته ئالغاچ بارىدىغانلىقىنى ئەس-كەرتتى. ئۆي ئىگىلىرى بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى، تاماقنى مېھمانخانىدا يەپ بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. كارلىل ئاق كۆڭۈل يىگىت، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن قورال - سايمانلارنى تەي-يارلاپ ماشىنىسىغا باستى.

فرانسىسكا تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ماشىنا سىگنالىدىن چۆچۈپ كەتتى. شامال گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاغ ئۈستىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدا قانداقتۇر بىر نەرسە باردەك بىلىن-نىپ بەك زېھنىنى قويۇپ قاراپ تۇرغاچقا، فرويد كراكنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ. كراك ماشىنى-سىنى كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدا توختىتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، فلانني! خارمون سىزنىڭ يولدا پىيادە كېتىۋاتـ
قانلىقىڭىزنى كۆرۈپتىكەن، سىزنى ماشىنا بىلەن ئۆيىڭىزگە
ئاپىرىپ قويايمىكىن دەپ كېلىشىم، قارىسام يامغۇر كۈچىيىپ
كېتىۋاتىدۇ، بىردەمدىن كېيىنلا قارغا ئۆرۈلىدىغان تۇرى بار.
فرانسىسكا ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ كۆۋرۈك لەمپىسىـ
نىڭ ئىچى تەرىپىگە قارىدى، فرويد كراك ماشىنىسىنىڭ دېرىـ
زىسىدىن بېلىگىچە چىقىپ ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. فرانـ
سىسكا يەنە دەرھال ئۆرۈلۈپلا جەنۇب تەرەپتىكى تاغقا قاراپ
تۇرۇۋەردى.
— فلانني! ماشىنىغا چىقىۋېلىڭ. مۇنداق سوغۇقتا نېـ
رى، - بېرى مېڭىپ يۈرسىڭىز ئۆپكىڭىزگە سوغۇق تەگكۈزۈپ
جېنىڭىزدىن ئايرىلىسىز، — كراك يەنە سىگنال بەرگىلى تۇرـ
دى.
فرانسىسكا جونسون لەمپە ئاستىدىن چىقىپ تاغ تەرەپكە
يەنە قارىدى، يوللارغا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردىن باشقا ھېچـ
نېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ چاغدا كراك ماشىنىدىن چۈـ
شۈپ كۆۋرۈك لەمپىسى ئاستىغا كىرىپ بولغان، ئۇنىڭغا قاراپ
كېلىۋاتاتتى. فرانسىسكا ئۇنىڭغا قارىدى، ئاندىن نەزىرىنى روسـ
مان كۆۋرۈكنىڭ لەمپىسى ئۈستىگە ئاغدۇردى، ئۇبدانلا بىر
قەۋەت قار ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپتۇ، فرانسىسكا كراكنىڭ گېـ
پىگە پىسەنت قىلماي تاغ ئۈستىگە قاراپ يۈگۈردى. پۈتىدىكىسى
ئۆزۈن قونچلۇق رېزىنكە ئاياغ بولغاچقا، يۈگۈرۈشى خېلىلا
تەسكە توختاۋاتاتتى.
ئۇ تاغ ئۈستىگە چىقىپ بولاي دېگەندە، نېمىگىدۇر پۈتلىـ
شىپ پاتقاق يولغا يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇردى، يامغۇرـ
لۇقنىڭ پېشىدىن لاي ئارىلاش سۇ ئايىغى ئۈستىگە ئېقىۋاتاتتى.
يامغۇرلۇقنىڭ باشىنكىمۇ گەجگىسىگە چۈشۈپ قالغان، چاچلىـ
رى ھۆل بولۇپ كەتكەن، مۈرىلىرىگە، يۈزلىرىگە چاپلىشىپ

تۇراتتى. ئۇ تاغ ئۇستىگە قاراپ داۋاملىق يامىشىشقا باشلىدى.
فروید كراك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايتتى، توختىماي ۋارقىرايتتى:
ــ فلاننى، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟
فرانسىسكا تاغ ئۇستىگە چىقىپ دەرەخلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كراك ئۇنى قارا كۆرە قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان، شۇدناقتىمۇ: «سوغۇق تەگ-كۈزۈۋالىسىز»، «ئۆپكىڭىزگە سوغۇق تېگىدۇ»، دېگەندەك گەپلەرنى توختىماي تەكرارلاپ كېلىۋاتاتتى. تار دەرەخلىكنىڭ ئۇ بېشىدىكى پاتقاق ئۇستىدە رېزىنكە چاقنىڭ ئىزى قالغاندى، ماشىنا ئارقىسىدىن چىققان گازنىڭ پۇرىقى دەرەخلىك ئارىسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمىگەنىدى. فرانسىسكا ئۇ يەردە تۇرۇپ كەتتى، قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ چاچلىرىغا، بويۇنلىرىغا چۈش-مەكتە. 500 يارد يىراقلىقتىكى شېغىل ياتقۇزۇلغان يولدا يې-شىل رەڭلىك بىر ماشىنا ئاستا - ئاستا يىراقلاپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىن يىتمەكتە.
كراك فرانسىسكا جونسوننى بىلىكىدىن يۆلەپ تاغدىن ئې-لىپ چۈشتى، روسمان كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ماشىنىسىنىڭ يې-نىغا ئېلىپ ماڭدى. لەمپىنىڭ شىمال تەرەپ كىرىش ئېغىزىدى-كى قار ئىچىدە كىچىك بىر پارچە قەلەي پارقىراپ تۇراتتى. فرانسىسكا ئۇنىڭ نېمىلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا قولىغا ئېلىپ يامغۇرلۇقىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.
فرانسىسكا فروید كراكنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە كېتىۋاتقان يولدا، باشتىن - ئاخىر توختىماي چۈشۈۋاتقان قارغا قاراپ ماڭدى.
ــ بىر تونۇشۇمنى كۆرگەندەك قىلدىم، ــ دېدى ئۇ بىر چاغدا، ــ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، فلويد، بۇ ئىشنى سوراۋەر-مىسىڭىز، يا بولمىسا بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەسەۋۋۇرىم-

دۇ.

— بولدى سورىماي، فلاننى. بەزىدە ئادەم ئاشۇنداق غەلىتە خىياللارغا كېلىپ قالىدۇ. بەزىدە ماڭىمۇ مارگى ئاشخانىدا تۇرۇپ ماڭا ۋارقىراۋاتقاندەك، مېنى پەسكە چۈشۈپ تاماق يەۋې-لىشقا چاقىرىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىدۇ.

فرانسىسكا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئاشخانىدىكى چىراغنى ياندۇردى، يامغۇرلۇقىنى بېشىدىن چىقىرىپ يەشكەندە، روسمان كۆۋرۈكىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن تېپىۋالغان قەلەي ئۇنىڭ ياندىن چۈشۈپ، قاڭقىپ بېرىپ ئورۇندۇقنىڭ پۇتى يېنىدا توختىدى. فرانسىسكا يەرگە ئېڭىشىپ ئۇنى ئالدى، يۇمىلاق شەكىللىك بەلگە قەلەي ئىدى. ئىتىنىڭ ئېكەن، بىر تەرىپىدە ھېچنېمە يوق. ئۇ قەلەينى ئالىقىنىغا قويۇپ كۆزەينىكىنى ئې-لىپ تاقىدى. ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. ئۇ قەلەينى چىراغ ئاستىغا تۇتتى.

1981

63704

ۋاشىنگتون بېللىنھام

مونرو ھايۋاناتلار دوختۇرخانىسى

غالجىر ۋاكسىنىسى ئۇرۇلغان

ئۇنىڭغا دوختۇرخانىنىڭ ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرىمۇ چۈشۈرۈلگەنىدى. فرانسىسكا ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا بې-رىپ، سىرتتىكى قاراڭغۇلۇققا نەزەر تاشلىدى، قار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن، ھويلىدىكى بىر تەرەپكە سىڭايان بولۇپ قالغان چىراغ تۈۋىدە قار ئۇچقۇنلىرى ئوينايتتى، ئۇ ھېلىقى قەلەينى قولىدا تۇتۇپ، مىدىل دەرياسى تەرەپكە قارىغىنىچە ئۇ-زۇندىن - ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى.

## ئامېرىكىدىكى ئەڭ غېرىبانە يول

روبېرت كىنكاي ئوماخاغا بارغاندا مىسسۇرى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ئۇ روسمان كۆۋرۈكىدىن مىسسۇرى دەرياسىغىچە بولغان 100 مىل ئارىلىقنى قانداق بېسىپ بولغانلىقىنى سەزمىدى، يول بويى قار ـ شىۋىرغان بىلەن ئېلىشىپ كەلدى، كاللىسىدا بولسا بىر ئايال ۋە بىر قەدىمىي كۆۋرۈك ھەم ئۇلار توغرۇلۇق ئەسلىمىلەر.

ئۇ نېبراسكا شتاتىدىكى لىنكولن ناھىيىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە قونماقچى بولدى. ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزىلەرگە سەپسېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ يېنىدا پۇلنىڭ تازا تايىنى قالمىغاندى، شۇڭا ئەزرانىراق بىرەر قاتناش مېھمانسارىيىغا چۈشۈپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئويلاۋاتاتتى. بۇ تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنگەن بىر كېچە بولدى، سىرتتا قار توختىماي يېغىۋاتاتتى.

روبېرت كىنكاي كارىۋاتتا نېرى ـ بېرى ئۆرۈلۈپ، كېچە بىر يەرگە بارغاندا ئاران ئۇخلىدى. ھاۋانىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەتە ئەتىگەن قاتتىق سوغۇق بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، قارا رەڭلىك ئۆرە ياقا قېلىن پوپايكىسىنى كىيدى، ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈپ ماتورىنى قىزىتتى، ئاندىن يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ بېرىدىغان ئىتى چوڭيولنى ئېلىپ غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ قار ـ شىۋىرغانلار پەيدا قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، سالت شەھىرىنىڭ

شەرقىگىرەك جايلاشقان بىر يەرگە كەلدى. ئۇ تۆت كوچا ئېغى-زىدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. غەربىي شىمالغا يول ئېلىپ سېئاتلغا بارسىمۇ، جەنۇب تەرەپكە يول ئېلىپ، ئۇزۇن مەزگىل-لەردىن بېرى رېمونت قىلىنمىغان 50 - نومۇرلۇق يول بىلەن يەنە بىر قېتىم مېڭىۋەتسىمۇ بولاتتى. كېيىنكى يول بىلەن ماڭسا رېنونى كېسىپ ئۆتۈپ، كالىفورنىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىد-دىن كىرىپ باراتتى. ئۇ سولغا بۇرۇلۇپ، جەنۇب تەرەپكە سو-زۇلغان 50 - نومۇرلۇق يولغا چۈشتى، يول تاختىسىدا بۇ يول ئامېرىكىدىكى ئەڭ غېرىب يول دەپ ئاتالغانىدى. 25 يىل ئىل-گىرى، روبېرت كىنكاي بۇ يول توغرۇلۇق سۈرەتكە ياندىش قىلىپ خېلى ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە يازغان. ئۇ چاغلاردا بۇ يولدا ماشىنىلار قايناپ تۇراتتى، قىتئەلەر ئارا قاتنايدىغان تاش-يول تېخى ياسالمىغانىدى.

روبېرت كىنكاي دېلتا بازىرىدا 50 - نومۇرلۇق يولغا چۈشۈپ، نېۋادا شتاتىغا ئېلىپ بارىدىغان، ئارىلىقتا ئۇزۇن كەتكەن قۇملۇق بار سەپىرىنى باشلىغاندا بۇ يولدا نېمە كۆنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. يول تاختىلىرىدا ماشىنىغا ماي-نى تولۇق قاچىلاش ئەسكەرتىلگەنىدى، چۈنكى ئارىلىقتىكى قۇملۇقتا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تاغلار بىلەن ئاسمان ئىشلارنى قانداق ئۇرۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان ئادەتتىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، روبېرت كىنكاي چۈش مەزگىلى بىلەن نېۋادا شتاتىغا كىرىپ كەلدى. كۈنىنىڭ كۆزى بىردەم كۆرۈنگەندەك قىلغان، ئارقىدىنلا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، تۇرۇپ - تۇرۇپ بۇلۇتلار قېتىنى يېرىپ چاقماق چېقىپ قوياتتى.

ئۇ نېۋادا شتاتىنىڭ چېگرىسىدىن كىرىشكىلا ئالدىغا بىر مېھمانساراي ئۇچرىدى، ئىشىكى ئالدىدا كونا ماي ناسوسىدىن ئىككىسى تۇراتتى. ئۇ ماشىنىسىغا مايىنى تولدۇرۇپ قاچىلىتىپ

بولۇپ، پۇل تۆلەش ئۈچۈن بىر ئۆيگە كىردى. ئېگىز بوي، زىلۋا بىر ئايال ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، ئاشقىنىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئايال قاپقارا قىسقا چېچىنى ئارقىسىغا تاراپ باغلىۋالغان، ياسىنىشى غەرب تەرەپ پاسونىدا، پۇتىدا ئۆتۈك، ئۈچىسىدا پادىچى ئىشتان، ئالدى ئوچۇق كۆڭلەك. روبېرت كىنكاينىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىككى قاتار مال سېتىش ماشىنىسى تۇراتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئادەم يوق ئىدى. نېرىدا تۆت پادىچى يىگىت بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، تاماكا چەككەچ پىۋا ئىچىشىۋاتاتتى. ھەممە يەردىن ھامبۇرگ بولكىسىنىڭ ھىدى كېلەتتى، ئارقا تەرەپتىكى ئاشخانىدىن قازان - چۆمۈچلەرنىڭ تاراڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە 50 يىلدىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلمايدۇ، دەپ ئويلىدى روبېرت كىنكاي. ئۇ بۇ يەرنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ياخشى كۆرەتتى.

— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، بۇ يەر بىلەن رىنونىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ — ئۇ ھېلىقى ئايالدىن سورىدى.

— 350 مىلچە كېلەر. بۇ سىز ئۆمرىڭىزدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ قاقاس، ئەڭ غېرىب يول بولۇپ قالىدۇ. ماشىنىڭىزنىڭ چاقلىرىنى، ماي باكىنى، سۇ باكىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ ئاندىن يولغا چىقىڭ، ئۇ قاقاسلىقتا يىلان بىلەن پادىچىلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق. شەنبە كۈنى كەچلىرى ئۇ ئىككىسىنى پەرق ئەتمەكمۇ بىر گەپ، — ئايال بۇ گەپلەرنى نېرىدىكى پادىچىلار ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئېيتتى.

پادىچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئايال تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ھەي، مىنتى، تۈنۈگۈن كېچە سېنى ماشىنىسىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان بىرەرى چىقمىغان ئوخشىمادۇ؟ قارىسام بىر قولۇڭدا كۇرستان پىۋىسى، ئۇسسۇل ئوينىغد-

نىڭچە سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتاتتىڭ.
— ھەي، ئاغزىڭنى يۇمساڭ بولامدىكىن، ۋاددى، — ئايال قاقاقلاپ كۈلدى، يۈزىگە سەل قىزىللىق يۈگۈردى، — خېرىدارنىڭ ئالدىدا شۇنداق گەپلەرنىمۇ قىلامسەن.
روبېرت كىنكاي ئايالغا كۈلۈمسىرەپ قويدى، پادىچىلارغا يېنىك قول پۇلاڭلاتتى، ئاندىن ماشىنىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئەڭ ياخشى يەرلەرنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ ساكرامېنتو ئېغىزىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، كۆز ئالدىدا كۈمۈش رەڭ تۇسكە كىرگەن چىملىق سوزۇلۇپ ياتاتتى.
قۇياش نۇرى تولىمۇ يېقىملىق، روبېرت كىنكاينىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاشۇنداق يېقىملىق قۇياش نۇرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. كۈمۈش رەڭ تۇسكە كىرگەن چىملىق، سىراقتىكى قەدىمىي چاقپەلەك. ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىسى سۈرەتكە تارتىۋېلىشقا ئەرزىيدىغان نەرسىلەر، لېكىن ئۇنىڭدا ھازىر بۇنىڭغا ھەۋەس يوق، نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئىشقىلىپ ھېچنېمىنى ئويلىماي سىرتلاردا مۇشۇنداق ئايلىنىپ يۈرگىسىلا كېلىدۇ.
ئۇ بۇ قېتىم مۇشۇنداق خىيالدا سىرتقا چىققان. 50 - نومۇرلۇق يول غەربكە سوزۇلۇپ بىر كەنتتىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئارىلىقچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يا بىرەر جانلىق، يا بىرەر مەھەللە ئىزنا كۆرۈنمىدى. قاقاسلىق ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ دادىسى 51 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئوبدانلا ياشىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى تۇگەپ يەتتە يىلدىن كېيىن، يەنى 1937 - يىلى ئاپىسى تۇگەپ كەتتى.
روبېرت كىنكاي تەنھالىق ئىچىدە ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئەسلەپ قالدى. شۇ مەزگىللەر ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش شەكلىگە بېشارەت بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ تەنتەربىيە، تانسا دې-

گەنلەرگە قىزىقمايتتى، روھىنى بېسىشقا ياكى ئەڭ بولمىغاندا بوغۇشقا توختىماي ئۇرۇنىدىغان مۇتتىزىم تەربىيىدىن بىزار ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇ ئىچىدىكىنى تېشىغا چىقارمايدىغان كىتاب مەستانىسى ئىدى، ئۇھىئو شتاتى بارنېسۋىل ناھىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى ھەممە كىتابنى دېگۈدەك ئوقۇپ بولغانىدى. كىتاب، دەريا ۋە چىملىقلار ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى دوستلىرى ئىدى. ئائىلە باشلىقلىرى يىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇنى توغرا يولغا باشلاشقا، «يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش» قا (بىر مۇئەللىم ئېيتقاندەك) بولغان ئورۇنۇشلار پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ چىققان، لېكىن شتات بويىچە ئالغان ئىمتىھاندا يامان ئەمەس نەتىجىگە ئېرىشكەن.

— خاتالاشمىسام، بۇ شۇم بوۋىسى ئاتراماس كىنكاينىڭ نەق ئۆزىنى تارتىپتۇ، — دادىسى بىر كۈنى كەچتە ئۆزى بىر ئۆمۈر ئىشلىگەن كلاپان زاۋۇتىدىن قايتىپ كېلىپ شۇنداق دېگەنىدى، — ئۆتكەن ئاشۇ بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقىدىغان بولساڭ، ئاتراماسنىڭ ئۆمرىنىڭ مىسسىسىپپى دەرياسى بويىدا ساز چېلىش ۋە بىليارت ئويناش بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بايقايسەن. بۇ شۇم ئاتراماسنىڭ بىر يەردە جىم تۇرالمايدىغان ئاشۇ مىجەزى بىلەن ئۆزگىچە ياشايدىغان مىجەزىنى تارتىپتۇ.

لېكىن، دادىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇدەك يېرى يوق، روبېرت كىنكاي ئۆز يولى بىلەن چىرايلىق چوڭ بولدى. ئۇ كەم سۆز بولغىنى بىلەن ئەدەپ - قائىدىلىك ئىدى، مەكتەپتىكى ئىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان قالايمىقانچىلىقلىرى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ياز كۈنلىرى ئىش تېپىپ ئىشلەيتتى، ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى تاللىمايتتى. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا، شۇ يەردىكى

ياغاچ كېسىش مەيدانى ئۇنى ياللىۋالدى. ئۇ بارنېسۋىلدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يازنى ئەنە شۇ ئىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئەمدىلا بىر ئاي بولغاندا، دادىسى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. روبېرت كىنكاي ئاپىسىنى ۋە ئۆزىنى بېقىش ئۈچۈن ئەسكەرلىككە قاتناشتى. ئۇ ئەسكەرلىكتە بىر فوتوگرافقا ياردەمچى بولۇپ يۈردى، بۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىنى بەلگىلىگەندى.

ئاياللارغا كەلسەك، روبېرت كىنكاي ئاياللار بىلەن ناھايىتى ئاز باردى ـ كەلدى قىلدى، بىر نەچچىسى بىلەنلا ئارىلاشتى، شۇلار بىلەنلا قانائەت قىلدى. روبېرت كىنكاي ئىشق ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سىرتلارغا چىققاندا قانداق ئايال بىلەن ئارىلىشىشمەن دېسە ئارىلىشالايتتى. ئىشق كوچىسىغا كىرگەن ۋاقىتلىرى يوق ئەمەس، لېكىن ناھايىتى ئاز. ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا بىر قېتىم ئۆيلەندى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى، كۆپ ۋاقتى سىرتتا ئۆتىدىغان خىزمىتى ئۇنىڭغا خاتىمە بەردى. كېيىن فرانسىسكا جونسون بىلەن قىسقا ۋاقىتلىق ئارىلىشىپ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن فرانسىسكادىن باشقا ئاياللارغا پەقەتلا قىزىقمايدىغان بولدى. ئارىدىن 16 يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ جەرياندا زورۇقۇپ ساداقەتمەنلىك قىلمىدى، تەنھالىقىدىن ئازابلانمىدى، ۋاقىتلارنى چىداپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنداق بولۇشى، فرانسىسكا بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، باشقا ئاياللار ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى فرانسىسكا بىلەن بىللە بولغان ۋاقىت ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە چەك ئۇرۇلغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئىشلار يۈز بەرمىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتتى، ئورنىدىن سەھەر

تۇرىدۇ، پويىز ياكى يۈك پاراخوتىغا چىقىپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. كېيىنچە سەپەرگە چىقىشلىرىمۇ ئۈگۈشلۈق بولۇپ كەتتى، يىراق يەرلەرگە ئايروپىلان بىلەن ماڭىدىغان بولدى. ھە، يەنە ساخارا قۇملۇقى ۋە راجەستان قۇملۇقىدىكى تۆگە ۋە جىپ ماشىنىلارمۇ بار. روبېرت كىنكاي ئىككى قېتىم قېچىر، بىر قېتىم ئات مىنىپ باققان، بولمىسا ئۇنىڭ ئات مىنىش دېگەنلەردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. موڭغۇلىيىگە بارغان ئادەمگە ئات مىنمەي باشقا ئامال يوق. 1939 ـ يىلى، ئۇ موڭغۇل خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنى تارتمەن دەپ، مۇڭغۇلىيىنىڭ كۆز يەتكۈسىز كەڭ يايلاقلىرىدا توققۇز ھەپتە قاتراپ، چىڭگىزخان ئۇرۇش قىلغان يوللارنى ئىزدىگەنىدى.

ئۇنىڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. لېكىن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە بەدىنىدە قالغان نۇرغۇن تاتۇقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنى ھەر ھالدا تەلەيلىك دېسە بولىدۇ. بەدىنىدە جاراھەت ئىزى قالدى، ماين شتاتىدا يىقىلىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى، كونگو ستانلېي دەرياسىنىڭ ئايىغىدا كېمە قانغا بويالدى. برازىلىيىدە پاشىدىن تارقالغان سېرىق قىزىتما بىلەن ئاغرىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى، بىر راھىبەنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن ئۆزۈن مەزگىللىك ئۇ ئازابلاردىنمۇ قۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئېسىنى يوقاتماستا راھىبە ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەن: «كىنكاي ئەپەندى، تۆت كۈندىن سەككىز كۈنگىچە بولغان ۋاقىت ئەڭ ھالقىلىق ۋاقىت، سەككىز كۈن بەرداشلىق بەرسىڭىزلا تېز ئوڭشىلىپ كېتىسىز.» ئۇ دېگەندەكلا ئوڭشىلىپ كەتتى، لېكىن تېرىسىدىكى سېرىق داغلار بىر نەچچە ھەپتىگىچە يوقالماي خېلى قورقۇتتى.

روبېرت كىنكاي 50 ـ نولۇرلۇق يولدا كېتىۋېتىپ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ چىقتى. ئۇ ھازىر كۈمۈش رەڭ چىملىقلارنى كەينىگە تاشلىغانىدى، ھاۋاسى قۇرغاق شوشونى تېغىدىن ئۆتۈپ

كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئىتتىغا يۇرەك سىرلىرىنى تۆكتى:

— ھەي، چوڭىيول، ئىمىنسىنى دەيسەن، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشمۇ بەك كۆڭۈللۈك ئىش — مېنىڭ تۇرمۇشۇم، كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىم، يەنە نۇرغۇن ئىشلار. ئاشۇ گۈزەل ئەسلىمىلەر ئىچىدە سەنمۇ بار، مېنىڭ ئەمدى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ئىئوۋا شتاتىنىڭ ۋىنتېرسىتتىكى ئىش سوراش ئورنىغا تېلېفون بېرىپ رىچارد جونسوننىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورۇشتۇرىمەن، بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس. ئەسلىدە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ باقىدىغان گەپ ئىكەن. ياق، ئۇنداق قىلساق قاملاشمايتتى. ئېسىلا بولسۇن، مەن ئەسلىمىلەر قاينىمىغا غەرق بولۇپ كېتىپ ئۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇنداق قىلغۇمۇ كەلمىگەندۇ.

چوڭىيول سەل تېتىكلىشىپ، روبېرت كىنكاينىڭ مەڭزىنى يالاپ قويدى. روبېرت كىنكاي ئىتنى بىر قولىدا قۇچاقلاپ، شوشونى تېخىدىن پەسلەشكە باشلىدى، رىنوغا يەنە خېلى ئارىلىق بار ئىدى. بىر يەكشەنبە كۈنى كەچ، روبېرت كىنكاي بىلەن ئىتى چوڭىيول قونالغۇ ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىنى كۈلكە قاپلىغاندەك بولدى.

## شورتېيىل مەيخانىسى

كارلىل ماكمىللان بىر دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن دېنۋېردا ئايروپىلان ئالمىشىپ سىئاتلغا يېتىپ كەلدى. سەيشەنبە كۈنى كەچتە كۈمىنىس شورتېيىل مەيخانىسىدا مۇزىكا ئورۇنلايتتى. كارلىل ئايروپىلان بىلەتلىگە تىزىملىتىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشنى تېلېفون ئارقىلىق سورۇشتۇرۇپ ئېنىقلىۋالغانىدى.

— شۇنداق، بەش يىل بولدى، كۈمىنىس ھەر سەيشەنبە كۈنى كەچتە مۇشۇ يەردە مۇزىكا ئورۇنلايدۇ. مېنىڭچە، كېلەر سەيشەنبە كۈنىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش چوقۇم كېلىدۇ، — دېدى مەيخانىنىڭ ئەر كۈتكۈچىسى.

كارلىل شەھەر مەركىزىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. بۈگۈن سىئاتلنىڭ بۇ پەسلىدە كۆرۈلىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر كۈن بولغانىدى. ئۇ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن چىقتى. ئادەم قايناپ تۇرغان كوچىدا كېتىۋاتقاندا، تېمىشقىدۇر ئۆزىدە بىر خىل ئەنسىزلىك ھېس قىلدى. ئون مىنۇت ئىچىدىلا جەنۇبىي داكوتا شتاتىنىڭ سالاماند دېگەن يېرىدە ئون يىل كۆرگەن ئادىمىدىنمۇ كۆپ ئادەمنى كۆردى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا سپرىنگ كوچىسىغا كېلىپ قالدى، شورتېيىل مەيخانىسى مۇشۇ كوچىنىڭ مەركىزىدە ئىدى، بۇنى ئۇنىڭغا باشقىلار ئېيتىپ بەرگەن.

ئوخشاشلا شۇ دۈشەنبە كۈنى، رېنونىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، روبېرت كىنكاي غەربكە مېڭىپ كالىفورنىيىگە كىرىدىغان يولدا

سۇداسپرىڭس دېگەن بىر بازاردا توختىدى. ئۇ بۇ بازارنىڭ ئىسمىنى بەك ياقتۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە ماي قاچىلاتتى، ئازراق يېمەكلىك سېتىۋالدى، كونا توڭلاتقۇسىغا مۇز، بولكا، مېۋە - چېۋە، كۆكتات دېگەندەك نەرسىلەرنى توشقۇزدى. ئەلۋەتتە، يەنە سامانيولى ماركىلىق شاكىلاتتىن سېتىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ئۇ 30 مىلدىن ئارتۇق يولنى ئايلىنىپ مېڭىپ كىلىر كۆلىگە كەلدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن براگ قورغىنى يېنىدىكى تىنچ ئوكيان بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ تاسادىپىيلا مۇنداق مېڭىپ قالغان ئەمەس، بۇ يولدا مېڭىشىدا ئېنىق سەۋەب بار: كالىفورنىيە بىلەن براگ مېندوكىنونىڭ شىمالىغا ئون مىل كېلىدىغان يەردە ئىدى.

روبېرت كىنكاي بىرىنچى نومۇرلۇق يول بىلەن مېڭىپ مېندوكىنوغا كىرگەندە، كۆز باغلىنىدىغانغا 20 مىنۇتچە قالغان، دۇكانلار تاقىلىشقا باشلىغانىدى، ئۇ ماشىنىسىنى رەسىم كارىدورى بار كوچىدا توختاتتى. ئىتنى ماشىنا ئىچىدە قالدۇرۇپ ئۆزى يالغۇز پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ماڭدى، خىيالىي مىخائىلىسىنىڭ فوتو ئەسەرلىرى تىزىلغان دېرىزە ئالدىغا كەلگەندە توختىدى.

روبېرت كىنكاي ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئالدىنقى قېتىم مېندوكىنوغا كەلگەندە كۆرگەن ئايالغا نېمە دېيىشىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئەينەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان ئايالغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىدى. ۋېنى ماكمىللان ئىنچىكە يىپقا باغلانغان، ئۇستىگە «تىجارەت قىلىۋاتىمىز» دېگەن خەت يېزىلغان تاختىنىڭ «دۇكان تاقالدى» دېگەن خەت يېزىلغان يەنە بىر يۈزىنى ئۆرۈۋاتاتتى. ئۇ تاختىنى ئۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، قولى يەنىلا تاختىدا ئىدى. ئۇ چاچلىرى چارلاشقان،

ئورۇق، ئېگىز بوي ئەرنى ئەينەكتىن ئېنىق كۆردى، ئۇنىڭ
ئۇچىسىدىكى ئاسما باغ، پادىچى ئىشتان، قارا پوپايكا ۋە بەلۋې-
غىدىكى پىچاقلارغا دىققەت قىلىپ ئۇلگۇردى. ئۇ ئاسما باغ
تاقاش توغرۇلۇق بىر چۇشەندۇرۇشنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى.
ئۇ بۇ چۇشەندۇرۇشنى 40 يىللارنىڭ ئالدىدا داسۇردىكى بىر
قۇملۇقتا ئاڭلىغانىدى.

ۋاقىت كەينىگە قايتقاندەك بولدى. ۋېنى ماكمىللان ئىشىك-
نى ئاستا ئېچىپ بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى، نۇرغۇن يىللاردىن
بېرى يىراقتىكى قۇياش كۆيدۇرۇپ قارىدىنىۋەتكەن، قورۇق
چۇشكەن يۇزىدىكى سوغۇق يېشىل كۆزلەرگە قارىدى. ئەر گەپ
قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك كالپۇكلىرىنى يالىدى، لېكىن
چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ گەپ
قىلىشقا يەنە ئىنتىلدى، ئەمما ئاغزى ھېچ گەپكە كەلمەيتتى.
ئۇ بېشىنى يەرگە قىلىپ ئايىغىغا قارىدى، ئاندىن يەنە بېشىنى
كۆتۇرۇپ ئايالغا قارىدى، كەيپىياتى جىددىي، يۇزىگە سەل قى-
زىللىق يۇگۇرگەنىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم روبېرت كىنكاي، — دېدى ئۇ، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى.

ۋېنى ماكمىللان يېقىملىق كۇلۇمسىرىدى.

— مېنىڭچە ئىككىمىز تونۇشمىز، لېكىن بۇ خېلى ئىل-
گىرىكى ئىش.

چايكا سارىيى، ۋېنى ماكمىللان بىلەن روبېرت كىنكاي
كىچىك شىرەدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. غەربىي
شىمال شامىلى كۇچىيىشكە باشلىغان، دېڭىزدا دولقۇنلار ھەي-
ۋەتلىك كۆتۇرۇلمەكتە، دېرىزە ئوچۇق بولغاچقا، قورام تاشلارغا
ئۇرۇلغان دولقۇن ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. روبېرت
كىنكاي بىر ئىستاكان پىۋا، ۋېنى ماكمىللان ئاق ئۇزۇم ھارىقى
بۇيرۇتتى. روبېرت كىنكاي قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ شىرە

ئۈستىگە قويۇۋالغانىدى، ئۇ قوللىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋېنى ماكمىللانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇ بىرەر گەپ قىلماقچى بولاتتى، لېكىن قولىدىن كەلگەنى، خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرغاندەك، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىنىش بولدى. ئارقىدىن يەنە ئوڭايسىزلانغان هالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇ سىز، شۇنداقمۇ؟ خاتالاشمىغاندىمەن؟ — سورىدى ۋېنى. ئۇ بىرى گەپ باشلىۋالماقچى، يەنە بىرى، ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقان ئىشنى بەكرەك ئېنىقلىۋالماقچى ئىدى.

— ئەگەر سىزنىڭ سوراۋاتقىنىڭىز 1945 - يىلى داسۇرغا موتسىكلىت مىنىپ كەلگەن، شۇ يەردە باس ئىسكىرىپكىچى چىرايلىق بىر قىز بىلەن كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزگەن ئەر بولسا، ئۇ ئەر دەل مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ تولىمۇ ئوڭايسىز بىر ئىش، سىز ئۇچۇنمۇ شۇنداق بولسا كېرەك.

ئىككىسى ئىلگىرىكى ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئەمەس، كونا دوستلاردەك ئولتۇرۇشاتتى. داسۇردىكى ئىشلارغا ئۇزۇن زامان بولۇپ كەتكەن، يەنە كېلىپ ئۇ چاغدا ئىككىسى بىر نەچچە كۈننىلا بىللە ئۆتكۈزگەنىدى.

— سىز بىر ھەپتىلەر ئىلگىرى مېندوكىنوغا كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — سورىدى ۋېنى.

— ھەئە، كەلگەن، سىزنى ئەينەكنىڭ سىرتىدىنلا كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر قوللىرىڭىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، ئاشۇ يىلىدىكىگە ئوخشاش چاچ پاسونىڭىزغا، يەنە چاچ قىسقۇچنى پات - پات تۈزۈپ قويىدىغان ئادىتىڭىزگە دىققەت قىلمىغان بولسام بەلكىم سىزنى تونۇيالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى.

روبېرت كىنكاي ۋېنى ماكمىللانغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 13 ياش پەرق

1945 - يىلىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭلاپ كەتكەنىدى. روبېرت كىنكاي 68 ياشقا كىردى، چاچلىرىنى ئاق ئارىلىدى، قېرىدى، لېكىن ۋېنى ماكمىللان 55 ياشقا كىرگەن بىلەن ياشلىقىدىكى جەلپكارلىقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقاتمىغانىدى.

— ھازىرمۇ باش ئىسكىرىپكا بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرۇۋاتامسىز؟ — سورىدى روبېرت كىنكاي.

— ھەئە، دوستلىرىم بىلەن بىللە بولغاندا چېلىپ قويدىمەن. بەزىدە بۇ يەردە كىچىك كۆلەملىك مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپمۇ قالىمىز. ئۆزىڭىزچۇ؟ سۈرەت تارتىش بىلەن ئۆتۈۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مۇشۇ يىللاردىن بېرى كۆپ ۋاقتىم يولدا ئۆتۈپ كەتتى، ئورۇنلايدىغان ۋەزىپەمنىڭ كۆپ قىسمى چەت ئەلدە بولدى، — بىر كۈتكۈچى يەنە نېمە كېرەكلىكىنى سوراپ كەلگەندە، روبېرت كىنكاي ئىستاكاندا قېپقالغان ئازراق پىۋىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، ۋېنى ئۆزۈم ھارىقىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىلا ئىچكەنىدى. روبېرت كىنكاي يەنە بىر ئىستاكان پىۋا ئالدى. ئۇ «تۆگە» ماركىلىق تاماكىدىن بىرقاپ چىقىرىپ، ئۈستەلدە كۈلدان يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— داسۇردىن كەتكەندىن كېيىن سىزگە ئىككى - ئۈچ پارچە خەت يازغانىدىم، — دېدى روبېرت كىنكاي كۈتكۈچى كەتكەندىن كېيىن.

— سىز كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەنمۇ ئۇ يەردىن كەتتىم، — ئۇنىڭ مۇشۇ گېپى بىلەنلا بىرەر پارچىمۇ خەت تاپشۇرۇپ ئالمىغانلىقى ئېنىق بولغانىدى.

ئەمدى ئىككىسىنىڭ پاراڭلىرى تېخىمۇ قولاشمىدى. ۋېنى ماكمىللان ئارسالدى بولۇپ قالدى. كارلىلىنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا دېيىش كېرەكمۇ، يوق؟ ئۇ روبېرت كىنكاي ئۆزىنى تونۇشتۇر-

غاندىلا، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئاندىن ئېسىگە ئالدى بۇ ئەر كارلىلىنىڭ ئىشىنى بىلىشكە ھەقلىق، يەنە كارلىلىنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقان ئىشىمۇ بار.

— توي قىلدىڭىزمۇ، ئائىلىڭىز بارمۇ؟ — ۋېنى ماكمىللان ئاستا - ئاستا ئاساسىي گەپكە كۆچتى.

— 1953 - يىلى ياخشى بىر ئايالغا ئۆيلەنگەنىدىم، بىر نەچچە يىل ئۆي تۇتمايلا ئاجرىشىپ كەتتۇق، ئوتتۇرىمىزدا بالىمۇ يوق. مېنىڭ كۆپرەك ۋاقتىم سىرتلاردا ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۆي تۇتۇپ قاملاشتۇرالمايدىكەنمەن. سىزچۇ؟

ياخشى، ئەمدى ئېيتىدىغان پۇرسەت كەلدى. ۋېنى ماكمىللان خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قولىدىكى رومكىنى نېرى - بېرى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى، دېرىزىدىن دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. غەربىي شىمال شاملى كۈچىيىپ كەتكەن، تىنچ ئوكياننىڭ يۈزى قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەنىدى. بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان ئىككى ئەر بىلەن بىر ئايالغا كۈتكۈچى نېمىلەرنىدۇر دېۋىدى، ئۇلار ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يېقىمسىز كۈلۈپ كەتتى. روبېرت كىنكاي ھەر خىل دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ ئەۋرىشكىسى ئېلىنىپ زىننەتلەنگەن تامغا قاراپ قويدى، كېيىن ۋېنى ماكمىللان گەپ باشلىغاندا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى.

— مەن 40 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغاندا بىر ئادەم بىلەن توي قىلىپ ئالتە يىل ئۆي تۇتتۇم، — دېدى ۋېنى، — شۇنىڭ بىلەن داڭلىق باس ئىسكىرىپكىچى بولۇش ئارزۇيۇممۇ سۇغا چىلاشتى. بەلكىم مەندە ئەسلىدىنلا ئۇنداق قابىلىيەت يوقتۇ، ياكى بولمىسا ئاشۇ يىللاردا بەزى سەنئەت پېشىۋالىرىنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىدىغان قارىشىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەندىمەن. مەيلى قانداق سەۋەب بولسۇن، مەن تېزلا باشقا ئىشقا ئۆتۈپ كەتتىم، ئۆي ئىشلىرىغا بېشىمچىلا كىرىپ كەتتىم. ئويلاپ باقسام، شۇ چاغدا ئەخمەقلىق قىپتىكەنمەن، ۋاقىتنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. لېكىن، مەن ناھايىتى بەختلىك. بۇ شىمالىي دېڭىز قىرغىقىدا بىر نەچچە ياخشى ئەر بىلەن تونۇشىمەن، — ئۇ گەپنى ئايلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

كۇتكۇچى روبېرت كىنكاينىڭ پۈۋسىنى ئەكېلىپ بېرىپ كېتىپ قالدى.

— بالىڭىز بارمۇ؟ — سورىدى روبېرت كىنكاي. ئۇ ئاسما بېغىنىڭ بىرىنى يۇقىرىغا تارتىپ بەلۋېغىنى ئوڭشىدى، بەلۋېغىدىكى پىچاقنى سىلاپ قويدى.

ۋېنى ماكمىللانغا بۇ ھەرىكەتلەر داسۇردىكى ئاشۇ چاغدىن تارتىپ ياد ئىدى. ئۇ تىزىدىكى سالفېتكىنى ئوڭشاپ قويۇپ، كۆزەينىكىنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى، روبېرت كىنكايغا خېلى ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ بىر قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— بىزنىڭ. . . بىزنىڭ بىر ئوغلىمىز بار، روبېرت كىنكاي. . . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر بالا بار، ئىسمى كارلىل.

سەيشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كارلىل ماكمىللان «سېئاتل دەۋرى» ژۇرنىلى ئىدارىسىگە كىردى، ئۆزى تېلېفوندا كۆرۈشكەن فوتو تەھرىرى ئېدېر مۇللىنگس ئەپەندىگە ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ياخشىمۇ سىز، ماكمىللان ئەپەندى، بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزدىن ناھايىتى خۇشالمەن. سىزنى سېئاتلغا كېلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. روبېرت كىنكاينىڭ «قاقاس ئېگىزلىكتىكى رېلىس» دېگەن ئەسىرىنى تونۇغۇن كەچتە ئاران تاپتىم. كاللامنىڭ ئىشلىمىگىنىگە قارىماسىز، ئۇنى ئاپىرىپ «پويىز» دېگەن ئارخىپ خالتىسىغا سېلىپ قويۇپتىمەن. ئەسلىدە «كىنـ

كاي» دېگەن خالتىغا سالسام توغرا بولاتتى. يۈرۈك، سىزگە بىر نۇسخا كۆپەيتىپ بېرەي.

ئۇ ئادەم تولىمۇ ئالدىراش كۆرۈنەتتى، تېلېفون توختىماي سايراپ تۇراتتى، يېنىغا كېلىپ ئۇنى - بۇنى سوراپ تۇرىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. كارلىل كۆپەيتىلگەن ئەسەرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن مۇللىنگسقا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ ئۇ يەردىن چىقتى. ئۆزى چۈشكەن مېھمانسارايدا چۈشلۈك تاماقنى يېدى، پىۋا ئىچكەچ ھېلىقى ئەسەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن چۈشتە ئۇزۇن ئۇخلىدى. ئۇ ۋاقىتنى مۇشۇنداق قىلىپ ئۆتكۈزمىسە بولمايتتى. كۈمىنسىنىڭ مۇزىكا ئورۇنلىشى كەچ سائەت توققۇزدا باشلىناتتى. كارلىل شۇنچە ئۇزۇن ئۇخلاپ قوپۇپمۇ يەنە ئالتە سائەت كۈتىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ شورتېيىل مەيخانىسىغا سائەت سەككىزلەر بىلەن بارماقچى بولدى.

روبېرت كىنكاي بەلكىم ئۇنىڭدىن بالدۇرراق بارار.

ئۇ روبېرت كىنكاي بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپلىرىنى مەشىق قىلىپ باقتى، لېكىن مەشىق قىلغانسېرى قاملاشمىغاندەك بىلىندى. ھەممىسى سوئال - سوراقتەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى. روبېرت كىنكاينىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ. ئۇ مۇللىنگس ۋە گوتتېر فىلىپ (ئۇ تەجرىبىخانىدىن چىقىپ كارلىل بىلەن بىردەم پاراڭلاشقان) بىلەن بىر پەس پاراڭلىشىپ ئېگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، روبېرت كىنكاي ئىچ مىجەز ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئاسان يېقىنلاشقىلى بولمايدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇنى غەلىتە مىجەزلىك ئادەم دەپ قارايدىكەن.

كارلىل روبېرت كىنكايغا دەيدىغان گەپلىرىنى داۋاملىق مەشىق قىلدى. لېكىن مەشىق قىلغانسېرى شۇنچە ئەخمىقانە، شۇنچە كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

« ياخشىمۇسىز، مېنىڭ ئىسمىم كارلىل ماكمىللان. مەن

سىزنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىڭىز بولۇشۇم مۇمكىن.»
ياكى: «ياخشىمۇ سىز، ئاڭلىسام ئىلگىرى سىزنىڭ يارىل تۆت تىپلىق بىر موتسىكلىتىڭىز بار ئىكەن، ئۇنى بەك ئوبدان موتسىكلىت دەيدىغۇ.»
ۋە ياكى: «ھەي، ياخشىمۇ سىز، سىز ئىلگىرى فلىفورنىدىيىنىڭ داسۇر دېگەن يېرىدە بىر قىز بىلەن بىللە بولغانمۇ؟»
بەلكىم: «ۋېنى ماكمىللان ئىسىملىك بىر باس ئىسكىرىپكىچى قىزنى ئاڭلىغانمۇ؟»
چۈشىنىشكە بولىدۇ، مەنىسى سىرلىق مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، روبېرت كىنكاي ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، قېچىپ چىقىپ كەتمىسىلا مەيلى. پۈتۈن ئىشلار شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ئاخىرلىشىدۇ.
ئەڭ ئاخىردا كارلىل بۇ ئىشنى يەنىلا ياغاچچىلىق ئىشىغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىش نىيىتىگە كەلدى. شورتېيىل مەيخانىسىغا بېرىپ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئاندىن بىر نېمە دېمەمدۇ. سائەت يەتتە بولغاندا كارلىل دېرىزە سىرتىدىكى كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۈچىسىغا كاچى رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان، فلانېل كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوغماق چاپان كىيدى.
لىفىت ئۇنى مېھمانسارايىنىڭ زالىغا ئېلىپ چۈشتى.
يول ئۇنى شورتېيىل مەيخانىسىغا ئېلىپ باردى.
ئىشىكباقار ئۈچ دوللار مۇلازىمەت ھەققى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئىشىكباقار قوشۇمچە قىلىپ شۇنداق دېدى:
ــ مەيخانىمىزدا تام تۈۋىدىكى ئىككى كىشىلىك ئۈستەلدىن باشقا ئورۇن قالمىدى. كۈمىنس ئۇ ئورۇننى ھەر سەيشەنبە كۈنى كەچتە كېلىدىغان دوستىغا ئېلىپ قويۇشىمىزنى ئېيتقان.

سىز ئۆزىڭىز يالغۇز ئىكەنسىز، مۇمكىن بولسا پەشتاختا ئالدىدا ئولتۇرسىڭىز، بىز تولىمۇ مىننەتدار بولغان بولاتتۇق.

كارلىل ئەھۋالنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پەشتاختا ئالدىدىن ئورۇن ئالدى. بىر ئىستاكان پىۋا ئېلىپ تام تۈۋىدىكى ئۈستەلگە قاراپ ئولتۇردى. ئۈستەل ئۈستىدىكى كۆك رەڭلىك چاقماق داستىخان ئۈستىدە «ئىگىسى بار» دېگەن خەت يېزىلغان تاختا تۇراتتى. بۇ ئۈستەلگە يېقىن يەردىكى چاققانغىنا سەھنىدە بىر دۇمباقچى دۇمبىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

روبېرت كىنكاي بىلەن ۋېنى ماكمىللان دۈشەنبە كۈنى كەچتە ناھايىتى ئۇزۇن مۇڭداشتى. پاراڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا روبېرت كىنكاي ئىتى چوڭيولنىڭ ماشىنىدا سولاقلىق ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. ئىككىسى چوڭيولنى ئەگەشتۈرۈپ بوران گۆركىرەپ تۇرغان تۈمشۇقنى ئايلاندى، بۇلۇت پارچىلىرى ھىلال ئاينىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتەتتى. ۋېنى ماكمىللان ئۇنىڭغا كارلىلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار سارايغا بېرىپ كەچلىك تامىقىنى كېچىكىپ يېدى. ۋىنى ئۇنىڭغا يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئوغلىنىڭ كوردى ماركوس دېگەن بىر ئادەمدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىپ كاتتا ياغاچچى بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ۋېنى يەنە كارلىلنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە روبېرت كىنكاي ئىسىملىك بىر ئەرنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، بۇ يولدا نۇرغۇن ئىزدەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەسلىملىرىگە تايىنىپ بۇ ئىسىمنى مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. روبېرت كىنكاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئويلاندى، ئۆتمۈشى توغرۇلۇق بولۇۋاتقان چوڭ ئۆزگىرىش، كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئويلانمىسىمۇ بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن

ئىلگىرى تۇرمۇشى، ئۆزىنى بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز دەيدىغان قاراشلىرى ۋېنى ماكمىللان بىلەن بولغان تۆت سائەتلىك سۆھ-بەتتىن كېيىن پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنىدى.

— روبېرت، — دېدى ۋېنى ماكمىللان سائەت 11 لەر بولغاندا، — كارلىلغا تېلېفون بېرىپ، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەن-لىكىڭىزنى ئېيتىپ قويساقمىكىن دەيمەن.

روبېرت كىنكاي ماقۇل بولدى، ئىككىسى نېرى تەرەپتىكى تېلېفون يېنىغا باردى. بۇ چاغدا ئادەم خېلىلا يىغىلغان بولۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. ۋېنى ماكمىللان كارلىل-نىڭ جەنۇبىي داكوتادىكى تېلېفون نومۇرىنى باستى، تېلېفون ئون قېتىم سىگنال بەرگەندىن كېيىن تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ قويدى.

— بۇ بالام نەلەردە يۈرىدىكىنتاڭ، — دېدى ۋېنى كۈلۈپ، — دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئېلىپ قالدى، بىر يەردە تۇ-رالمايدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، بۇ يەردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدا گەپمۇ گەپ بولمايدىكەن.

كېچە بىر يەرگە بېرىپ سائەت بىرلەر بولغاندا، روبېرت كىنكاي ۋېنىدىن مۇمكىن بولسا باس ئىسكىرىپكا بىلەن بىرەر مۇزىكا چېلىپ بېرىشنى، ئەڭ ياخشىسى داسۇردا چېلىپ بەرگەن مۇزىكىنى چېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ۋېنى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇن-دۇقتا ئولتۇرۇپ شۇبېرتنىڭ مۇزىكىسىنى باشلىدى. روبېرت كىنكاي تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۇزىكىغا قۇلاق سال-دى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان، قوللىرىنى تىزى ئۈستىگە قويغانىدى.

ۋېنى بىر مۇزىكىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ئۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— ۋېنى، — دېدى ئۇ، — 1945 - يىلى سېنتەبىردىكى

قۇمنىڭ ئىللىق تەپتى ھازىرمۇ ئېسىمدە، بۇ مەن ئۇنتۇيالماي كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى.

ۋېنى بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

— بۇنى بىلىمەن، روبېرت كىنكاي، بۇ مېنىڭمۇ ئېسىمدە.

روبېرت كىنكاينىڭ سېئاتلدىكى بىر ئايلىق ژۇرنالغا تارتىپ بېرىدىغان سۈرەتلىرى بار ئىدى، ئۇنى پۇتتۇرسە قولىغا 300 دوللار تېگەتتى، ئۇنىڭغا پۇل كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ ۋېنىغا ۋەدە بېرىپ قويىدى، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇلار — ۋېنى، روبېرت كىنكاي ۋە كارلىل ئۈچى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر مەزگىل بىللە تۇرماقچى.

— بىزنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دېسە بولامدۇ - بولمامدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى ۋېنى، — لېكىن، دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بىر - بىرىمىزنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ باقساق، نېمىلەر قىلدۇق، نېمىلەرنى قىلالمىدۇق، كەتكۈزۈپ قويغان، ئېرىشكەن نەرسىلىرىمىز نېمە بولدى، كەڭتاشا سۆزلىشىۋالساق يامان بولماس دەيمەن.

— بولمىسا ئىككىمىز مېنىڭ ماشىنام بىلەن جەنۇبىي داكوتاغىلا بارايلى، — دېدى روبېرت كىنكاي تەكلىپ بېرىپ.

— بۇ يەردىكى ئىشىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدى ۋېنى، — كارلىلنى مۇشۇ يەرگە چاقىرتساق بولىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزسەم، بىرىنچى نۆۋەتلىك ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپلا يېتىپ كېلىدۇ.

ۋېنى روبېرت كىنكاينى ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ چىرايلىق رەت قىلدى، لېكىن ۋېنى خالىسا، ئەتە ئەتىگەن بىللە ناشتا قىلىشنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، چىگىشلىشىپ كەتكەن خىياللىرىنى ئوڭشىۋېلىشنى

ۋېنى سۆزلەپ بەرگەن ئىشلار ئۇستىدە ئويدانىراق ئويلىنىۋېلىش-نى خالايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن، سەيشەنبە كۈنى، روبېرت كىنكاي سىي-ئاتلغا مېڭىش ئالدىدا، ئۇلار ئىككىسى ماشىنىنىڭ يېنىدا بىر-دەم تۇرۇپ قالدى. قۇياش نۇرى پارلاپ تۇراتتى. بىر كېچە ئويدان ئارام ئېلىپ كەيپىياتى ئويدانلا ئەسلىگە كېلىپ قالغان روبېرت كىنكاي ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قولىنى تىقىپ ئىتىد-نى سىلاۋاتقاندا، ۋېنى ماكمىللان ئەينى يىلى داسۇردا ئۇچراتقان موتىسىكلىتچىنى كۆرگەندەك بولدى. هازىر ئۇنىڭغا سەل قېرى-لىق يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ مۇرىلىرى، كېلىشكەن قامىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش يوق، يەنىلا شۇنداق قاۋۇل كۆرۈنە-دۇ. يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ بار، بۇ كۆزلەر ئىلىنغان نەرسىنى قويمايدۇ. لېكىن روبېرت كىنكاي كۆرگەن نەرسىلىرىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنى پەقەت ئاپپاراتنىڭ كۆزى ئارقىلىقلا خاتىرىلىۋالالايدۇ.

ۋېنى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، روبېرت كىنكاي ئۇ-نىڭ بىلەن قول ئېلىشتى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ قۇچاقلى-دى، 36 يىل ئىلگىرى داسۇر قۇملۇقىدىكىدەك چاچلىرىنى پۇرىدى. ۋېنى بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ دېڭىزنى كۆرسەتتى.

— 3 - ئايدا كىتلار يەنە كېلىدۇ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

كۈمىنس سائەت توققۇزدىن ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە سەهنى-گە چىقتى. مەيخانىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىغا ئادەم توشۇپ بولغانىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردىن چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. كۈ-مىنس ساكسوفوندا مۇزىكا ئورۇنلاشقا باشلىدى، بىر يۇرۇش مۇزىكىدىن كېيىن «كېچىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى»

دېگەن مۇزىكىنى ئورۇنلىدى، مۇزىكا تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. تام تۈۋىدىكى ئۇستەل تېخىچە قۇرۇق تۇراتتى. كارلىل ماكمىللان ھەر قانچە قىلىپمۇ مۇزىكىغا زېھنىنى يىغالمىدى. ئۇ تىنماي ئۇستەلگە، ئارقىدىنلا ئىشىككە قارايتتى، ھەر بىر مىنۇتتا بۇ ئىككى ھەرىكەت بىر قېتىمدىن تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

باس ئىسكىرىپكىچى ۋېنى ماكمىللاننىڭ ئوغلى بولغاندىن كېيىن، كارلىل ماكمىللاننىڭ قۇلىقىمۇ مۇزىكىغا سەزگۈر ئىدى، لېكىن ساكسوفوندىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. كۇمىنس ھەر بىر مۇزىكىنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇراتتى، ئاۋازى مىكروفوندا تولىمۇ ئاستا ھەم تۇتۇق چىقاتتى، لېكىن ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە بۇ مۇزىكىلارنىڭ نامى ياد بولۇپ كەتكەندەك ئىدى، شۇڭا كۇمىنسنىڭ چېلىنىدىغان مۇزىكىنىڭ نامىنى ئېلان قىلىپ قويۇشى زۆرۈرىيەتتىن ئەمەس، شەكىل ئۈچۈنلا بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كارلىل «ئورلېئو» دېگەندەك ئىسىملارنى ئاڭلىدى. ئىنىقكى، بۇ روللىنس فامىلىلىك بىرى يازغان مۇزىكىلار ئىدى، كۇمىنس ئۇ مۇزىكاتتىنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلغاندا كارلىل تازا ئېنىق ئاڭلىيالماي قالدى.

بىرىنچى تۈركۈم مۇزىكىلار ئاخىرلاشتى، ئىككى كىشىلىك ھېلىقى ئۇستەلگە شۇڭغىچە ئادەم كەلمىدى، باشقىلارغىمۇ بېرىلمىدى. كۇمىنس پەشتاختا ئالدىغا كېلىپ، گىلېنلىۋېت ھارىقىدىن بىر رومكا ئالدى. ئۇ كارلىلغا يېقىنلا يەردە پەشتاختىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە نەزەر سالغىنىچە ھارىقنى ئاز - ئازدىن ئىچىشكە باشلىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ مۇزىكا توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشلىرىدىن كۇمىنسنىڭ كونا خېرىدارلىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار مۇزىكا توغرۇلۇق بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن،

بىرەيلەن كومىنىستىن «كوز ياپراقلىرى» دېگەن موزىكىنى چې-
لىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
— ئۇ موزىكىنى ئورۇنلايمىز، كېيىنكى تۇركۇمدە ئو-
رۇنلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى كومىنىس، — بۇ موزىكىنى
بەكلا ياخشى كۆرىدىغان بىر ئاغىنەم بار ئىدى، ئۇنى كېلىپ
قالارمىكىن دەپ ساقلاۋاتىمەن.
كومىنىس ئۆزى يالغۇز قالغاندا كارلىلغا لەپپىدە قاراپ
قويۇپ ئېغىز ئاچتى:
— خەيرلىك كەچ، سىزنى ئىلگىرى بۇ يەردە كۆرگەندەك
قىلمايمەنغۇ.
— ئالاھىدە بىر سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم
كېلىشىم، — دېدى كارلىل كولۇمسىرەپ.
كومىنىس كۆزلىرىنى سەل يۇمدى.
— قانداق ئالاھىدە سەۋەبتۇ ئۇ؟
— مەن روبېرت كىنكاي ئىسىملىك بىر ئادەمنى ئىزدەپ
يۈرىمەن.
كومىنىسنىڭ چىرايىدىن سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى.
— ئۇ ئادەمنى نېمىشقا ئىزدەپ قالدىڭىز؟
كارلىل ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەم
بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، كومىنىستىن بۇ ئىشقا
ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى، كومىنىس ھاراقتىن بىر ئوتلاپ قويۇپ
جىممىدە تۇرۇۋالدى.
كارلىل خېلى ساقلاپ باققاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاش-
تۇردى:
— ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئۇ سىزنىڭ
يېقىن ئاغىنىڭىزغۇ دەيمەن.
— ئەگەر بىز ئاغىنە بولساق، ئۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دەپ
بەرمەيمەن. مەن ئەزەلدىن ئاغىنىلىرىمنىڭ ئىشىنى باشقىلارغا

سۆزلەپ بەرمەيمەن، ئاغىنىلىرىم ئۆزلىرى تەلەپ قىلسا بۇ باشقا گەپ. ئۇنداق قىلغان ئادەم ئاغىنىسىدىن ئاسان ئايرىلىپ قالىدۇ. سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، يىگىت، ئەمدى مۇزىكا چېلىشقا تەييارلىق قىلاي.

كۇمىنس سەھنىگە چىقىپ يۇقىرى ئاۋازلىق ساكسوفوننى قولىغا ئالدى، قالغان ئۈچ مۇزىكانتمۇ تەييار بولدى. ئۇلار يۇرەكلەرنى تىترىتىدىغان مۇزىكىنى يەنە باشلىۋەتتى.

سەيشەنبە كۈنى كەچ سائەت سەككىزدە روبېرت كىنكاي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئىتىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئۇنى ئارامىغا قويۇپ بەردى. ئۇ ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ ۋېنى ماكمىللان سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى خىيالىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئويلىسا بۇ بىر چۈشتەك بىلىنەتتى. ئۆتكەن 24 سائەت ئىچىدە ئۇنىڭ غەلىتە تۇرمۇشى تېخىمۇ غەلىتە تۈس ئالدى. ئۇ ھۆججەت ئىشكاپى يېنىغا بېرىپ بىر كورۇپكىغا سېلىنغان سۈرەتلەرنى ئالدى، فرانسىسكا جونسونغا قاراپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۇ فرانسىسكا جونسون تۇرغان يەردە تۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەن. توۋا، ئۇ فرانسىسكانى نەقەدەر ياخشى كۆرىدۇ - ھە! ئۇ تەن بەرمەي تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئىشلار ئەينى يىللاردىكى ئىشلاردىنمۇ شۇنچىلىك گۈزەل بىلىنىپ كەتتى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋېنى بىلەن كارلىلىنىڭ ئىشىنى فرانسىسكاغا بىلدۈرۈش كېرەك ئىدى. روبېرت كىنكاي ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ بۇ خىيالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ، لېكىن ئەينى چاغدا ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى توغرا تاپتى، ئۇ ئەمەلىيەت ۋە ساداقەت نۇقتىسىدىن شۇنداق ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر پارچە خەت يېزىپ ئادۋوكاتىغا بېرىپ قويغان. خەتكە، ئەگەر ئۆزىگە ياخشى كۈننىڭ يامىنى

بولۇپ قالسا، بۇ خەت بىلەن ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىئۇۋا شىتاتى مادىزون ناھىيىسىدىكى بىر ئادرېسقا ئەۋەتىپ بېرىشنى يازغانىدى. ئۇ ئەمدى پۇرسەت بولغاندا باشقىدىن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

فرانسىسكانىڭ سۈرىتىگە قارىغانسېرى روبېرت كىنكاينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ياشلىرى ئاق-قانسېرى يۈرىكى مۇجۇلۇپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېسەدەپ يىغ-لاپ كەتتى. ئاخىر بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ ياشلىرىنىڭ ئېقى-شىنى مەيلىگە قويۇپ بەردى، قانچىلىك ئۇلۇغ، قانچىلىك تېز، قانچىلىك ئۇزۇن ئاققۇسى بولسا ئېقىۋالسۇن! ئۇ ئېسەدەپ تۇ-رۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى:

ـــ تـوۋا... توۋا خـۇدايىم... شۇنـچە يىللاردىن بېرى... شۇنچە... شۇنچە ئۇزۇن... تىكەندەك يالغۇز ئۆتكەن يىللاردا... مەن ئەسلىدە تەنها ئەمەسكەنمەن.

ئىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇمشۇقى بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى نوقۇدى.

روبېرت كىنكاي ئەمدى ئۆزىنى ھەقىقىي گۇناھكار ھېس قىلدى. ئۇنى ھەممىدىن ئازابلايدىغىنى، بىر بالىغا ئاتا بولۇپ تۇرۇپ بالىسى مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ۋېنى ماكىمىللانغا ئازراقمۇ ياردەم قولىنى سوزالماپتۇ. ۋېنىغۇ ئۇنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلەت-تىشكە ئۇرۇنۇپ، كارلىلنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغانلىقىغا پۇشايمىنى يوقلۇقىنى، روبېرت كىنكاينىڭ بۇ ئىشنى ئۇقماي قېلىشىنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ۋېنى ماكىمىللانىنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بولغاندەك بولدى. لېكىن، روبېرت كىنكايغا شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى مۇشۇ ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ، شارائىت باشقا گەپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرگىنى

باشقا گەپ، بۇنى كەچۇرۇشكە بولمايدۇ. بەلكىم ئۇ مەلۇم ئۇ-سۇل بىلەن ۋىنى كارلىلغا قىلالمىغانلىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلى-ۋالار.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇ سائىتىگە قارىدى، سائەت توققۇز بوپتۇ. سىرتتا ھاۋا ناھايىتى ياخشى، كۇمىنس مۇزىكى-سىنى ئەمدىلا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. توۋا، ماۋۇ ئىشنى، ئەمدىلا فرانسىسكا جونسونغا قايتىدىن يېقىنلىشىۋاتقاندا ئۇ ئە-زەلدىن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئوغلىنىڭ چىقىپ قېلىشۋاتتى-قىنىنى. ئۇ بۇ ئىشنى قايسى شەكىلدە تەبرىكلىسە ياكى خاتىرى-لىسە بولار. ئۇ ئۇلۇغ مۇھەببەتتىن ئايرىلدى، لېكىن ئوغلىنى تېپىۋالدى. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، بۇ ئىككى ئىش بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇ-شىغا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل تەڭپۇڭلۇق ئېلىپ كەلدى. ئۇ سائەت ئونىنىڭ كېمىسىگە ئۇلگۇرەلەيدۇ.

روبېرت كىنكاي ئىتى چوگيولىنىڭ يېنىغا باردى. ئىت بىر كونا پالاس ئۇستىدە پۇتلىرىنى ئەركىن تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتكەنى-دى. ئۇ ئولتۇرۇپ ئىتنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— مەن بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن، دوستۇم. قەدىناس ئاغىنىمىز كۇمىنسنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي، — ئۇ چاپىنىنى كىيىپ، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

كارلىل يېڭىنى قايرىپ سائىتىگە قارىدى. شورتېيىل مەي-خانىسىنىڭ ئىچى تاماكا ئىسى بىلەن تولغانىدى، كارلىلىنىڭ كۆزلىرى ئېچىشىپ ياشاڭغىراپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى بىر - ئىككى چىمچىقلىتىپ، ئاندىن سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى ئا-ران كۆرەلىدى، ئون يېرىم بوپتۇ، تام تۈۋىدىكى ئىككى كىشى-لىك ئۇستەل يەنىلا قۇرۇق تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئولتۇ-رۇپ ئۇچىنچى ئىستاكان پىۋىنى ئالدى.

كۆمىنىس ۋە ئۇنىڭ مۇزىكانتلىرى ھازىر باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى، ئالىنگتوننىڭ «ئەھمىيەتسىز ئىشلار» دېگەن مۇزىكىسىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چېلىۋاتاتتى. كۆمىنىس سەل ئارقىغا چېكىنىپ پىئانىستنى ئۆز ئالدىغا قويۇپ بەردى. پەس ئاۋازلىق ئىسكىرىپكىچى سەل سىڭايان ئولتۇرۇپ بارماقلىرىنى تار ئۈستىدە لەرزان ئوينىتاتتى. دۇمباقچى باشلىرىنى نېرى ـ بېرى ئىرغاڭلىتىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك يەردە مۇزىكىغا قوشۇلاتتى. كارلىل كۆمىنىسنىڭ چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ، مەيخانىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە قاراپ قول پۇلاڭلاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

كارلىل كەينىگە قايرىلىپ قاراپ، ئۇزۇن چاچلىرى چارلاشقان بىر ئەرنىڭ ئىشىكتىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئەر ئۈستەللەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ تام تۈۋىدىكى ئىككى كىشىلىك ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغۇچە، كارلىلنىڭ پېشانىسىدىن پۈژژىدە تەر ئۆرلىدى. ئۇ «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»دا كۆرگەن رەسىم بويىچە بۇ ئادەمنى روبېرت كىنكاي دەپ تولۇق جەزملەشتۈردى. بىر كۈتكۈچى سوراپ ئولتۇرمايلا بىر بوتۇلكا پىۋا ئەكېلىپ روبېرت كىنكاينىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۈستەل ئۈستىدىكى تاختىنى ئېلىپ كەتتى. بىر مۇزىكا ئاخىرلىشاي دېگەندە كۆمىنىس يۇقىرى ئاۋازلىق ساكسوفوننى ئېلىپ پىئانىست بىلەن ئاۋازىنى تەڭشىدى.

يەنە ئىككى مۇزىكا ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۆمىنىس مىكروفونغا ئېغىزىنى توغرىلاپ گەپ ئالدى:

— مەن قەدىناس بىر ئاغىنەمگە ئاتاپ بىر مۇزىكا ئورۇنداپ بېرىمەن. بۇ مۇزىكىنى تېخى يېقىندىلا يازغان، ئىسمى «فرانسىسكا».

كۆمىنىس پەس، يارقىن ئاۋازدا مۇزىكىنى باشلىدى. ئىككى كىشىلىك ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئەر ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى

بىلەن چاچلىرىنى ئارقىسىغا تارىدى، ئالدىغا سەل ئېگىشىپ، پىۋا بوتۇلكىسىنى قامالاپ تۇتۇپ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە مۇزىكىغا قۇلاق سالدى.

مۇزىكا بىر يەرگە بارغاندا، كۇمىنس ساكسوفوننى بىر چەتكە قويۇپ، بېسىق ئوتتۇرا ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىدى:

فرانسىسكا، ئۇنتۇيمەن سېنى قانداق،
يازدىكى ئاشۇ قەدىمىي يولنى.
ئۆتسىمۇ يىللار يوقىتالمايدۇ،
كۆمۈش رەڭ تون ئارتقان ئاشۇ سىيمانى...

ناخشا ئاخىرلاشقاندا، كۇمىنس ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «كۆز ياپراقلىرى» نىڭ مۇقەددىمىسىنى ئورۇندىدى. تام تۈۋىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئەر تېخىچە پىۋا بوتۇلكىسىدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. كارلىل ئۇنىڭغا قاراپ، ۋېنى ماكمىللاننىڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىگەن چاغدىكى ھالىتىنى چۈشەندى. قەدىمىي تۇس ئالغان كۆز، ئادەمنىڭ ھاياتىدىنمۇ قەدىمىي بىلىنىدىغان كۆز. كارلىل ئۇ ئەرگە قاراۋاتقاندا كۆز ئالدىغا تېزلا ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر كەلدى: ئەنە موتسىكلىت مىنگەن بىر ئەر سانتالۇسىيە قىياسىنى بويلاپ ئۇچقاندەك كېتىپ بارىدۇ. ئەنە، ئۇ بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يان يولغا چۈشتى، چىرايلىق بىر قىز موتسىكلىت مىنگەن ئەرنى بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ ئارقىسىدا ئولتۇرىدۇ. قىزنىڭ چاچلىرى شامالدا ئارقىسىغا ئۇچۇپ تۇرىدۇ.

كۇمىنس «كۆز ياپراقلىرى» دېگەن مۇزىكىنى مۇڭلۇق ئاخىرلاشتۇرۇپ، پەستە يالغۇز ئولتۇرغان ئاغىنىسىگە قارىدى. روبېرت كىنكاي ئۆزىنى سەپەرنى بېسىپ كەلگەن ئادەمدەك ھارغىن كۆرۈنەتتى. كۇمىنس ئۇنىڭ قەيەرگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. روبېرت كىنكاي بېشىنى كۆتۈرۈپ كۇمىنسقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىدىن رازى بولغانلىقىنى ئىد-

پادىلەپ باش لىڭشىتتى.

— كۆپچىلىككە رەھمەت، سەل ئارام ئېلىۋېلىپ مۇزىكىنى داۋاملاشتۇرىمىز، — دېدى كومىنىس، ئاندىن ساكسوفوننى جازىغا قويۇپ قويدى. ئۇ سەھنىدىن چۈشۈپ تام تۈۋىدىكى ئىككى كىشىلىك ئۈستەلگە بېرىپ روبېرت كىنىكاي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككىسى پاراڭغا چۈشتى. كومىنىس پاراڭ ئارىلىقىدا پەشتاختىنا ئالدىدا ئولتۇرغان كارلىل ماكمىللانغان ئىككى قېتىم قاراپ قويدى. كېيىن چاچلىرى چارلاشقان ئادەمۇ كارلىلغا قارىدى.

«ئىشنى مۇنداق بىر تەرەپ قىلىشىم بەك ئەخمەقلىك بولۇپ قالدىمۇ قانداق» دەپ ئويلاپ قالدى كارلىل. ئۇ شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىكى، بۇ يەردىكى ئادەملەر، بولۇپمۇ بۇ ئىككى ئادەم، كومىنىس بىلەن روبېرت كىنىكاي (ئەگەر مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم شۇ بولسا) كۆپ ساندىكى كىشىلەر، بولۇپمۇ كارلىل بىلەن دەۋرداش كىشىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر دۇنيادا ياشايدۇ، ئۇلار تۇرگۇن ئەمەس، 20 - ئەسىرنىڭ 60 -، 70 - يىللىرىغا خاس كەسكىن پوزىتسىيە ئۇلاردا يوق. لېكىن، مۇنداق پوزىتسىيە ھازىر بارغانسېرى قارشى ئېلىنىۋاتىدۇ.

روبېرت كىنىكاي بېشىنى بۇراپ كارلىلغا يەنە بىر قېتىم قارىدى، ئاندىن كومىنىسقا نېمىلەرنىدۇر دېدى. كومىنىس ئورنىدىن تۇرۇپ مەيخانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ئارىلىقتا گىلېنلىۋېت ھارنىقىدىن بىر رومكا ئېلىپ بىر كۇتكۇچى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. روبېرت كىنىكاي پىۋا بوتۇلكىسىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ۋېنى ماكمىللان ناشتىلىق يېگىلى كەلگەندە ئالغاچ كەلگەن سۈرەتنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. پەشتاختىنىڭ ئارقىسىدىن تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇ چاغدا روبېرت كىنىكاي ئورنىدىن تۇرۇپ كارلىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ سەل ئاقساپ ماڭاتتى، خۇددى ئوغلىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئاتىلاردەك ھاياجان بىلەن كۈلۈمسىرەپ كېتىۋاتاتتى.

## مەنىلىك مىنۇتلار

كارلىل ماكمىللان سىئاتلدا ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلار بولدى. روبېرت كىنى-كاي ئىككىسىنىڭ سۆزلىسە – سۆزلىسە گېپى تۈگىمەيتتى. ئۇلار روبېرت كىنكاينىڭ ئۆيىدىكى ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن – ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئۇلارنى ئاتا – بالا دېگەندىن كۆرە يېقىن تونۇشقان دوستلار دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەگەر ئاتا – باللىق مۇناسىۋەتنى تىكلەيمەن دېسە، ئۇنىڭغا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋە بىر نەچچە سائەت مۇڭداشقانغا قارىغاندا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر – بىرىگە ئۇزۇندىن – ئۇزۇن تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ، گەپنىڭ مەركىزىنى ناھايىتى ئېنىق بولغان، لېكىن تازا راستتەك بىلىن-مەيدىغان ئەمەلىيەتكە يۆتكىمەكچى بولىدۇ. كارلىل ماكمىللان بىر تەنھا موتسىكلىت ماھىرىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىسى، شۇ تاپتا موتسىكلىت ماھىرى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرى-دۇ. روبېرت كىنكاي، ئاجايىپ ئارزۇ – ئىستەكلەر بىلەن دۇنيانى ئايلىنىپ چىققان موتسىكلىت ماھىرى شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ بىر ئوغۇلغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئاۋارە. ئۇ مانا ئوغلىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتى-دۇ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

روبېرت كىنكاي ئۆكۈنۈشلىرىنى مۇۋاپىق گەپ – سۆزلەر بىلەن قايتا – قايتا چۈشەندۈرمەكتە. ئۇنىڭ ئۆكۈنىدىغىنى، كارلىل مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ۋېنىغا ئازراقمۇ

ياردەم قولىنى سۇنالمىغانلىقى ئىدى.
— مەن ئاپاڭغا خەت يازغان، كارلىل، راستىنىلا يازغان-
دىم. ئەڭ يامان يېرى، سىزنىڭ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.
— يوشۇرمايمەن، كىچىك ۋاقتىمدا بۇ ئىشتىن تولىمۇ
نەپرەتلەنگەن، كاللامدىن ئۆتمىگەنىدى، — كارلىل گەپ قىلىد-
ۋېتىپ ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. ئۆينىڭ تورۈسىنى بىر قۇر
رېمونت قىلىۋەتسە بولغۇدەك، يامغۇر ئۆتكەن يەرلەر شۇنداق
سەتلىشىپ كېتىپتۇ، — ۋېنى ياخشى ئانا، ئۇنىڭ ئىش-
ھەرىكەتلىرى ۋە تۇرمۇش شەكلى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ
تولىمۇ قەيسەر ئايال، ئەزەلدىن سىزنىڭ بىر ئېغىز يامان گېپى-
ڭىزنى قىلىپ باققان ئەمەس، بۇ ئىشتا ئۆزىنىمۇ ئەيىبلىك
ھېسابلايدۇ.
ئارقىدىن ئۇ ئۆزىگە ھايات يولى ۋە ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى
ئۆگەتكەن ئۇستازى كوردى ماركوس توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى،
روبېرت كىنكاي كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.
— ھە، مەن كوردى ماركوس دېگەن بۇ ئادەمگە مىننەتدار-
لىقىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك. ئۇ ھازىر ھاياتمۇ؟
— ياق، ئۇ يېقىندا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا
ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئەگەر كوردى بولمىغان بولسا ئۆزۈم-
نىڭ ھازىر قانداقراق ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىمنى بىلمەي-
مەن، — كارلىل ئىككىلىنىپرەك سورىدى، — سىز شۇنچە
يىللاردىن بېرى ۋېنىنى ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلدىڭىزمۇ؟
بەلكىم بۇ بىر ئەخمىقانە سوئالدۇ.
روبېرت كىنكاي قولىدىكى «تۆگە» ماركىلىق تاماكا قېپىد-
دىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. سەرەڭگە قېپىدا مۇنداق
خەتلەر بار ئىدى: «دېڭىز مەنزىرىسى قاتناش مېھمانسارىيى —
ئورېگون شتاتى ئاستورىيە ئارامگاھى» ئۇ تاماكىنى قاتتىق-
قاتتىق شوراپ، سول قولى بىلەن ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى.

— ياق كارلىل، ئەگەر ئۇنى ياخشى كۆرمەن، دېسەم، يالغان ئېيتقان بولىمەن. ۋېنى ئىككىمىزنىڭ بىللە بولغان ۋاقتىمىز ئۇزۇن ئەمەس. بىزدەك نۇرغۇن ئادەملەر ئۇچۇن ئۇ يىللار داۋالغۇپ تۇرغان يىللار ئىدى، ھەممە ئادەم ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىسىنى باشقىدىن ئوبدانراق رەتلەپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ھەقىقىي نەرسىلەر بار، قۇملۇقتا يۈز بەرگەن ئىش كۆڭۈل خۇشى ئۇچۇنلا بولغان ئەمەس، مېنىڭچە بۇنى ھەر ئىككىمىز ھېس قىلغان، لېكىن، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھازىرغىچە پۇرسەت بولمىغان. بىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىزدا خاتالىق يوق. ئاشۇ كۈنى ئاخشىمىمۇ ۋېنى ئىككىلىمىز شۇنداق قاراشتا ئىدۇق. لېكىن ئەينى چاغدا ھەر ئىككىمىز ياش، ھەي، بۇنى چۈشەندۈرمەكمۇ بىر گەپ ئىكەن... — روبېرت كىنكاي بېشىنى چايقاپ كۆزلىرىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى قوللىرىغا ئاغدۇردى.

— يېقىنقى يىللاردىن بېرى ۋېنى ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، — دېدى كارلىل گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا، — قاراڭ، مېنىڭ خاپىلىقلىرىم ئاخىر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدۇم، — ئۇ بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىنى «دادا» دېگەن سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى قانداشلىق مۇناسىۋەت، ئىككىسى بىر مەزگىل بىللە ياشىسا بارغانسېرى يېقىنلىشىشى مۇمكىن، لېكىن ھازىرچە «دادا» دەپ چاقىرىدىغان دەرىجىگە بارمىدى، بەلكىم ئۇ دەرىجىگە مەڭگۈ بارالماس.

روبېرت كىنكاي ئۆڭۈپ كەتكەن پادىچى ئىشتىنىنىڭ ئارقا ئوڭ يانچۇقىدىن سېرىق رەڭلىك قولياغلىقىنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كارلىلغا قارىدى.

— ھەي ئامال يوق، نۇرغۇن يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كەت-تى، كارلىل. بەزى ئىشلارنى ئىككىمىز بىللە ئىشلىگەن بول-ساق... ھەي، ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ يىللار! — روبېرت كىنكاي قولىياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى، — كەچۈر، يېقىندىن بېرى كۆزۈم ياشاڭغىرايدىغان بولۇپ قالدى.

كارلىل ماكمىللان ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنىڭمۇ نەملەشكەنلى-كىنى سەزدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئۈستەل ئۈستىدىن ئېلىپ روبېرت كىنكاينىڭ مۈرىلىرىنى تۇتتى. ئۇ ياشىنىپ قالغانىدى، بەدىنىدە تۈزۈك گۆش بولمىسىمۇ مۈرىلىرىدىكى مۇسكۇللار قول-غا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان كۈمۈش مېدالى-ئون كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن چىقىپ چىراغ يورۇقىدا پۇلاڭلاش-قا باشلىدى. مېدالىئونغا نېمىلەردۇ يېزىلغان، لېكىن سۈرك-لىپ ئۇپراپ كەتكەچكە خەتلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. كارلىل كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مېدالىئون توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن سوراپ باقىدۇ، ھازىر ۋاقتى ئەمەس.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى كارلىل. ئۇنىڭ قوللىرى يەنىلا روبېرت كىنكاينىڭ مۈرىسىدە ئىدى، — مېنىڭچە، ئۆز دادىسى-نىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تۇرغان ئادەم بەختلىك. ئۆزۈمنىڭ قارى-شىچە، مەن ناھايىتى بەختلىك.

ئۇ روبېرت كىنكايدىن بەزى سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ باقسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ رو-بېرت كىنكاينىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى، دەرھال تارتمىنى ئېچىپ سۈرەت سېلىنغان قۇتىنى ئالدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئۆزىنى ئىپادىلەشكە تىلى ئاجىزلىق قىلسا، بۇ سۈرەتلەر ئالدىدا تۇرغان ئوغلىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى بىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ قالاتتى. ئۇ سۈرەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئۈستەل ئۈستىگە يايدى. ئەتىسى ئىككىسى پۈتۈن بىر كۈن سۈرەت كۆردى. روبېرت كىنكاي دۇنيانى ئايلىنىش جەريانىدا

كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى توختىماي سۆزلەيتتى، سۈرەتلەرنى تارتقان ۋاقىت ۋە ئورنى، ھەربىر سۈرەتنى كۆرگەن چاغدا ئېسىگە كېلىدىغان پۇراق ۋە يورۇقلۇق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. كارلىل «جۇغراپىيە ژۇرنىلى» دىن كۆپەيتىۋالغان بىر نەچچە پارچە سۈرەتنى تونۇۋالدى.

روبېرت كىنكاينىڭ بەزى سۈرەتلىرى كارلىلنى ھەيران قالدۇردى. كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىگە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان لىرىكىلىق كۆرۈنۈشلەر يوشۇرۇنغانىدى. بەزى رەڭسىز سۈرەتلەرنىڭ ئوچۇقلۇق دەرىجىسى بەك يۇقىرى ئىدى. كارلىل روبېرت كىنكاي چۈشەندۈرۈپ بەرگەن «جاكارتادىكى نامراتلار ئۆڭكۈرى» ناملىق چاتما سۈرەتلەرگە بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ بىر تۈرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

— ئۇ قېتىملىق سۈرەتكە تارتىش بەك جاپالىق بولغانىدى، — دېدى روبېرت كىنكاي. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى سۈرەتلەرگە ئىنچىكىلەپ قاراۋېتىپ چىشلىرىنى ئىختىيارسىز كىرىشتۇردى، — بۇ سۈرەتلەرنى خىراجەت ئاجرىتىشقا ئاساس قىلىش ئۈچۈنلا تارتقان، چۈنكى ئۇلار تارتىشقا ئەرزىيتتى. بەزىدە مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ قويغانمۇ ياخشى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر دۇنيادىكى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنى ئويلىغاندا پەيدا بولىدىغان خاتا قاراشلارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

روبېرت كىنكاي يەنە بىر قۇتىدىكى سۈرەتلەرنى ئالدى.

— قارا، بۇ بىر قاتار سۈرەتلەرنى بۇلتۇر شەھەر مەركىزىدىكى بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە تارتقان. مەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم تارتىپ بىر پارچىدىن يۇيۇپ بەردىم. ئۇنى رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويىسىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەۋەتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئائىلىسى بولسىلا. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئائىلىسى يوق. شۇ قېتىمقى ئىشىمدىن ئۆزۈم

بەك رازى بولدۇم. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ھېچنېمە توغرا كەل-
مەيدۇ. ئۇلار چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ تەييار بولۇپ
تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان،
ئۆرە بولغۇدەك ئەھۋالى يوق ئىدى، شۇڭا سۈرەتلەرگە باشقىدىن
ئىشلەپ دوختۇرخانا پۈرىقىنى يوقاتتىم.
روبېرت كىنكاي سۈرەتلەرنى تاللاۋاتقاندا رازىمەنلىك بىلەن
كۈلۈمسىرەيتتى، سۈرەتلەرنى بىرمۇ بىر ئېلىپ كارلىلغا چۈ-
شەندۈرەتتى:
— بۇ ئادەم ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسىم قىسقا
يوللۇق ترانسپورت شىركىتىدىكى تۆمۈريول ئىنژېنېرى ئىكەن.
ئىككى قېتىم سەكتە بولغان، قىسمەن پالەچ ئىكەن. بۇ ئايال
كابالې ئوپېراسىدا رولغا چىققان داڭلىق ناخشىچى ئىكەن. يەنە
تازىلىق ئىشچىسى، رېمونتچى، بالىلار قىستۇرما سۈرەت رەس-
ساملىرى، پاھىشىلەرمۇ بار. ئۇ ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە ئا-
جايىپ ھېكايىلەر بار، ئامال يوق، ئۇلارنى يازىدىغان يازغۇچى
بولسا ياخشى بولاتتى، — ئۇ سۈرەتلەرنى جايىغا سېلىپ قويۇپ
يەنە كۈلۈمسىرىدى.
شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار قورسىقىغا ئادەتتىكىچە قىلىپ تاماق
ئېتىۋاتقاندا، روبېرت كىنكاي ئوغلىغا شۇنداق دېدى:
— مەن بىر ئىشتا سەندىن ياردەم سورىماقچى، كارلىل.
كارلىل ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى كۈتتى ۋە
روبېرت كىنكاينىڭ چىرايىنىڭ جىددىي تۈس ئالغانلىقىغا دىققەت
قىلدى.
— مەن ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق نېگاتىۋ، پروېيكسىيە
پلاستىنكىسى ۋە سۈرەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساڭ. مەن
ھەممە نەرسىنى ئاشخانىدىكى ماۋۇ ھۆججەت ئىشكاپى بىلەن
ھۇجرامدىكى ھۆججەت ئىشكاپىغا سېلىپ قويىمەن.
كارلىل ئۇنداق قىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى دەپ تۇ-

رۇشىغا، روبېرت كىنكاي گېپى تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى بىلدۈ-
رۈپ قولىنى كۆتۈردى.
— بۇ ھايات — مامات قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ
خىل قاراشنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەس. بۇنى
كۆپرەك بىر خىل ئىچكى تۇيغۇ دېسە بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى
ۋاقىت بىلەن ھەمراھ دەپ قارايمەن، مەن پەقەت ئۇچقاندەك
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىت ئىچىدىكى بىر ماھىر. ھاياتىمنىڭ
قىممىتى مەن مۇشۇ ئۆمرۈمدە قىلغان بارلىق ئىشلىرىمدا. مەن
مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئورۇنسىز ئورۇنۇش
دەپ قاراپلا قالماي، ئۇنى يەنە بىمەنە، كۈلكىلىك دەپمۇ قاراي-
مەن.
روبېرت كىنكاي كارلىلغا قاراپ قويدى، قازاندىكى شورپى-
نى چۆمۈچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— دېمەكچى بولغىنىم، ۋاقتى كەلگەندە مەن تارتقان سۈ-
رەتلەر ھەممە يەردە ئېقىپ يۈرىدۇ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ نېمە
مەقسەتتە، قەيەرلەرگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلەلمەيمەن. مومبا-
سادىكى پرېستان ئىشچىسى ۋە مېكسىكا ئېكىنزارلىقىدىكى ئايال-
نىڭ سۈرىتى ئاخىر بېرىپ ئەرزان باھالىق ساياھەت تەشۋىقات
قوللانمىسىغا بېسىلىشى مۇمكىن. ئالتە پالاقلىق قېيىقتا دېڭىز-
غا چىققان ئەرنىڭ سۈرىتى ئاخىردا قېيىق ھەيدەشنى مەشىق
قىلىش ئېلانىغا چىقىرىلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا يامان يېرى،
مېنىڭ سۈرەتلىرىم ئەڭ ئاخىردا مەلۇم كۆرگەزمىگە قويۇلۇشى-
مۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا كىشىلەر بىر نەرسىلەرنى يېگەچ مېنىڭ
ئەسەرلىرىم ئۈستىدە بەس — مۇنازىرە قىلىشىدۇ، قانداقتۇر
ئۇلارنىڭ ئىچكى مەنىسىگە يەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن، مېنىڭ
ئەسەرلىرىمدە ئەزەلدىن ئۇنداق نەرسىلەر بولۇپ باققان ئەمەس.
ئۇلار پەقەت بىر سۈرەت، قانداقتۇر ئالاھىدە تەرىپى يوق.
— مەن ئۇنداق ئىشلارنىڭ بىرەرىنىڭ يۈز بېرىشىگىمۇ

يول قويمايمەن، ــ دېدى كارلىل.
ــ ئىشىنىمەن، هاياتلا بولساڭ شۇنداق قىلالىشىڭغا ئىشىنىمەن. لېكىن سەن بولماي قالساڭچۇ؟ ــ روبېرت كىنكاي توختالغۇدىن ئىككى قۇتا پىۋا ئېلىپ بىرىنى كارلىلغا ئۇزاتتى، ــ يەنە بىرى، مەن يالغۇز سۈرەتلىرىمنىڭ قانداق يەرلەرگە ئىشلىتىلىپ كېتىشىدىنلا ئەنسىرىمەيمەن، يەنە بايىقى گېپىمگە قايتىپ كەلسەم، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئارقامدىكى يەرنىڭ پاكىز سۈپۈرۈۋېتىلىشىنى، هېچقانداق ئىز، هېچقانداق نەرسە قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۇسۇلۇم، كارلىل، مېنىڭ شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلۇم.
ــ بولىدۇ، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن. سىزنىڭ باشقىچىرەك ئۇسۇل قوللىنىشىڭىزنى ئارزۇ قىلساممۇ، تەلىپىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمەن.
روبېرت كىنكاي كارلىلغا رەهمەت ئېيتىپ، كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى، پۇتلىرىنى يەرگە نېرى - بېرى سۈركەيتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ دېمى سىقىلدى، كۆكرىكىگە قاتتىق ئاغرىق كىرىپ مۈكچىيىپلا قالدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئىچ - باغرى ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، ياندۇرغۇسى كەلگەندەك بولۇپ توختالغۇغا يۆلىنىۋالدى، پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى.
ــ ۋاي، خۇدايىم، نېمە بولدىڭىز؟ ــ كارلىل ئەنسىز ۋارقىراپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.
روبېرت كىنكاي قول ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى توختىتىۋالدى.
ــ ئەنسىرىمىگىن، هازىرلا ئوڭشىلىپ قالىمەن، قېرىلىقنىڭ ئالامىتى، ــ دېدى ئۇ هاسىراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن چىرايىدىن قان قاچقان، قىيىنلىپ نەپەس ئالاتتى.

كارلىل ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن روبېرت كىنكاي زورۇقۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئۆتۈپ كەتتى، بۇ كاساپەتنىڭ مۇشۇنداق تۇرۇپ تۇرۇپ تۇتۇپ قويىدىغان ئىشى بار. ھازىر قويۇۋەتتى، ئوڭشىلىپ قالدىم.

— دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟ — دېدى كارلىل كۆيۈنۈش ئىچىدە.

چوڭيول ئۇستەل يېنىغا كېلىپ تۇمشۇقىنى روبېرت كىنكاينىڭ پۇتى ئۇستىگە قويدى.

— بولدى، ئۆتكەندە دوختۇرغا كۆرۈنگەن، — روبېرت كىنكاي ئىتنىڭ بوينىنى سىلاپ، ئۆسكىلەك تۇكلىرى ئارىسىغا بارماقلىرىنى چاتاق يوق ئىكەن، يۈرەكنىڭ سوقۇش رېتىمى نورمال ئەمەسكەن. تۇيۇقسىز تۇتۇپ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا كۆنۈشكە تىرىشىۋاتىمەن.

كارلىل ئۇنىڭ گەپلىرىگە تازا ئىشەنمىدى، لېكىن كوچىلاپ سورىمىدى. ئېنىقكى، روبېرت كىنكاينىڭ ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئۆزگىچە قارىشى بار ئىكەن. كارلىل بۇنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ، بەلكىم بۇنى مەڭگۈ چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتەر.

بىر سائەتتىن كېيىن، كارلىل دادىسىنىڭ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا سالامانداقا بارغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئىككىسى باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. كارلىل دادىسىدىن جەنۇبىي داكوتا شتاتىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ قولىدىن چىققان ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئەگەر خالىسا، ئايروپىلان بېلىتىنى ئۆزى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. روبېرت كىنكاي ئوتتەك بارغۇسى بارلىقىنى، باھار كېلىپ كۈنلەر ئىسسىغاندا، لېستېر ما-

گىزىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان بوۋاينى ئېلىپ ئايلىنىپ كەلسە ئوڭۇشلۇقراق بولىدىغانلىقىنى، ئاندىن لېروي مەيخاندىسىغا بېرىپ گابىنىڭ تانگو مۇزىكىسىنى بىر ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. كارلىل كېيىنىرەك سېئاتىلغا ماشىنا بىلەن قورال - سايمانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ ئۆينى بىر قۇر رېمونت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى.

ئىككىسى سۈرەت تارتىش، ياغاچچىلىق ھۈنىرى توغرۇلۇق ئۇزۇن پاراڭلاشتى، قانداق قىلغاندا ئىشنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى سۆزلەشتى.

ئەتىسى روبېرت كىنكاي كارلىلنى ماشىنىسى بىلەن سېئاتل — تاكوما ئايرودرومىغا ئاپىرىپ قويدى. روبېرت كىنكاينىڭ ئاپپارات ۋە سايمانلىرى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇنغا قويۇلغانىدى. كارلىل چىقىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئاڭلىتىلغاندا، ئىككىسى بىر - بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا قارىشىپ تۇراتتى.

— ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، — دېدى كارلىل چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ.

روبېرت كىنكاي چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.

— مەن نۇرغۇن يول باسقان ئادەم، كارلىل، لېكىن دائىم بېسىنىشقا تېگىشلىك يەنە بەزى يوللار بارلىقىنى ھېس قىلىمەن، — ئۇ سائەتكە قارىدى، — خوش ئەمىسە، مەن ئەمدى سۈرەت تارتىپ ئازراق پۇل تاپىدىغاننىڭ ئىشىنى قىلاي.

كارلىل كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ ئايروپىلانغا چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ روبېرت كىنكاي تۇرغان يەرگە قاراپ يۈگۈردى. روبېرت كىنكاي ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ، سېرىق ئاسما باغنى تارتىپ قويۇپ بەلۋېغىنى سىلىدى، ئايرودرومدىكى ئاماندلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە يېنىدىكى پىچاقنى ماشى-

ىنسىغا قويۇپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— باھار كەلگەندە يولىڭىزغا قارايمەن، — دېدى كارلىل ھاياجان بىلەن. ئۇنىڭ گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك بولدى. ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇقتۇرۇلدى.

— مەن سىزنىڭ قول ئىشلىرىمنى كۆرۈپ بېقىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى كارلىل گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ گېلىنى قىرىپ قويدى،

— دېمەكچى بولغىنىم... بالا دېگەن دادىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئىككىسى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى. كارلىل قولىدىكى سومكىسىنى يەرگە تاشلاپ روبېرت كىنكاينى مەھكەم قۇچاقلىدى، روبېرت كىنكايمۇ ئوغلىنى باغرىغا باستى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيمەن! دادا! مەيلى نېمە بولسۇن، مەن ئۇچۇن ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — ئۇ سېرىق ئاسما باغنىڭ بىر تەرىپىنى تارتىپ يەنە ئاستا ئۆزىگە قويۇپ بەردى.

كارلىل ئايروپىلاننىڭ چىقىش ئېغىزىغا بارغاندا يەنە قايرىلىپ دادىسىغا قارىدى، چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى. ئۇ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى داسۇرنىڭ يولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بىر موتسىكلىت ماھىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغلاردا دۇنيا ئۇنچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، بەزى ئادەملەر ئۇچۇن ئەركىنلىك ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى. 68 ياشقا كىرگەن روبېرت كىنكاي ئۆزىنى رۇس تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشاتتى، قوللىرىنى ئۆگۈپ كەتكەن پادىچى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالغانىدى، كارلىلغا باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى، ئوغلى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان، ئاران كۆرۈشكەندە قانغۇدەك بىللە بولالمىغان ئاتىلارغا خاس كۈلۈمسىرەيتتى.

روبېرت كىنكاينىڭ ئارقا تەرىپىدىن سىنگاپورغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىدىغان ۋاقىتنى ئۇقتۇرۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. سىرتتىكى ئۇچۇش يولىدا بوئىن 747 تىپلىق ئايروپىلان سۇر-ئىتىنى بارغانسىرى تېزلىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ جاكارتا ياكى باڭكوك ۋە ياكى كالكوتتاغا بېرىشى مۇمكىن. خىزمەتچى خادىم-لار كارلىل ماكمىللان كىرىپ بولۇشىغا كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىشىكىنى ياپتى. روبېرت كىنكاي نەزىرىنى يۆتكەپ، بايىقى ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بولۇتلار ئارىسىدا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق چوڭ ئايروپىلان مەلۇم يەرگە قاراپ ئۇچىدۇ، ئۇنىڭ تەنھالىقتا ئۆتۈۋاتقان كۆنلە-رى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ ئۆزىدە بىر خىل رازىمەن-لىك ھېس قىلدى.

# ئۆچكەن ئىزلار

بىر مەزگىلگىچە، روبېرت كىنكاينىڭ يېپيېڭى دۇنياسى پۈگۈت قولتۇقىدىكى نەمخۇش تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتتى. ئۇ كىچىك ئۆيىنى تازىلىدى، كىيىملىرىگە دەزمال سالدى، كۆپرەك ۋاقتىنى كۇمىنسقا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن ئۆتكۈزدى، باھار كىرگەندە جەنۇبىي داكوتاغا كارلىلنى يوقلاپ باردىغانلىقىنى ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. ئۇ كارلىل ۋە ۋېنى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇردى، ھەربىر پارچە خەتتە ئۇلار كۆرۈشكەندە دېيىشەلمەي قالغان ئىش ۋە ئەسلىمىلەرنى يېزىشتى. روبېرت كىنكاي ھەتتا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈشكىمۇ كېلىشىپ قويدى.

لېكىن، ئىشلار ئۆزگىرىمەن دېسە بىردەملىكلا ئىكەن. كارلىلنى دېنۋېرغا ئۇزىتىپ قويۇپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈشكە بېرىشتىن تۆت كۈن بۇرۇن، روبېرت كىنكاي يۈرەك كېسىلى قاتتىق قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ كىچىك ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز جان ئۈزدى، ئىتى چوڭيولنىڭ مۈڭلۈك ھوۋلىشىدىن گۇمانلىنىپ بىر قوشنىسى كىرمىگەن بولسا ئۇنىڭ جەسىتى بۇ ئۆيدە قانچە ۋاقىت ياتاتتىكىن. ئۇ كارلىل بىلەن ۋېنىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى ئاغىنىسى كۇمىنسقا قالدۇرۇپ قويغانىدى. كۇمىنس تېلېفون بېرىپ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، كارلىل ئاپىسىغا تېلېفون بېرىپ روبېرت كىنكاينىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ۋېنى ماكمىللان ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى ۋە دەپنە مۇراسىمىنىڭ ئورۇنلاش-

تۇرۇلۇشنى سورىدى.

— دادامنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ بوپتۇ، — دېدى كارلىل، — ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئادۋوكاتلار ئۇرنى جەسەت كۈلىنى بىر يەرگە ئاپىرىپ چېچىۋەتكۇدەك، قەيەرگە چاچىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمىدى.

كارلىل سېئاتلىغا دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى. روبېرت كىنكاي ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر باغاقچە ئاشخانىدىكى ھۆجەت ئىشكاپىغا چاپلاپ قويۇلغانىدى: «كارلىل، ھەممە نەرسە مۇشۇ ئىشكاپ بىلەن ھۇجرامدىكى ھۆججەت ئىشكاپىدا. ئۇ ئىشقا ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت تۇڭىنى ئىشلەتكىن. رەھمەت سا. ڭا، خېلى ۋاقىتلارغىچە سېنىڭ ئۆز ئوغلۇم ئىكەنلىكىڭنى ئويلىساملا غەلىتىلىك ھېس قىلىپ يۈرگەنىدىم، ھازىر ئاساسەن كۆنۈپ قالدىم. يەنە كېلىپ، سېنى كۆرىتىپ باقسام، سەن ھەقىقەتەن دادالىڭ ئارزۇ قىلغاندەك ياخشى بالا بوپسەن. ئەگەر ماڭا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئىتىم چوڭيولنىڭ ھالىدىن كۆمىنىس خەۋەر ئالىدۇ.»

كارلىل ئاشخانىدىكى كونا ئۇستەل ئالدىدا بىرەر سائەت ئولتۇردى. توڭلاتقۇنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى ئۇنىڭ روبېرت كىنكاي توغرۇلۇق ئارغىنا ئەسلىمىلىرىنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆپرەك ئەسلىمىلەرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ گېزىت. لەرنى پۇرلەپ ئەخلەت تۇڭىغا ئوت تۇتاشتۇردى. كارلىل ئاشۇ سۈرەتلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆرگىنىدە روبېرت كىنكايغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالماقچىمۇ بولدى، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس، قىلغان لەۋزىدىن يېنىۋالسا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرىپى، ئۇ روبېرت كىنكاينىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنىڭ تېگىگىمۇ يېتىپ قالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى: «… مەن ئارقامدىكى يەرنىڭ پاكىز سۈپۈرۈۋېتىلىشىنى، ھېچقانداق ئىز، ھېچقانداق نەرسە قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن.»

دېكابىرنىڭ ھاۋا ئوچۇق، ئاچچىق سوغۇق بىر كۈنى،
كارلىل ئەخلەت تۆكىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ پروپېكسىيە ۋە
نېگاتىۋلارنى ئوتقا بىر - بىرلەپ تاشلىدى، روبېرت كىنكاينىڭ
بىر ئۆمۈر ئاققۇزغان قان - تەرىنىڭ كۈلگە ۋە كۆكۈچ ئىسقا
ئايلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى. چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈ-
لۈپ تۇرغان مومباسا پرىستان ئىشچىسى، مېكسىكىدىكى بىر
ئېتىزدا تۇرغان قىز، ھىندىستاننىڭ پېررىيار كۆلىنىڭ بويىدى-
كى قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدا مارىلاپ تۇرغان يولۋاس، شىما-
لىي داكوتا شتاتىدىكى كومبايىن ئۈستىدىن قاراپ تۇرغان سو-
غۇق چىراي ئەر، باسكې رايونىدىكى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان
تاغ چوققىسى ۋە مالاككا دېڭىز بوغۇزىدىكى دېڭىزغا چىققان
ئەزىمەتلەر... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىدا دېكابىرنىڭ بىر
ئەتىگىنى ئەخلەت چېلىكىدە ئاستا - ئاستا قورۇلۇپ ھاياتىي
كۈچىنى يوقاتتى.

كارلىلنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇشىغا ساق ئۈچ
سائەت كەتتى. ئۇ پات - پاتلا توختاپ، بىرەر پارچە پروپېكسىد-
يىنى يورۇققا تۇتۇپ قاراپ كېتەتتى، ئاندىن ئۇنى ئەخلەت
تۆكىدىكى ئوتقا تاشلايتتى. ئەڭ ئاخىردا ھۇجرىدىكى ھۆججەت
ئىشكاپىنىڭ ئاستى تارتمىسىدا مانىلا قەغىزىدىن ياسالغان چوڭ
بىر كونۋېرت ۋە بىر ئاق قۇتىلا قالدى. كارلىل كونۋېرتنى
ئېچىپ ئىچىگە قارىدى، ئىچىدە پۇتۈنلەي خەت، 20 پارچىدەك
بار ئىدى. كارلىل بىر پارچە خەتنى ئېلىپ قارىدى، كونۋېرتى-
نىڭ ئاغزى چاپلانغان، لېكىن خەت ئەۋەتىلمىگەنىدى. قالغان
خەتلەرمۇ شۇنداق، ئىئوۋا شتاتى ۋىنتېرساتېر RR2، فرانسىس-
كا جونسون، دېگەن ئادرېس يېزىلغانىدى.

كارلىل دادىسىنىڭ 60 - يىللاردا يازغان لەمپىلىك كۆۋ-
رۈك توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئېسىگە ئالدى، «ۋىنتېرسىت»
دېگەن يەر ئىسمى گۈپپىدە يادىغا كەلدى. ماقالىدە ئاشۇ كىچىك

شەھەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ساكسوفونچى كۇمىنىس ئۆتكەندە «فرانسىسكا» دېگەن بىر ناخ-شىنى ئورۇندىغانغۇ؟ كارلىل يانچۇقىدىن سەرەڭگە ئېلىپ، قې-پىغا ئىسىم ۋە ئادرېسىنى يېزىۋالدى. بىر خىل قىزىقىش بار-غانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، ئۇ بىر كونۋېرتىنى ئېلىپ نېرى - بېرى ئۆرۈپ تۇرۇپ كەتتى. ياق، ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، مانىلا قەغىزىدە ياسالغان چوڭ كونۋېرتنىمۇ ئوتقا تاش-لىدى.

كارلىل كونۋېرت كۆيۈپ بولغۇچە قاراپ تۇردى، ئاندىن ئاق قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، بىر نەچچە پارچە رەڭسىز سۇرەت ئۈستىگە يېپىلغان نېپىز قەغەزنى ئاۋايلاپ ئالدى. ئەڭ ئۈستىدى-كىسى مەلۇم يەربىرىكى بىر فېرمىدىكى چىتلاقىقا يۆلىنىپ تۇر-غان بىر ئايالنىڭ سۈرىتى ئىدى، ئايال ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. كارلىل ئويلاپ قالدى، پەقەت پىشقان ئاياللاردىلا مۇشۇن-داق گۈزەللىك بولىدۇ. ئايال بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان پادىچى ئىشتان كىيگەن، نېپىز مايكىسىدىن كۆكسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى، قاپقارا چاچلىرى سەھەرنىڭ سەلكىن شا-مىلىدا سەل ئۇچۇپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى، ئۇ خۇددى سۈرەت ئىچىدىن ھازىرلا مېڭىپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئاستىدىكىسىمۇ ئاشۇ ئايالنىڭ سۈرىتى ئىدى، لې-كىن چىرايى تازا ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن، باشلىرىدىن تار-تىپ يېپىنچىغا ئورالغان. بۇ تەسىراتچىلىق ئېقىمىغا مەنسۇپ ئەسەردەك قىلاتتى. سۈرەتتىكى ئايالنىڭ چىرايى مىسكىن، مەڭگۈ قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىغان نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان-دەك كەيپىياتتا ئىدى.

كارلىل بۇ ئىككى پارچە سۈرەتنى بىر چەتكە ئايرىپ قو-يۇپ، قالغان سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتقا تاشلىدى. سۈرەت-

لەر ئوت ئىچىدە تولغىناتتى. ئۇ ئىلىپ قالغان ئىككى پارچە سۈرەتكە قايتىدىن ئىنچىكىلەپ قاراشقا باشلىدى.

كارلىل ماكمىللان ئىچىنى تولدۇرۇپ ئىغىر تىنىدى، ئاندىن پۇگىت قولتۇقىغا نەزەر تاشلىدى. يىراقتا بىر قۇتان سەھەردىكى دېڭىز يۈزىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. شۇ كۈنى ئىئوۋا شتاتىدىكى بىر ئايال ئۆيىدىن چىقىپ روسمان دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆۋرۈككە قاراپ ماڭغان ۋاقىتتا كارلىلنىڭ قولدىكى فرانسىسكا جونسوننىڭ ئىككى پارچە سۈرىتى ئاستا سىيرىلىپ ئوتقا چۈشتى.

# خاتىمە

شۇنداق قىلىپ، كۆپ خىل ئاقىۋەتلەر بايان قىلىنغان بۇ ئەسەرنىمۇ تاماملىغان بولدۇق. «كۆۋرۈكتە قالغان چۈش» دېگەن ئەسىرىمدە بايان قىلغىنىمدەك، فرانسىسكا جونسون 1989- يىلى يانۋاردا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ جەسەت كۈلى روسمان كۆۋرۈكىگە — سەككىز يىل ئىلگىرى روبېرت كىنكايىنىڭ جەسەت كۈلى چېچىلغان يەرگە چېچىلدى. 1981 - يىلى فرانسىسكا جونسون قىزى كارولىن ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ ئورنىدىن قوپقاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ۋاشىنگتوننىڭ بېللىڭخام دېگەن يېرىدىكى هايۋانات دوختۇرخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، روبېرت كىنكايىنىڭ بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئىتىنى كۆرسىتىدىغان دوختۇرخانىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دېس مويىنېس كۇتۇپخانىسىنىڭ تېلېفون دەپتىرىدىن سېئاتىل دوختۇرخانىسى ۋە باشقا بارلىق دوختۇرخانىلارنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرىنى تاپتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىدىن روبېرت كىنكايىنىڭ هازىرقى ئادرېسى تېپىلدى، لېكىن تېلېفون نومۇرى يوق ئىكەن. ئۇ، روبېرت كىنكايىنىڭ تۈكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئىتى بار، دېگەن ئۇچۇرغىلا ئىگە بولدى.

فرانسىسكا جونسون سېئاتلغا مېڭىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پوچتىخانا خادىمى ئۇنىڭغا بىر پوسۇلكا ئەكېلىپ بەردى. پوسۇلكىنىڭ ئىچىدە سېئاتلدىكى ئادۋوكات يازغان بىر پارچە خەت بار ئىدى، خەتنىڭ بېشىغا مۇنۇلار

يېزىلغان: «بىز يېقىندا ئالەمدىن ئۆتكەن روبېرت. ل. كىنكاي-
نىڭ مال - مۈلكىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولىمىز.»

پوسۇلكا ئىچىدە يەنە روبېرت كىنكاينىڭ بىر نەچچە ئاپپارا-
تى، بىر بىلەزۈك، 1978 - يىلى فرانسىسكاغا يازغان بىر پارچە
خەت بار ئىدى. ئۇ بۇ خەتكە كېيىنكى ۋاقىتتىمۇ ئۆزگەرتىش
كىرگۈزمىگەن، شۇڭا خەتتە كارلىل ماكمىللان توغرۇلۇق گەپ
يوق ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، روبېرت كىنكاي ئاخىرقى
ھېسابتا ئارقىسىنى يەنىلا پاكىز سۈپۈرۈۋېتەلمىگەن. چۈنكى،
ئۇ بىر نەچچە نەرسىسىنى فرانسىسكا جونسونغا قالدۇرۇپ كەت-
كەن. نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلدى، بۇنى بىر ئۇنىڭ ئۆزى
بىلىدۇ.

كارلىل ماكمىللانغا كەلسەك، ئۇنىڭ مەشھۇر يېگس ناھى-
يىسى ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى ئۇنى كىچىكىدىن
بېقىپ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن بىر ئائىلىغا مۇناسىۋەتلىك
ئىشلارنى تەپسىلىيرەك بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەلكىم
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ھېكايىنىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بېرىش
نېسىپ بولۇپ قالار.

ساكسوفونچى كۈمىنس 85 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قال-
دى، ھازىر تاكومادىكى بىر سارايدا تۇرىدۇ. بويۇن ئومۇرتقىسى-
نىڭ چاتىقى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرى كۈيۈشىدىغان بولۇپ قالدى،
شۇڭا مەيخانىدا ساكسوفون چالىدىغان ئىشنى تاشلىدى، لېكىن
بەزىدە ساكسوفوننى قولىغا ئېلىپمۇ قالىدۇ. ئادەتتە گۇگۇم
چۈشكەن مەزگىللەردە «كۈز ياپراقلىرى» دېگەن مۇزىكىنى
مۇڭلۇق چېلىپ، قەدىناس ئاغىنىسى روبېرت كىنكاينى ئەسلەي-
دۇ. روبېرت كىنكاي بىلەن فرانسىسكانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
ئىشلاردىن كۈمىنسنىڭ ئاز - تولا خەۋىرى بار، لېكىن روبېرت
كىنكاي فرانسىسكانىڭ فامىلىسى ۋە قەيەردە تۇرىدىغانلىقى توغ-
رۇلۇق ئەزەلدىن ئېغىز ئېچىپ باققان ئەمەس. كۈمىنسنىڭ





ئۆيىنىڭ تېمىدا لەمپىلىك كۆۋرۈك تارتىلغان بىر پارچە سۈرەت
بار، ئۇنىڭغا روبېرت كىنكاي ئىمزا قويۇپ بەرگەن. نېمىشقى-
كىن، كۇمىنىس بۇ سۈرەتنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، مۇزىكا چال-
غاندا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ چالىدۇ.

چوڭ يولنى، روبېرت كىنكاينىڭ ئوۋ ئىتىنى كۇمىنىسنىڭ
جيەنى بېقىۋالدى. روبېرت كىنكاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن
ئۇ يەنە تۆت يىل ياشىدى. «هاررى»، 1954 - يىلى ئىشلەپچىقى-
رىلغان چېۋرولېت ماركىلىق ماشىنا قانداق بولدى؟ بۇ مەن ئەڭ
ئاخىردا ئاشكارىلىماقچى بولغان ئىشلارنىڭ بىرى. تەكشۈرۈش
ئارقىلىق بىلىشىمچە، «هاررى» خۇددى فراسېسكا، چوڭ يول،
روبېرت كىنكاي ۋە باشقا هەر بىر شەخسكە ئوخشاش هاياتىي
كۈچكە ئىگە ئىكەن. مەن ئاخىر ئۇنى تاپتىم. ئۇ تولۇپ - تاشقان
مېهىر - مۇهەببەت بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، هازىر جەنۇ-
بىي داكوتا شتاتىدا تۇرىدۇ. كارلىل ماكمىللان بىر خىل قىزى-
قىش ئىچىدە «هاررى»نى ماشا هەيدەتكۈزۈپ باقتى، ئۇنى هەي-
دەپ رولفىيت ئەتراپىدىكى سەهرا يولىنى بىر ئايلىنىپ كەلدىم.
ئالدىدىكى ئەينەكتىن ئوڭغۇل - دوڭغۇل يول ئېنىق كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ. «هاررى» بىلەن روبېرت كىنكاي بىللە باسقان بارلىق
يوللار، گۈزەل، ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتكەن سەپەرلەر، گۈزەل
كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدەش جەريانىدا ئۇچراتقان ئاجايىپ مەنزىرىلەر
كۆز ئالدىمدا تېزلا نامايان بولدى. كارلىل ماشا يەنە بىر ساندى-
دۇقنى ئېچىپ بېقىشنى ئېيتتى. ساندۇقنى ئاچسام، بىر بۇر-
جىكىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن بىر نام كارتىسى چىقتى، ئۇنىڭغا،
روبېرت كىنكاي، ماقالە بىلەن تەمىنلىگۈچى، فوتوگراف، دې-
گەن خەتلەر ئۇرۇلغانىدى. توختاشلار، يەنە بىر نەرسىمۇ بار
ئىكەن. ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئەسكى لاتىغا ئورالغان كوداك
ماركىلىق بىر لىنزىمۇ چىقتى، لېكىن ئىشلىتىلمىگەنىكەن.

مەن بۇ شېئىرنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن، ئۇ مېنىڭ
هاياتىمدىن، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن دەقىقىلەردىن ئاپىرىدە
بولغان:

دېڭىز بويى، تاغدىن چىققان سۇ
ئۆتەر يانار تاغ بويى — ساھىلدىن.
كېلىدۇ لەرزان ئويناپ بۇ تەرەپكە.
سۇنىڭ رەڭگى
زەڭگەردىن ئۆزگىرەر سۆسۈن رەڭگە.
ئاشۇ يىراقتىكى ساھىلدا
بىر سائەت ئىلگىرى
كۆرگەنىدىم بىر دېڭىز پىلى،
بەھەيۋەتتۇر قامىتى.
مانا بۇ كالىفورنىيە دېڭىز ياقىسى،
كۆز پەسلى قۇملىرى ئىللىقتۇر شۇنچە.
پۇتۇمدا رېزىنكە ئۆتۈك،
تۇرىمەن ئۇندا مەزمۇت،
سۇغا چۇشسەمۇ ئەركىم ئۆزۈمدە.
تۇرىمەن ئېقىن ئىچىدە،
نەزىرىم ئېقىن ئارا بارىدۇ
تىنچ ئوكيان ئىچكىرىسىگە.
كارلىل ماكمىللاننىڭ ئانىسى
ئىلگىرى ياتقان مۇشۇ ساھىلدا،
روبېرت كىنكاي دېگەن بىر ئەر،
ھەمراھ ئىدى ئۇنىڭ يېنىدا.
ئۇ شۇنداق بىر فوتوگراف
نۇر قوغلاپ ئۆتكەن.
چۈنكى ئاشۇ نۇر
يول ئۇستىدە ئۇنى بەك كۈتكەن.
ئۇ 1945 ـ يىلى.
تەلىيى بار ئۇنىڭ
ئامان قالغان دۇنيا ئۇرۇشىدا.
ئاستىدا موتسىكلىت،
كېيىن كەلگەن مۇشۇ جايغا.
كۆلۈشكەن قاقاقلىشىپ

هاياتنىڭ ئالتۇن چىغىدا.
قىپقىزىل ۋىنو
ئىچىشكەن دېڭىز بويىدا.
ئەنە شۇ يەردە ئاپىرىدە بولغان
كارلىل ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا.
زۇمرەتتەك ئېقىن،
تىكلىنۋالاي جازىنى
توغرىلاپ ھەم ئاپپاراتنى
ئەسلەپ قالدىم كېنكاينى
ھەمدە ۋېنى ماكمىللاننى.
ئاقار سۇ ئايغىم يالاپ،
تاڭ ساباسى
ئۇچار سۆيۈپ قارىغايلارنى
سۈرەت ئاخىر بېرىپ
ئېسىلدى مۇزېيغا.
مۇزېي مەسئۇلى
سورايدۇ تېلېفون بېرىپ:
قۇم ئۇستىدە سۇنىڭ ئاققىنى
راستمۇ ۋە ياكى يالغان؟
جاۋاب بەردى قىز:
قۇم ئۇستىدە سۇ ئاققانغا
ھېچبىر كىشىنىڭ
ئىشەنگۈسى كەلمەس ھېچ قاچان.
مەن دەيمەن ئاڭا:
يانار تاغنىڭ كارامىتى ئۇ
ئەسىرلەر ئىلگىرى پارتلىغان.
ئۆتۈپ قالدىم كېيىنكى كۈندە
تاسادىپىي يەنە شۇ يەردىن ...
... روبېرت كېنكاي بىلەن يانمۇ يان.

ئۇ ئۆيدىن ناھايىتى يىراق ئەمەسمۇ. ناھايىتى يىراق.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyOTYyOTYuemlw",
"filename_decoded": "40296296.zip",
"filesize": 49024999,
"md5": "af49b93da21e0934bc8a081e5c1ba259",
"header_md5": "256b2e0e81b38baffbd76741b0746c23",
"sha1": "5b66cfc2f52e57e450ee25ced9d9fa26b05e4125",
"sha256": "dbe712cd55e8ec21c99a467f5418bc293e72f987e594aecd43d78060f2d331d1",
"crc32": 2691065287,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 52322559,
"pdg_dir_name": "\u251c\u256c\u2567\u2561\u2514\u255a\u255f\u253c\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40296296",
"pdg_main_pages_found": 233,
"pdg_main_pages_max": 233,
"total_pages": 243,
"total_pixels": 882308224,
"pdf_generation_missing_pages": false
}